«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا سوۋغا (1

# ئەلۋىدا، ئايجامال

## (پوۋېستلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«تۆرپان» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا سوۋغا (1)

# ئەلۋىدا، ئايجامال

## (بوۋىستلار)

باش تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا
مۇھەممەت شاھنىياز
تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا
تۇرغۇن جالالىدىن

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# كىرىش سۆز

خەلقىمىزنىڭ مەنىۋي تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، روھىيىتىنى دەۋرنىڭ يېڭى — يېڭى ئىلغار پىكىرلىرى بىلەن بېزەپ ئىستېتىك زوق، مەنىۋي ئوزۇق بېغىشلاپ كېلىۋاتقان «تۇرپان» ژۇرنىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرى مەھكىمە ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى، ۋىلايىتىمىز ئىچى، سىرتىدىكى قەلەم ساھىبلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، شۇنداقلا تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ توختاۋسىز ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە 25 يىللىق مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتتى. ئىدىقۇت ئەدەبىيات — سەنئەت بېغىدىكى «تۇرپان» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ گۈل 100 غۇنچىنى پورەكلىتىپ، خۇش ھىدلىرى بىلەن ئەجدات روھىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن ھېكمەت دۇردانىلىرىنى خەلقىمىزنىڭ روھىيەت ئالىمىدە جۇلالاندۇرۇپ كەلدى. دەۋرنىڭ ئەڭ نازۇك تىۋىشلىرىغا دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرالايدىغان، مەنىۋىيەت چوڭقۇرلۇقىدىن مەنا يۇكسەكلىكىنى تاپالايدىغان ھوشيار قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ مېھنىتىگە مۇناسىپ سورۇن ھازىرلاپ كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، ۋىلايىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قۇتلۇقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم نادىر

ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىي قىممەت جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى تىل ماھارىتى جەھەتتە بولسۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەر بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە نەتىجىلىرىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روھىيىتىمىزدىكى يىتتۈرۈپ قويغان، يىتتۈرۈپ قويۇۋاتقان ھېسلىرىمىزدىن بىشارەت بېرەلەيدۇ؛ مەدەنىيىتىمىزنىڭ نۇرانە ئىزلىرىنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدا تۆرۈپ سۈرەتلەپ، ئۇنتۇلغۇسىز بەدىئىي زوق بېرەلەيدۇ؛ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم بېسىۋاتقان ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۆرنەك بولالايدۇ.

نۆۋەتتە بىز، بۇ توپلامنى تۈزۈش داۋامىدا بىزنى قوللىغان رەھبەرلەرگە، مىللەتلەر نەشرىياتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارغا، ئەسەر تەۋسىيە قىلغان يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارغا، جۈملىدىن بىزنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئابلىز ياقۇپقا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

— تۈزگۈچىدىن.

# مۇندەرىجە

**ھېلىمنىياز قادىر**

ئەلۋىدا، ئايجامال ........................ (1)

**ئۆمەر نوھ**

سۈبھىدە چاقنىغان نۇر ........................ (117)

**ياسىن نىياز**

بوشلۇق ........................ (163)

**دىلشات قېيۇم نۇر**

قاق بولغان ئالما ........................ (271)

هېلىمنىياز قادىر

# ئەلۋىدا ئايجامال

## 1

ئەتىياز پەسلىنىڭ ئاخىرى. كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىغاندەك قىلغان بىلەن كېچىسى خېلىلا سوغۇق. مۆزدەك شامال كېچىسى سەپەر قىلغۇچىلارنى خېلىلا تەمتىرىتىدۇ.

كېچىنىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي تاڭ ئەمدىلەتىن سۈزۈلۈشكە لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ يازلىق ئوردىسى ھېسابلانغان ھەشەمەتلىك دالانكارىز ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ مىلتىق ئاسقان، ئات يېتىلىگەن 4 ئەر، كەينىدىن 2 چىرايلىق مەپە ۋە قوش ئات قوشۇلغان 3 ھارۋا چىقىپ كەلدى. ئۇلار دەرۋازىدىن سەل ئۇزاپ ئوچۇقچىلىققا چىققاندىن كېيىن بېشىغا قاما تۇماق، ئۇستىگە تاشلاقلىق جۇۋا كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىرى ھەممەيلەننى توختىتىپ:

—زاھىر بىلەن ئاۋۇت ئالدىدا، مەن سامۇت بىلەن كەينىدە ماڭىمىز. مەپە، ھارۋىلار ئوتتۇرىدا ماڭىدۇ، يولدا سەگەك بولۇڭلار، —دېدى.

جۇۋا كىيىشكەن 4 ئەر ئاتلىرىغا مىنىپ مەپە — ھارۋىلارنىڭ ئالدى — كەينىگە ئۆتۈشتى. بۇلارنىڭ مۇنداق سەھەر يولغا چىقىشىدىن يىراققا سەپەر قىلىدىغانلىقىنى، قوراللىق كىشىلەرنىڭ مەپىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ

مېڭىشىدىن بىرەر ئەنسىزلىك ئىچىدە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغاندا، ئۇلار دالانكارىزدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقىنى 50 ياشلاردىكى مەرگەن، قورۇلچى لەقەملىك زاھىر، ئۇنىڭ 22 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزىدىن شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان 2 — ئوغلى ئاۋۇت؛ كەينىدە كېلىۋاتقانلارنىڭ تۇماق كىيگىنى ئوردىنىڭ غوجىدارى سادىق كاھ، يەنە بىرى زاھىر قورۇلچىنىڭ كەم سۆز، يۇۋاش، لېكىن، ئىشچان ئوغلى سامۇت ئىدى.

ئالدىدىكى مەپىدە ۋاڭلىق تۇزۇم ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ چىڭۋاڭ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تايىپ بەگنىڭ خوتۇنى مېھرىۋان ئاغىچا، تايىپنىڭ ئىنىسى يۇنۇس بەگنىڭ خوتۇنى زۆھرە ئاغىچا، ئىنىكئانا زەينەپ؛ 2 — مەپىدە تايىپنىڭ باشقا ئانىدىن تۇغۇلغان سىڭلىسى ئايجامال، ئۇنىڭ دىدىكى پاتىمە، دىدەك ئايشەملەر ئولتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كەينىدىكى 3 ھارۋىغا ساندۇق ۋە تاغارلار بېسىلغان. ئۇلار 2 سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن تۈز ھارۋا يولى تۈگەپ قۇم ۋە شورلۇق كاتاڭ يولغا چىقىپ يۇرمۇڭ چۆللۈكىگە قەدەم باستى.

يول ئەگرى — توقاي، بەزىدە چوڭ قۇم بارخانلىرىنى ئەگىپ ئۆتىدۇ. ھارۋا، مەپىگە قوشۇلغان ئاتلار شۇنچە تىمەن بولسىمۇ، يولنىڭ ناچار، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھارۋىنى ئاران — ئاران سۆرەپ باراتتى. كاتاڭ تولا يولدا سىلكىنىشكە چىدىمىغان مېھرىۋان ئاغىچا قەھرى — غەزىپى بىلەن مەپىكەشكە:

— ھوي سۆرەلمە، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ كۆزۈڭگە قاراپ

ھەيدىسەڭچۇ، سىلكىنىپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلەي دېدى، — دەپ كايىيتتى.

مېھرىۋان چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە مەپە ئەينىكىدىن كۆز يەتكۈسىز چۆللۈككە قاراپ، خۇرسىنغان ھالدا:

— خۇدايىم، تارتقۇلىقىمىز بار ئوخشايدۇ، مەپە سىلكىپ ھالىمنى قويمىدى. ئالدىمىزدا قانداق جاپا، خورلۇقلارنى تارتۇرمىز؟ — دېدى.

— كۆرپىنى قېلارتىپ بېرەي ئاغىچام، ئاز غەيرەت قىلسىلا، دىغار كارىزغا يېتىۋالساقلا ھاردۇقلىرى چىقىپ قالىدۇ. «يول ئازابى — گۆر ئازابى» ئەمەسمۇ؟ بۇ يېغىلىقلارنىمۇ خۇدايىم كۆتۈرىۋېتەر، — دەپ تەسەللىي بېرەتتى زەينەپ ئانا.

— بېگىممۇ بىز بىلەن ماڭسا ئوبدان بولاتتى، ئېگىز ئورىدىدا قالغىنىدىن ھېچلا كۆڭلۈم خاتىرجەم ئەمەس، كۆزۈم ئۈيقۇغا بارسىلا قارا باسىدۇ. ۋايجان ··· بۇ دەيۈز قاراپ ھەيدىسىچۇ، — دەيتتى مېھرىۋان. زۆھرە ھېچ گەپكە ئارىلاشماي جىمجىت كېتىپ باراتتى. مەپە شورلۇق يولدىن چىقىپ يۇمشاق قۇم يولغا چۈشتى، گەرچە ئاتلار قىينالسىمۇ

مەپە چاقلىرى قۇم سورۇپ، سىيلىق ماڭاتتى. ئەتىگەندىن نەچچە قات كۆرپە ئۈستىدە ۋايساپ كېلىۋاتقان مېھرىۋان ئەمدى سەل تىنچلىنىپ، ئەسنەپ، مەپىنىڭ يېنىك چايقىلىشى بىلەن ئەللەيلىگەندەك ئويقۇغا باش قويدى.

شۇنچە كەڭرى يەر — زېمىنغا ئىگە، چوڭ باي تايىپ بەگ ئائىلىسىدىكىلەر ئەنسىزلىك ئىچىدە نېمە ئۈچۈن چۆل — جەزىرىگە سەپەر قىلىدۇ؟ جان ھەممىلا ئادەمگە تاتلىق، بولۇپمۇ ئاشۇ قات — قات كۆرپىلەر ئۈستىدىكى خېنىم — ئاغىچىلارغا تېخىمۇ تاتلىق.

1931 – يىلى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن تۇرپان دىيارىدىمۇ مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدا ئىنقىلاب مەشئىلى ياندى. قوزغىلاڭچىلار سېپى كۈنسايىن كېڭىيىپ جىن شۇرىن ھاكىمىيىتىگە تەھلىكە بولۇپلا قالماستىن زومىگەر بايلارغىمۇ چوڭ تەھلىكە سالغانىدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئۆلگىدەك قورقۇپ، ئۇزۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان تايىپ بەگ غوجىدارى سادىق كاھنى قوزغىلاڭچىلار ئەھۋالىنى تىڭ – تىڭلاپ كېلىشكە ئاستانىغا مەخپىي ئەۋەتكەنىدى. سادىق كاھ، مەخسۇتباي باشچىلىقىدا قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرىنىڭ قومۇلغا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا كەتكەنلىكى، ئۇلار قومۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇرپانغا كېلىپ ئىنقىلاب ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتماقچى ئىكەنلىكىنى تايىپ بەگكە مەخپىي يەتكۈزگەندىن كېيىن، تايىپ بەگ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ ۋاڭلىق جەننىتىنىڭ گۈمران بولۇشىغا كۆزى يېتىپ ئۆز – ئۆزىگە:

– ھەي مەخسۇتباي، مەخسۇتباي سېنىڭ نېمەڭ كەم ئىدى؟ يالاڭتۆشلەرگە باش بولۇپ غەليان قىلىپ! ئۇلار كەلسە بىز تۈگىشىمىز. ياق، ياق چارە تېپىش كېرەك، – دەپ پىچىرلايتتى.

تايىپ بەگ بىر قانچە كۈن باش قاتۇرۇپ بىر ھىيلە تاپتى. ئۇ سادىق كاھنى چاقىرىپ:

– سادىق كاھ، قومۇللۇقلارنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر بارمۇ؟ – دەپ سورىدى. سادىق كاھ كۈنلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

– بىلگۈچى ئاللاھ، ئۇلار تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققاندۇ،

— دېدى.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن ئاخشام بازاردىكى بايلارنى، ئاخۇنلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىل. مەسلىھەت قىلىدىغان ئىش بار. سەن تەييارلىنىپ تۇر، يۇنۇس بەگ بىلەن ئەتىلا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر، — دېدى.

— غوجام، ئۇ يەرگە نېمە ئىشلىق بارىمىزكىن؟

— قوزغىلاڭچىلار كەلسە، لۈكچۈننىڭ يالاڭتۆشلىرى قوشۇلۇپ بىزنى تىنچ قويامدۇ؟ «تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆي» دېگەن گەپ بار. مەن خوجىنىياز ھاجىغا ھەمدەم بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلىپ نامە يازىمەن. ئۇ چاغدا بىزمۇ قوزغىلاڭچى، ئىش ئەپلەشسە ھەمدەم بولىمىز، ئەپلەشمىسە چۆل تاغقا قېچىپ كېتىمىز. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن، — دېدى.

— ئەقىللىرىگە بارىكاللا بېگىم، بۇ تازا كاتتا گەپ بوپتۇ، مەن تەييارلىق قىلاي، — دېدى سادىق كاھ.

— بىز ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. بىرى چىللاپ كېلىش ھىيلىسى، يەنە بىرى قۇرۇق تاغنى پىششىق بىلىدىغان، ئۆزى مەرگەن بىر نەچچە ئادەم تېپىپ خوتۇن — بالا، مۈلكىمىز، دۇنيانى دىغارغا يۆتكەپ، قۇرۇق تاغقا كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشىمىز كېرەك، — دېدى تايىپ بەگ.

سادىق كاھ سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— بېگىم، دىغاردىكى زاھىر قۇرۇلچى تازا باپ كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، تاغقا پىششىق، ئىككىنچىدىن، ئۆزى مەرگەن، تېخى زاھىردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىككى ئوغلى بار، — دېدى.

— ئۇلارنى چاقىرساق كېلەرمۇ؟

— چىڭۋاك بىگىمگە بويۇنتاۋلىق قىلىشقا نە ھەددى؟! قولىغا ئاز — تولا بىرنېمە بەرسەك بولمىدىمۇ؟ — دېدى سادىق كاھ.

— ئۇنداق بولسا زاھىر قۇرۇلچىنى ئوردىغا چاقىرتقىن، — دېدى تايىپ.

شۇنداق قىلىپ تايىپ بەگ ئەپلەشمىسە قېچىپ كېتىش ئۈچۈن زاھىر قۇرۇلچىلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە مال — دۇنيا، خوتۇن — قىزلىرىنى مەخپىي ھالدا لۈكچۈن بازىرىدىكى ئېگىز ئوردىدىن دالان كارىز ئوردىغا، دالان كارىز ئوردىدىن دىغارغا يۆتكىگىنى ئىدى.

كېچىدە يولغا چىققان بۇ سەپەرچىلەر ھېچيەردە توختىماي، كۆن ئولتۇرغاندا دىغار كارىزغا يېتىپ بېرىشتى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بۇ كىچىككىنە كارىزدا 7 ئۆيلۈك ئادەم بولۇپ، قۇم بېسىپ كېتەي دەپ قالغان قىڭغىر — قىيسىق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى.

ئوردا بەگلىرىنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان دېھقانلار ياخشىراق ئىككى ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ تەييارلاپ قويغانىدى. زاھىر قۇرۇلچىلارمۇ مۇشۇ كارىزدا ئولتۇراتتى.

بەكمۇ ھېرىپ كەتكەن مېھرىۋان دىدەك ئايشەمنىڭ يۆلىشى بىلەن مەپىدىن چۈشۈپ مورىغا ئوت قالاپ ئىسسىتىلغان ئۆيگە كىگىز — كۆرپىلەرنى سالغىچە ئالدىراپ، كاڭغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. مېھرىۋان چۈشكەن ئۆيگە ساندۇقلار جايلاشتۇرۇلدى.

2 — ئۆيگە تاغارلار قويۇلۇپ ئايجامال، پاتىمە، زۆھرە، ئايشەملەر جايلاشتى. بىر كۈنلۈك سەپەر ھارغىنلىقىدا ئۇلار تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

سامۇت بىلەن ئاۋۇت بۇ كېچە نۆۋەتلىشىپ ئاغىچىلار جايلاشقان ئۆي سىرتىدا قوراللىق كۆزەتچىلىك قىلدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن سادىق كاھ ھارۋىدىكى ئاتلاردىن ئۇچىسىنى قالدۇرۇپ، مەپە، ھارۋىلارنى قايتۇرىۋەتتى. ئۇ، مېھرىۋاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن:

— خېنىم، مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ سالامەت بۇ يەرگە ئورۇنلاشقانلىرىنى بېگىمگە يەتكۇزۇشكە ئوردىغا يانايمىكىن دەيمەن. خېنىمنىڭ قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دېدى.

— كاھ بەگ، بېگىمگە دېگەيلا، بىزنى بۇ چۆلدە يالغۇز ئۇزۇن تاشلىۋەتمىسۇن. بېگىم قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپلا كەتمىگەي. مەن بېگىمدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. ماڭغىچە زاھىر قۇرۇلچىغا بىزنى ئوبدانراق تاپىلاپ قويارلا، — دېدى مېھرىۋان. سادىق كاھ «خوش» دېگىنىچە مېھرىۋاننىڭ ئالدىدىن چىقىپ زاھىرغا: خېنىملارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى، بىر نەچچە تونۇر نان يېقىپ تەييارلاشنى، كۆزەتچىلىكنى ئوبدان قىلىشنى تاپىلاپ ئېگىز ئوردىغا قايتىپ كەتتى.

ئىككى كۇندىن بويان كۆزەتچىلىك قىلىپ زېرىككەن ئاۋۇت ئوردىدىن بېرىلگەن مىلتىقنى كۆتىرىپ كارىزنىڭ جەنۇبى ئېقىن بويىدىكى يۇلغۇنلۇق، يانتاقلىقلارنى ئايلىنىپ ھايال بولمايلا توشقاندىن 3 نى ئېتىۋالدى.

ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشقان ئايجامال دىدىكى پاتىمەنى ھەمراھ قىلىپ كارىزنىڭ توغراق قاپلىغان كىچىككىنە كۆلىنى ئايلىنىپ يۇمشاق قۇم بارخىنى ئۇستىگە چىقتى. شەرقتە قۇمتاغ، غەربى كۆز يەتكۇسىز قاقاس چۆللۇك، قۇملۇق ئىدى. كۇنى ئوردا ئىچى، چاھار باغلاردا ئۆتكەن بۇ قىزلار تەبىئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىسىگە قىزىققانىدى.

ئايجامال كۆز يەتكۈسىز چۆللۈكنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. يانتاق باسقان قۇم دۆڭلۈكى كەينىدىن ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئۇستىگە كىيگەن چەكمەن چاپىنى ياراشقان بىر روھلۇق يىگىت 3 توشقاننى مىلتىق ئۇچىغا ئارتقىنىچە كېلىۋاتاتتى.

ئايجامال ئۇنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن پاتمەگە:

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان — ··· دەپ گەپ باشلىشىغا.

— هە پۈجۈك، بىزنى مۇهاپىزەت قىلىۋاتقان زاھىر دادامنىڭ ئوغلى ئاۋۇت دېگەن شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پاتمە.

ئاۋۇت نېمىشقىدۇر ئايجامالنىڭ كۆزىگە ئىللىق كۆرۈندى.

ئۆز ئولجىسىدىن خۇشاللانغان ئاۋۇت قۇم دۆڭى كەينىدىن چىقىپ ئالدىدىكى قۇم بارخىنىدا ئىككى قىزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىدىن تېڭىرقاپ قالدى — دە، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي هودۇقتى. ئاۋۇت بۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. كۆزەتچىلىك قىلغان چاغلاردىمۇ كۆرمىگەنىدى.

ئاۋۇت قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، «ئەر بولىسىغۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ ئۆتۈپ كەتسە بولىدۇ. قىزلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟ بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئۆتۈپ كەتسەم مېنى نېمە دەر؟ مۇنداق قىزلارغا قانداق سالام بېرىشنى ئاپامدىن سوراپ كۆرسەم بولغىدەك» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

قىزلار ئاۋۇتنىڭ هودۇقىۋاتقانلىقىنى بىلدىمۇ — قانداق، قۇم بارخىنى تۇۋىگە كەلگىچە ئۇلار كېتىپ قالدى. ئاۋۇت تەڭ قىسىلىقتىن قۇتۇلدى.

ئاۋۇتنىڭ ئانىسى سەلىمىخان، زەينەپ ئىنىكئانىنىڭ

ياردەملىشىشى بىلەن توشقان گۆشلىرىنى قورۇپ، مەززىلىك پىشۇرۇپ خېنىم — ئاغىچىلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئايجامال، پاتىمەلەر ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. مېھرىۋان بولسا خاپا بولغان ئادەمدەك چىرايىنى ئاچمايتتى. ئىچى پۇشۇپ، زېرىكىپ گېلى سىقىلغاندەك بولاتتى.

ھەش — پەش دېگىچە 4 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. سادىق كاھ كېتىپ ھازىرغىچە ئوردىدىن بىرەر خەۋەر يوق. جىلى بولغان مېھرىۋان زاھىرغا:

—بىرەرسىڭلار ئوردىغا كىرىپ بېقىڭلار، نېمە بولۇپ كەتتى ئۇلار؟ —دېدى.

—خېنىم، كاھ بېگىم كەتكىچە «ئوردىدىن بىرەر خەۋەر بولمىغىچە ھېچ يەرگە تەۋرىمەڭلار» دېگەنىدى، ئەتىگىچە قاراپ باقساقمىكىن؟ —دېدى زاھىر.

بۇ گەپلەر مېھرىۋانغا ياقمىدىمۇ، باتنىغاندەك بېشىنى چۆمكەپ يېتىۋالدى.

## 2

تۈن كېچە. ئەتراپ جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن. زاھىر سىرتقا چىقىپ ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن قايتىپ كىرىپ ياتماقچى بولغانىدى، ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. «ئوردىدىن بىرەر خەۋەر چىقتىمىكىن» دېگەن ئوي بىلەن ئىشىك ئالدىغا بارغان زاھىر سىرتقا قاراپ:

—كىم؟! —دەپ سورىدى.

—مەن، ئاستانىلىق ئېلى پالگان، مۇھىم ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، ئىشىكلىرىنى ئاچسىلا، —دېدى سىرتتىكى كىشى.

ناتونۇش ئىسمىنى ئاڭلىغان زاھىر سەل ئارىسالدى بولدىيۇ، مۇھىم ئىش دېگىنىگە قاراپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە چىراغ يېقىلدى. ئوتتۇرا بوي، يۈزلىرى قاتاڭغۇ چاشقان قۇيرۇغىدەك ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان، كۆزىدىن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئېلى پالۋان ئات قامچىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ سالام — سائەتتىن كېيىن:

— خۇجىنىياز ھاجىم قومۇلدىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا بىز ئىككى كىشىنى تۇرپانغا ئەۋەتكەن. بۇ يەرگە كېلىپ شىڭ زىخۇيىنىڭ ئوروس ئەسكەرلىرىنىڭ پاقا بۇلاقتا بېقىلىۋاتقان 250 ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپ، تۈنۈگۈن كېچە ئىنىسى — جىنغا تۇيغۇزماي لۇكچۇن جاڭگىلى ئارقىلىق ئاتلارنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كەلدۇق. ئاتلارغا تۆۋەنكى قۇرۇق كارىزنىڭ شور قوتنىدا ھەمراھىم قاراپ قالدى. بىلگۈچى ئاللاھ، ھاجىم بۈگۈنلەردە لۇكچۇنگە كەلگەندۇ. بۇ يەردىن بىر كىشى بازارغا كىرىپ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ھاجىمغا خەۋەر قىلىپ بەرگەن بولسا دېگەن ئۈمىدتە كەلدىم. خىزمەتلىرىنى يەردە قويماي ئوبدان رازى قىلىمىز، — دېدى.

زاھىر بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، «ئوردىدىن خەۋەر ئۇقماق ئاۋۇت كىرمەمدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئاۋۇتنى چاقىردى:

— ئاۋۇتاخۇن بالام، جېرەن قاشقىنى مىنىپ بازارغا كىرىپ چىق. بۇ ئىنىمنىڭ يەتكۈزىدىغان خەۋىرى بار ئىكەن. سادىق ئاكامنى تېپىپ خېنىم — ئاغىچىلارنىڭ زېرىكىپ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قوي. خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپلا يانغىن! بازار يېغىلىق ھالىتىدە بولسا دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال. مىلتىقىڭنى ئالماي، ئوۋ پىچىقىڭنى ئېلىۋالغىن، — دېدى.

ئاۋۇت دەرھال جابدۇنۇپ، ئېلى پالۋاننىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كېچىلەپ يولغا چىقىپ كەتتى.

ئەسلىدە مەخسۇتباي قومۇلغا خۇجىنىياز ھاجىنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندىن كېيىن ئەھۋال ئىگىلەپ، تەييارلىق قىلىپ تۇرۇشقا ئالدىن ئېلى پالۋان، نىيازلارنى قومۇل تېغىدىن تۇرپانغا ئەۋەتكەنىدى.

خۇجىنىياز ھاجى پىچان، قومۇل چېگرىسى ئىچىگە كىلىپ شىڭ شىسەيگە سېتىلغان ئاق ئورۇس قاچاق باندىتلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم جەڭ قىلدى. لۇكچۇننى سوراۋاتقان تايىپ بەگ «بىزدە نۇرغۇن ئوق — دورا بار. ھاجىم كەلسە قوشۇلۇپلا قوزغىلاڭ قىلىدىغان نۇرغۇن تەييار ئادەممۇ بار. مەنمۇ جانابلىرىغا ھەمدەم بولۇشقا بىلىمنى باغلىدىم. تېزرەك كەلگەيلا» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ ئىنىسى يۇنۇس ۋە سادىق كاھنى خۇجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى. خۇجىنىياز ھاجى مەخسۇتباي بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— ھاجىم، لۇكچۇن دېگەن كونا پايتەخت، ئادەملىرى باتۇر، مېھماندوست، «ھە»لا دەيدىغان بولساق سىپىمىزگە نۇرغۇن ئادەم قوشۇلىدۇ. قېرىنداشلار يول يۇرۇپ ھاردى. شۇڭا لۇكچۇنگە بارايلى، — دېدى مەخسۇتباي. شۇنىڭ بىلەن خۇجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچى قىسىمنى باشلاپ لۇكچۇن بازىرىغا كەلدى. لۇكچۇن خەلقى قولىغا توقماق، قىلىچ، ئورغاقلارنى تۇتۇپ ھاجىغا پىدائىيلىققا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. مەخسۇتباينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن پىدائىيلار تەشكىللىنىپ بىر قىسمىغا مىلتىق بېرىلدى، بىر قىسمى قىلىچ، توقماقلار بىلەن قوراللىنىشتى.

خۇجىنىياز ھاجىنىڭ لۇكچۇنگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئۇققان پىچان، تۇيۇق، ياڭخى، لۇكچۇن، لەمجىن، سىڭگىم،

قاراغوجا — ئاستانە، تۇرپان خەلقى سوۋغا — سالاملارنى ئېلىپ «ھاجىمغا سالام بېرىمىز» دەپ تۇركۇم — تۇركۇملەپ ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن ئورالغان لۇكچۇن بازىرىغا كېلىشكە باشلىدى.

ئاۋۇت جىرەن قاشقىنى قارا تەرگە چۆمدۈرگەن ھالدا چاي ۋاقتى بىلەن جەنۇبىي قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ، خۇددى قۇربان ھېيت كۈنىدىكىدەك تۇركۇملەپ كىشىلەرنىڭ قوۋۇقتىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇمۇ توپقا قوشۇلۇپ قوۋۇقتىن كىرىشكە سېپىل ئۈستىدىن تولۇق قورالLANغان بىر تاغلىق چۈشۈپ كەلدى. ئاۋۇت ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئېتىدىن چۈشۈپ خۇجىنىياز ھاجىنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى. ھېلىقى تاغلىق گۇمانلانغاندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

—قەيەردىن كەلدىڭ؟ —دەپ سورىدى.

—مەن دىغاردىن كەلدىم. ھاجىمغا مۇھىم بىر ئىشنى خەۋەر قىلماقچىدىم، —دېدى ئاۋۇت.

تاغلىق پالۋان ئاتنىڭ قارا تەرگە چۆمۈلگەنلىكىگە قاراپ يىراقتىن، ئالدىراش كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاۋۇتنى باش شتاب جايلاشقان ئېگىز ئوردىغا باشلاپ باردى.

خۇجىنىياز ھاجى، مەخسۇتبايلار شىڭ شىسەينىڭ پىچاندا تۇرۇشلۇق قاچاق باسمىچى ئورۇس باتالىئونلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرى بىلەن جەڭ تەييارلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. باشلاپ كەلگەن تاغلىق ئۇنى ئىشىك ئالدىدا قالدۇرۇپ ئىچكىرى كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئاۋۇت چاقىرتىلدى. ئاۋۇت سالام بېرىپ قايسى كىشىنىڭ ھاجى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھودۇقتى.

—ھە، يىگىت بىزگە نېمە خەۋەر ئەكەلدىڭ؟ —دەپ سورىدى ھاجى.

ئاۋۇت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېلى پالۋان ئېيتقان گەپلەرنى بىرمۇ - بىر يەتكۈزدى. ئاۋۇت «خەۋەر يەتكۈزۈش» بانىسى بىلەن خۇجىنىياز ھاجىنى كۆرۈۋالغىنىغا ئىنتايىن خۇشال بولدى. ھاياجاندا گويا يۈرىكى چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. خۇجىنىياز ھاجى پىششىق، سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئاۋۇتقا سەپ سالغاندىن كېيىن:

—ئەپتىڭدىن قارىغاندا مىلتىق بىلىدىغان، باتۇر يىگىتتەك تۇرىسەن. ساڭا مىلتىق بەرسەم سېپىمىزگە قوشۇلامسەن؟ — دېدى.

ئاۋۇت بۇ گەپتىن تېخىمۇ ھاياجانلاندى. باشقا چاغ بولسا «جان» دەپ قوشۇلاتتى. لېكىن، ئاتىسىنىڭ ماڭغىچە ئېيتقان گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولۇپ:

—ھاجىكا، مېنىڭغۇ تازا قوشۇلغۇم بار. مىلتىقمۇ ئاتالايمەن. لېكىن، بىز ئاتا - بالا ئۈچەيلەن تايىپ بېگىمنىڭ بالا - چاقىلىرىنى دىغاردا ساقلاۋاتىمىز، —دېدى. بۇ سورۇندا تايىپ بەگ يوق ئىدى. خۇجىنىياز ھاجى مۇھىم خەۋەر ئۇققاندەك:

—بوپتۇ ئەمىسە، ساڭا كۆپ رەھمەت! بۇ يىگىتنى ئوبدان رازى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇڭلار، —دېدى.

بىر تاغلىق ئاۋۇتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. خۇجىنىياز ھاجى ئاتلارغا قارانچۇق بولۇشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن مەخسۇتبايغا:

—چىڭۋاڭنىڭ كۆڭلى ئىككى ئاچىمۇ - نېمە؟ ھەمدەم بولىمەن، دېدى، ئوقلىرى كارغا يارىمىدى. مال - دۇنياسى، خوتۇن - بالىلىرىنى قۇرۇق تاغ ئېغىزىغا يىقىن ئاپىرىپ

جايلاشتۇرۇپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەپلەشسە تەڭ شېرىك، ئەپلەشمىسە ئېتىنى مىنىپ غىپلا قىلىپ كېتىش ئىكەن — دە! مەخسۇتباي ھۇشيار بولمىساق توزاقتا دەسسەپ سالمايلى يەنە! — دېدى.

ئاۋۇت ئوردا ئالدىغا چىقتى. كوچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ھېچكىم ئۇرۇش بولۇشنى ئويلىمايتتى. بازار ھېيت كۈنىدەك قايناق!

ئاۋۇت كوچىلارنى ئايلىنىپ كۆپرەك ئىشلارنى كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولدى. ئۇ، ئۇيەر — بۇيەرگە توپلاشقان كىشلەرگە ئارىلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ھاجىنى تەرىپلىشىپ، بەزىلىرى ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەشسە، بەزىلىرى تاغلىقلارنى ئارىغا ئېلىپ ئۇنىڭدىن قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى سورىشاتتى.

كىشلەر ئۆز جەڭچىلىرى بىلەن ئەنە شۇنداق خاتىرجەم، قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان پەيتتە، تۇيۇقسىز مىلتىق ئېتىلدى. كەينىدىنلا قوماچ قورىغاندەك بازار ئەتراپىنى ئوق ئاۋازى قاپلىدى. كىشلەر نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا قۇۋۇق تەرەپتىن ھاسىراپ كەلگەن بىرسى:

—ئورۇسلار كېلىپ ئەتراپنى قورشاپتۇ. قۇۋۇقلار ئېتىلدى. يېغا باشلاندى،—دېدى. تىنچ، خاتىرجەم، قايناق ئوردىنى بىردەمدىلا ۋەھىمە قاپلىدى. توپلاشقان كىشلەر پاتپاراقچىلىقتا چۇشۇپ نەگىدۇر ئالدىراشتى.

700 مو كېلىدىغان كۋادرات شەكلىدىكى لۇكچۇن بازىرىنى 4 مېتر كەڭلىكتىكى، 7 مېتر ئېگىزلىكتىكى پۇختا سېپىل ئوراپ تۇرىدۇ. 4 قۇۋۇق ئېتىلسە كىرىپ — چىقىشقا ھېچقانداق ئامال يوق.

قۇۋۇقلار ئېتىلگەن بولغاچقا يېزىلاردىن مېڭىلغان

كىشىلەر «ھاجىمغا سالام بېرىمىز» دەپ كىرىپ سېپىل ئىچىگە سولىنىپ قالدى.

ئىككى تەرەپنىڭ ئېتىشىشى باشلاندى. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى سېپىل ئۈستىدە تۆشۈكلەردىن چەنلەپ ئېتىپ نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. ئورۇس چېرىكلىرى غالجىرلىق بىلەن پىلىموتلاردىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باقتى. لېكىن، سېپىلگە يېقىنلىشالمىدى.

سېپىل ئۈستىدىكى تاغلىقلار مەرگەنلىك بىلەن ئوقنى دەل تەككۈزۈپ، قالايمىقان ئاتمايتتى. غالجىر ئورۇس چېرىكلەرنىڭ تىنىمسىز ئاتقان ئوقى قېلىن سېپىلدا ئىز قالدۇرۇپ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن جىنايەت تارىخىنى يازماقتا ئىدى.

تىركىشىش كەچكىچە داۋام قىلدى. سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ كۆزىتىشلەردىن تاغلىق مەرگەنلەر ئورۇس باندىتلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەنۇبىي قوۋۇق ئالدىغا مەركەزلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ئەھۋالنى ھاجىغا دوكلات قىلىشقا مېڭىشتى.

ئاۋۇت تىنىمسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ خىيالغا چۆكتى: قۇرۇق تاغدا قارا مىلتىق بىلەن قانچە جانىۋارنى ئاتقانمەن. قولۇمدا مىلتىق بولسا تىنچ زېمىنىمىزنى قانغا بويىماقچى بولغان ئاشۇ ماش كۆزلەرنى چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىپ پۇخادىن چىققان بولسام، ھاجىم مىلتىق بېرەي دېگەندە نېمىشقا ئالمىغاندىمەن ...

— ھاي، ئۆلگۈك كەلدىمۇ بۇ يەردە تۇرۇپ، — دېگەن ئاۋاز بىلەن خىيالدىن ئۆزىنى تارتقان ئاۋۇت ئەتراپىدا ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى، پەقەت بىر قېرى كىشىنىڭ ئالدىراپ نەگىدۇر

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئوردا تەرەپكە يول ئالدى.

3

-بۇ لومۇدىلار، ئەسكىرىنى جەنۇبىي قۇۋۇق ئالدىغا توپلاپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي قۇۋۇقنى تارتىۋېلىپ بازارغا بېسىپ كىرمەكچى. بىرىنچى، خىل پالۋانلارنى جەنۇبىي قۇۋۇق ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرايلى؛ ئىككىنچى، قاراڭغۇ چۈشكەندە شەرقىي بۇرجا پوتەيدىن 20 پالۋان ئارغامچا بىلەن پەسكە چۈشۈپ، قەبرىستانلىق ئىچى بىلەن تۇيدۇرماي ئورۇسلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قاتتىق زەربە بەرسۇن. ئۇلار سىرتتىمۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ، قورشاۋدا قېلىشتىن ئەنسىرەپ چېكىنىدۇ. شۇ چاغدا ئادەملىرىمىز تۇيدۇرماي ئارغامچا بىلەن سېپىل ئىچىگە قايتىپ كىرسۇن، — دېدى خۇجىنياز ھاجى.

باشقا باشلىقلار شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا چىقىپ كەتتى. مەخسۇتباي بىلەن خالى قالغان خۇجىنياز ھاجى ئىككىسى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقا كىرىشتى.

— ئېگىز سېپىلنىڭ بولغانلىقى بىز ئۈچۈن پايدىلىق. بىراق بازار ئىچىگە بىزنى دەپ سىرتتىن نۇرغۇن ئادەم كىرىپ سولىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى بىر مەسىلە، — دېدى مەخسۇتباي.

— بىز بىلەن ئۇرۇشىدىغانلار مۇشۇ ئىككى باتالىئون ئورۇسلا بولسا ھېچ گەپ ئەمەس. ئەگەر شىڭ شىسەي تۇرپاندىكى قىسىملىرىنى باشلاپ ياردەمگە كەلسە ئۇ چاغدا چاتاق بولىدۇ. بىز تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى

ھاجى. ئۇلار شۇ گەپلەردىن كېيىن ئوردىدىن چىقىپ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە چىقتى.

ئوق شالاڭ ئېتىلاتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. غەربى سېپىل ۋە جەنۇبى سېپىل ئەتراپىدىنلا ئاندا — ساندا ئوق ئاۋازى كېلەتتى.

ئورۇسلار ھەقىقەتەن جەنۇبىي قوۋۇق تەرەپكە كۈچىنى توپلىغانىدى. جەنۇبى قوۋۇق ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىل پالۋانلار ئۇلارغا دىققەت قىلماقتا ئىدى. خۇجىنىياز ھاجى كۆزىدىن كەچۈرۈشكە جەنۇبى قوۋۇق ئۈستىگە چىقىشىغا دۈشمەن «ھۇررا» توۋلىشىپ شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. پىلىموتلار تارىلداپ سايراشتى. دۈشمەنلەر قەدەممۇ — قەدەم يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. سېپىل ئۈستىدىكىلەرمۇ پەسكە قارىشىپ توختاۋسىز ئاتماقتا.

— بۇرجا پوتەيدىن چۈشىدىغانلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى يەنە بىر باشلىقتىن ھاجى.

— ئۇلار چۈشۈپ بولدى. بۇ خۇمسىلارنى ھېلى سالىدۇ،

— دېدى ئۇ.

دېگەندەك باندىتلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلاندى. ئورۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى كۈچ ئارىسىدا قېلىپ تۈگىشىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ جەنۇبى قوۋۇق ئالدىدىن غەربكە چېكىندى. قايتا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئوق ئېتىش توختىدى. بىر كۈنلۈك جەڭدە ھاجى تەرەپتىن بىر قانچە كىشى يارىلانغان. دۈشمەنمۇ خېلى ئادىمىدىن ئايرىلىپ سېپىلدىن چېكىنگەن بولسىمۇ قورشاۋدىن قايتمىغانىدى.

لۈكچۈن بازىرى جىمجىتلىققا چۆكتى. ئىتلارمۇ

ھاۋشىمايدۇ. خوجىنىياز ھاجى پوستلارنى كۆچەيتىپ، باشقا قۇۋۇقلار ئۇستىگە خىللانغان ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تاڭ ئېتىشنى كۈتتى.

※ ※ ※

ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىنىسى بەھرام قومۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ شىڭ شىسەينىڭ ئۇلارنى تېزرەك بېسىقتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. كۈتمىگەندە خوجىنىياز ھاجى لۈكچۈنگە كەلدى.

ۋاڭنىڭ ئوغلى تايىپنىڭ خوجىنىياز ھاجىنى لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنلىكىنى ئۇققان بەھرام قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— بىز دېگەن بوۋىمىز ئىمىن خوجىدىن تارتىپ بېيجىڭ خانلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن تايىپى. شۇ ۋەجىدىن خانلىققا سادىق بولمىساق بولامدۇ؟ يالاڭتۆشلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە تىغ كۆتۈرۈشى ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم خاتا. ئەخمەق تايىپنىڭ ئىشى تۇزكورلۇق! — دەپ قاينايتتى.

خوجىنىياز ھاجى لۈكچۈنگە كەلگەندىن كېيىن بەھرام كۆپ ئويلاپ «بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەك سوقۇش» پىلانىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ بولسىمۇ، خوجىنىياز ھاجىغا زىيانكەشلىك قىلىپ شىڭ شىسەيدىن ئىنئام ئېلىش، تايىپنى گۇناھكار قىلىپ، ئورنىنى تارتىۋېلىش، بۇ ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس ئىدى.

بەھرام، سادىق كاھنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى سەر ئالتۇن قويغاندىن كېيىن:

— كاھ بەگ، شىڭ زىخۆي① جانابلىرىغا خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى، ئەمدى، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سىناش نەزىرى بىلەن.

— ئالىيلىرى نېمە قىلىشنى بۇيرۇسىلا پەرمان بەردارمىز، — دېدى سادىق كاھ.

— شىڭ زىخۆي خوجىنىيازنى يوقىتالماي ئاۋارە. خوجىنىياز شىڭ زىخۆينىڭلا دۈشمىنى بولماستىن بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتە ھاجىنى يوقىتالىساق چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، چوڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشەتتۇق. سىلى بۇنىڭغا نېمە دەيلاكىن؟ — دېدى.

سادىق كاھ بەھرامنىڭ گېپىدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ دۇ — دۇقلىغان ھالدا:

— گۇ ... گۇڭ غوجام، بۇ... بۇ... بۇ ئىش قانداق بولاركىن؟ — دېدى.

— مەن پىلاننى قۇرۇپ قويدۇم، سىلى بىر ئامال قىلىپ ھاجىنى ئېگىز ئوردا ئۈستىگە ئەپچىقسىلا، ئۇ، دۇربۇن بىلەن ئەتراپنى كۆرمەكچى بولغىنىدا مەن تىك — مۇللاق چۈشۈرۈۋېتىمەن، بۇنى ئىنسى — جىنمۇ تۇيمايدۇ. قانداق؟ — دېدى ھىجىيىپ.

— غوجام بۇ بەكمۇ خەتەرلىك، سەل بىخەستىلىك ئۆتۈلسە تاغچىلار تېرىمىزگە سامان تىقىدۇ، چوڭقۇرراق ئويلاپ باقساقمىكىن؟ — دېدى.

— كاھ، بەك ئىككىلىنىمىسىلە، مېنىڭ مەرگەنلىكىمنى بىلمەملا؟ بۇ ئىشتىن باش تارتسىلا خوجىنىياز كەتكەندە شىڭ زىخۆيغا: «خوجىنىيازغا ھەمدەم بولغان، خوجىنىيازنى

---

① شىڭ زىخۆي — شىڭ شىسەي

قاچۇرۇۋەتكەن لۈكچۈن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بېشى دەپ سىلىنى ئەرز قىلىشقا ھەقلىقمەن. ئۇ چاغدا بۇ ئىشتىن تانالامىلا؟! ئوبدان ئويلاپ باقسىلا، — دېدى بەھرام تەھدىت سېلىپ. سادىق كاھىنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەيتتى. ئالدىدا سېرىق ئالتۇن، ئاق يامبۇ كۆلۈمسىرىسە، كەينىدە «قوزغىلاڭچى» دېگەن تەھدىت قىلىچى بېشىغا تەڭلەنگەندەك بولاتتى. ئامالسىز قالغان سادىق كاھ تەمتىرىگىنىچە:

— بۇ ... بولىدۇ غوجام، بىر پاي بىلەنلا تۈگەتسىلە، تۈيۈپ قالمىسۇن، — دېدى.

— بارىكاللا كاھ بەگ، ئاز بولسىمۇ بۇنى ئېلىپ قويسىلا. ئەمدى پىچانغا شەنجاڭ بولدۇم دەپ جەزىم قىلىپ يۈرسىلە، — دېدى بەھرام.

سادىق كاھ كەتكەندىن كېيىن بەھرام ئۆگزىگە چىقىپ كۆرۈنمەي تۇرۇپ سۈيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئورۇن تاللاشقا كىرىشىپ كەتتى.

※ ※ ※

تاڭ سۈزۈلىشىگە غەربى قۇۋۇق تەرەپتىن قاتتىق ھۇجۇم باشلاندى. تۇرپاندىن شىڭ شىسەينىڭ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ ئالدى كەلگەنىدى. سادىق كاھ بەز يېگەن مۈشۈكتەك خامۇش ھالدا خۇجىنىياز ھاجىنى قانداق قىلىپ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىشنى ئويلايتتى. خۇجىنىياز ھاجى جەڭ راسا قىزىغاندا غەربى سېپىل ئۈستىگە چىقتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سادىق كاھمۇ چىقتى. خۇجىنىياز ھاجىنىڭ كۆز ئالدىدا جەڭچىلىرىگە ئوق تېگىپ يارىلاندى. غەزىپى كەلگەن

خوجىنىياز ھاجى يېنىدىكى تاغلىققا:

—مىلتىقىڭنى بەرگىن، تۇمىقىڭنى سېپىلدىن كۆتىرىپ چۇشۇرىۋال، —دېدى. پەستىكى كۆۋرۈك يېنىدا بىر نەرسىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرىغىنىنى كۆرگەن ھاجى چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىۋېدى، دۈشمەن بېشىنى كۆتىرىپ جان بەردى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدىكى بىرى ئەندىشە قىلدىمۇ، چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولۇۋىدى، ھاجى ئۇنىمۇ يەر چىشلەتتى. ئىككى ھەمرىيىدىن ئايرىلغان 3 — ئورۇس چېكىنمەكچى بولۇۋىدى، ئۇمۇ ئوق يېدى.

بۇ ئېتىش شۇنچە تېز بولۇپ ئۆتتى. ھاجى مىلتىقنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

—مىلتىقتا ئوق تۇگىدى، يېقىنلاشقان لومودىمۇ تۇگىدى، —دېدى. تۈنۈگۈندىن بېرى چىقىم تارتىپ ھالسىزلانغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى يېڭى ياردەمگە ئىگە بولۇپ غالجىرلاشقانىدى. جەڭ سېپىل بويلاپ توختاۋسىز داۋام قىلماقتا. تىت — تىت بولغان خوجىنىياز ھاجى:

—بۇ لومۇدىلارنىڭ ئەھۋالىنى دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ بېقىشقا ھېچلا ئەپلىكرەك جاي يوق، —دېدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن سادىق كاھ:

—ھاجىم، ئېگىز ئوردا ئۈستىگە چىقساق بىخەتەر، 4 ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، —دېدى. خوجىنىياز ھاجى ماقۇل بولۇپ سادىق كاھنىڭ باشلىشى بىلەن سېپىلدىن چۈشۈپ ئېگىز ئوردىغا قايتىپ كەلدى. 41 پەلەمپەيگە چىقىدىغان تار ئىشىكتىن سادىق كاھ، بىر مۇھاپىزەتچى، خوجىنىياز ھاجى كىرىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن 2 — مۇھاپىزەتچى كىرەي دېيىشىگە كەينىدىن بىرى كېلىپ مۇھاپىزەتچىنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئاۋۇت ئىدى. ئاۋۇت قىسقىلا قىلىپ:

— ھاجىم ئوردا ئۆگزىسىگە چىقمىسۇن، — دەپلا ئالدىراش كەينىگە ياندى. ھەيران بولغان مۇھاپىزەتچى ئۇنى چاقىرغىچە ئۇ كۆزدىن غايىپ بولدى. مۇھاپىزەتچى يۈگۈرۈپ دېگىندەك مېڭىپ خۇجىنىياز ھاجىغا يېتىشىۋالدى. سادىق كاھ 41 پەلەمپەينى بېسىپ ئېگىز ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇھاپىزەتچى ئاستا ھاجىمنىڭ پېشىنى تارتىپ پىچىرلاپ دېگىندەك:

— تونىمايدىغان بىرسى ئۆزلەنى ئۆگزىگە چىقمىسۇن دەپلا كۆزدىن غايىپ بولدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. ناھايىتى سەگەك خۇجىنىياز ھاجى ھېچقانداق چاندۇرماي ئېگىز ئوردا ئىچىگە كىرىپ كەڭ لەمپە ئاستىدا توختىدى.

سادىق كاھ ئۆگزىگە چىقىدىغان كېسەك پەلەمپەي ئالدىغا كېلىپ ھاجىنىڭ توختىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كەينىگە قارىدى. خۇجىنىياز ھاجى ئۇنىڭغا ئىنچىكە سەپ — سەپسالغاندىن كېيىن «جۇرۇڭلار» دېدى — دە، ئۆگزىگە ماڭدى.

ئالدىدىن ئىككى مۇھاپىزەتچى ئۆگزىگە قاراپ بېقىپ قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن سادىق كاھ، خۇجىنىياز ھاجى ئۆگزىگە چىقتى.

سادىق كاھ پۇت — قوللىرى تىترىگەن ھالدا، قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ھاجىم ئاۋۇ يەردىن ھەممە ئەتراپنى كۆرگىلى بولىدۇ. قاراپ باقسىلا، — دېدى. خۇجىنىياز ھاجى مۇھاپىزەتچىلەردىن دۇربۇننى ئېلىپ، سادىق كاھقا تۇتقۇزۇپ:

— كاھ بەگ ئالسىلا، سىلى بۇ ئەتراپلار بىلەن تونۇشلۇق، مەن ھاجەت قىلىۋالاي، سىلى قاراپ باقسىلا، — دېدى.

ئامالسىز قالغان سادىق كاھ ئېگىز ئوردىغا ياندىش

سىلىنغان پەستىكى بەھرامنىڭ ئۆگزىسىگە قاراۋېتىپ، خۇددى تىترەك كېسىلى بولغان ئادەمدەك قوللىرى تىترىگىنىچە دۇربۇننى ئېلىپ سەل تۇرۇپ قالدى. خۇجىنىياز ھاجىنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەن سادىق كاھ 3 قەدەمچە مېڭىپ يالغاندىن دۇربۇننى كۆزىگە شۇنداق توغرىلىغان ئىدى، «پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن جايىغىلا يىقىلدى.

— ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بۇياققا سۆرەپ قويۇڭلار، مېنى ئاتتىم دەپ، كاھنى ئېتىپ قويدى لومودى، — دېدى ھاجى. ئىككىنچى ئوقمۇ ئېتىلمىدى. غەيرى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئوردىدىكىلەر يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتى. خۇجىنىياز ھاجى ئۆگزىدىن چۈشۈپ تايىپ بەگنى چاقىرىپ:

— بېگىم ئارىمىزدا دۈشمەن بار ئىكەن. مېنى ئاتتىم دەپ سادىق كاھىڭىزنى ئېتىپ قويدى. ئەمدى بۇ يەردە تۇرمىغۇلۇق، — دېدى. بۇ گەپتىن تايىپ بەگ تاتىرىپ كەتتى. ئارىلىق سەل يىراق بولغانلىقتىن ئوردا ئۆگزىسىدىكى كىشىنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇڭا بەھرام دۇربۇن تۇتقان خۇجىنىياز دەپ جەزم قىلىپلا ئوق چىقاردى. ئۇ ئوقنىڭ تەگكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۆز قۇربانىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

خۇجىنىياز ھاجى، مەخسۇتباي بىلەن خالى ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلەشتى:

— ئارىمىزدا بىزگە سۇيىقەست پىلانلاپ يۈرگەن بىرسى بار ئوخشايدۇ. مەن ئۆگزىگە چىقىشتىن بۇرۇن مۇھاپىزەتچىمگە بىرسى، «ھاجىم ئۆگزىگە چىقمىسۇن» دەپ قويۇپلا كېتىپ قاپتۇ. بەلكىم ئۇ، پىلانلانغان سۇيىقەستنى ئۇققان بولسا كېرەك، -دېدى ھاجى.

— ھەقىقەتەن ئەھۋال جىددى. مېنىڭچە بۇ يەردە سولىنىپ يېتىۋەرسەك بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، سۇيىقەستچىلەر پەيدا بولدى، ئىككىنچىدىن سېپىل مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپى بولغان بىلەن شىڭ شىسەينىڭ تۇرپاندىكى ئاساسىي قوشۇنى يېتىپ كەلسە قورشاۋ ئىچىدە تۇرىۋەرسەك ئوق — دورا، يېمەكلىكتىن قىسىلىمىز. شۇڭا، بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك. بىز قومۇلغا كەتكەن پۇرسەتتە تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى باشلىق 17 كىشىنى دۈشمەنلەر تۇتۇپ تۈرمىگە سولاپتۇ. ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز كېرەك. قىيىنچىلىق ئىچىدە بىزگە بىر پايدىلىق ئامىلنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ، شىڭ شىسەي پۈتۈن كۈچىنى لۈكچۈنگە يۆتكىگەن پۇرسەتتە بىز مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، دۈشمەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ تېز يۈرۈش قىلىپ تۇرپانغا بارساق، شىڭ شىسەي ئۆزىنى ئوڭشىغىچە تۇرپاننى تارتىۋالالايمىز. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزالايمىز. بۇ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم. ھاجىم نېمە دەيدىكىن؟ — دېدى مەخسۇتباي خوجىنىياز ھاجىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە.

— بۆسۈپ چىقايلى. ئاساسىي كۈچىمىزنى جەنۇبى قوۋۇق ئۈستىگە توپلاپ، قاتتىق ئېتىپ ئورۇسلار ئويلاپ يەتكىچە قوۋۇقنى ئېچىپ ئات سالساق، ئۇلار بىزنى «ئۇر، چاپ» دەپ سېپى بۇزۇلىدۇ. ئۆزىنى ئوڭشىغىچە قورشاۋدىن چىقىپ بولىمىز. بىز قوۋۇق تاغقا چىقىدىغان قىياپەت بىلەن «ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا» قىلىپ دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ تاڭ ئاتقىچە تۇيۇقتا بېرىۋالىمىز. شىڭ شىسەي لۈكچۈن بازىرىنى تارتىۋالدىم دەپ خۇشاللىنىۋاتقاندا تۇرپانغا تېگىمىز.

مۇشۇنداق جەڭ قىلساق قانداق؟ —دېدى ھاجى.
—ياخشى، بولىدۇ. بۆسۈپ چىقىش يولى بىلەن بىزنى دەپ سېپىل ئىچىگە سولىــــــــپ قالغان پۇقرالارنــــــمۇ قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك. ئۇلارمۇ بىز بىلەن چىقىپ كەتسۇن، —دېدى مەخسۇتباي.
شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرى كېڭىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلارغا قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش قارارى ۋە بۆسۈش ئۇسۇللىرى ئۇقتۇرۇلدى.
تۈەنجاڭ، يىڭجاڭلار قارارغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.
مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش پىــــلانــــى ھەممىــــگە ئۇقتۇرۇلدى.
ئېگىز ئوردا ئىچىدە پۇشايمان ئىچىدە غەم — ئەندىشىگە چۆكۈپ ئولتۇرغان تايىپ بەگ «قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش» پىلانىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىشى مال — مۈلكىنى ۋە ئورنىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە پىچانغا كەلگەن خوجىنىياز ھاجىنى لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلــــــىپ ئەكىلىش؛ ئەمدى «قوزغىلاڭچىلارغا ھەمدەم بولغان» دەپ شىڭ شىسەيىنىڭ كەچۈرمەيدىغانلىقى؛ غەم — ئەندىشــــگە چۆكۈشى، قانداق قىلىپ بۇ يەردىن ساق — سالامەت دىغارغا بېرىۋېلىش، كېيىنكى ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشتە ئىدى.
تايىپ بەگ قورشاۋنى بۆسۈشتىن قورقۇپ خوجىنىــــياز ھاجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
—ھاجىم، كۈپ — كۈندۈزدە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقساق خەتەرلىك بولماسمۇ؟ ئۇلار كەلسە ئېگىز، قېلىن سېپىلدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن تۇرىۋەرمەمدۇق؟ —دېدى.
—بەگ، ھازىر خەتەردىن قورقساق، كەچكىچە شىــــڭ

شىسەينىڭ تۇرپاندىكى ئاساسىي كوچى ياردەمگە كېلىپ قالسا، بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ، — دېدى هاجى. ئامالسىزلىقتىن تايىپ بەگمۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ بىر نەچچە ئوردا خادىملىرىنى ئەتراپىغا يىغدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاۋۇتمۇ بار ئىدى. هېلىقى مۇهاپىزەتچى ئاۋۇتنى خالىي يەرگە چاقىرىپ:

— سىز بىرەر ئەھۋال ئوقتىڭىزمۇ؟ بۈگۈن هاجىمنى ساقلاپ قالدىڭىز، — دېدى.

— تۈنۈگۈن سادىق كاهنى ئىزدىسەم گۈڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى دېيىشتى، ئاستا گۈڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ، «هاجىمنى بىر ئامال قىلىپ ئوردا ئۆگزىسىگە ئەپچىقسىلا، مەن جايلايمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ كېچە ئۇيقۇم كەلمىدى. سەھەر تۇرۇپ ئىشىكتىن كىرگەن — چىققانلارغا سەپ سېلىپ ئاخىرى سىزلەرنى كۆرۈپ كەينىڭىزلەردىن مېڭىپ ئاران 41 پەلەمپەي ئالدىدا يېتىشۋالدىم — دە سىزگە هېلىقى گەپنى ئېيتتىم، — دېدى ئاۋۇت.

— بۈگۈن هاجىمنىڭ هاياتىنى سىز ساقلاپ قالدىڭىز. سىزگە رەھمەت، ئالدىراش بولمىغان بولسا هاجىم ئۆزى كۆرۈشمەكچىدى، — دېدى مۇهاپىزەتچى.

ئاۋۇت خۇشال ئىدى. ئۇلارمۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن جەنۇبى قۇۋۇق ئىچىگە توپلاندى. ئاتلىق، پىيادە ئادەم نۇرغۇن ئىدى. خوجىنىياز هاجى كۆپچىلىككە:

— قۇۋۇق ئېچىلغان هامان مەن باشلىق قوزغىلاڭچىلار ئات سالىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا پۇقرالار مېڭىڭلار، قۇۋۇقتىن چىققىچە قىستاشماڭلار، قۇۋۇقتىن چىقىپلا ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار! — دېدى.

قاتتىق ئېتىشىش باشلاندى. باسمىچى ئورۇسلار باش

كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلدى. شۇ ۋاقىتتا قۇۋۇق ئېچىلىپ خۇجىنىياز ھاجى تەخسىلىك پىلىموتنى ئالدىغا قويغىنىچە ئاق بوز ئېتىنى يورغىلىتىپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ماڭدى. قۇۋۇقتىن كەلكۈن بېسىپ كەلگەندەك ئادەملەر چىقىشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر بۇ تاسادىپىيلىقتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي خۇجىنىياز ھاجى ھۇجۇمغا ئۆتتى، دەپ ئويلاپ تېزرەك ئاتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىشقا ئالدىراپ سەپلىرى بۇزۇلدى. شۇ پۇرسەتتە خۇجىنىياز ھاجى قىسىملىرى مۇھاسىرىدىن ئاساسەن چىقىۋالدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدى سېپىلدىن 2 يولچە ئۇزاپ كەتتى. كەينىدە پۇقرالار سېپىلدىن چىقماقتا ئىدى. باسمىچى ئورۇسلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ھۇشىنى تاپقىچە يېرىم سائەتچە ئۆتۈپ كەتتى. گاڭگىراپ قالغان دۈشمەن قالايمىقان ئېتىشقا باشلىدى. ئەمدى قۇۋۇقتىن چىقىپ ھەر تەرەپكە پېتىراۋاتقان كىشىلەرگە كەينى — كەينىدىن ئوق تېگىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى.

مەخسۇتباي، تايىپ بەگلەر ئات سېلىپ ئوتتۇرىدا كېتىۋاتاتتى. سېپىلدىن 300 مېتىرچە ئۇزىغاندىن كېيىن مەخسۇتباينىڭ ئېتى يول چېتىدىكى كارىز قۇدۇقىغا پۇتىنى سېپىۋېلىپ يىقىلدى. مەخسۇتباينىڭ پۇتى ئاستىدا قالدى. بۇنى كۆرگەن ئاۋۇت مەخسۇتباينى قۇتقۇزۇشقا توختىماقچى بولغانىدى، تايىپ بەگ كېتىۋېتىپ ئاۋۇتنىڭ جىرەن قاشقا ئېتىغا قامچا سالدى. ئاۋۇت ئاتنى توختاتقىچە قامچا تەككەن ئات چېپىپ كەتتى.

باسمىچى ئورۇسلار شىددەت بىلەن ئاتماقتا ئىدى. قوزغىلاڭچىلاردىن بىر نەچچىسى مەخسۇتباينى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن توختىغانىدى، كەينى — كەينىدىن ئوق تېگىپ قۇربان

بولدى. مەخسۇتباي ئات ئاستىدىن پۇتىنى چىقارغىچە كەينى — كەينىدىن ئاتقا ھەم ئۆزىگە ئوق تەگدى. تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى كۆزىنى يۇمدى. مەرپەت يۇلتۇزى ۋاقىتسىز ئۆچتى.

مەخسۇتباينىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى قايغۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە:

— ھەي مەخسۇت، ھەي مەخسۇت، سەن ئۆلگىچە مەن ئۆلسەمچۇ! قانتىمدىن ئايرىلدىم، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ جەسىدىنى بولسىمۇ قۇتقۇزايلى، — دەپ قوشۇنىنى توختاتتى.

تۇرپاندىن ياردەمگە كەلگەن شىڭ شىسەينىڭ ئاساسىي قوشۇنى باسمىچى ئورۇسلارغا قوشۇلۇپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ پەيتتە جەسەتنى قۇتقۇزۇش تۇگۇل، نۇرغۇن بىھۇدە قۇربان بېرىش بولاتتى. خوجىنىياز ھاجى ئامالسىز قېلىپ:

— خوش مەخسۇتباي، سېنى قۇتقۇزالمىدىم. لېكىن، سېنىڭ ئەنتىڭنى چوقۇم ئالىمەن، — دېدى — دە، ئالغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

4

مەخسۇتباينى قۇتقۇزالمىغىنىغا، ئېنىقراق ئېيتقاندا تايىپ بەگنىڭ يول قويمىغىنىغا غەزەپلىنىپ كېتىۋاتقان ئاۋۇتنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ، ئات مۇدۇرۇلدى. ئاۋۇت دەرھال ئاتتىن ئۆزىنى ئېتىپ دالدىغا مۆكۈندى. يېقىنلا كېلىۋاتقان تايىپ بەگ ئاۋۇتنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاۋۇتنىڭ تازا قورسىقى كۆپتى. ئۇ كۆڭلىدە: «تايىپ بەگ نېمە دېگەن رەھىمسىز! قۇۋۇقتىن

چىققىچە بىرەر خەتەر بولسا بىر — بىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيلى دېگەنغۇ، ئۇ مەخسۇتباينى قۇتقۇزۇشۇمغا يول قويمىدى، ئېتىمغا ئوق تېگىۋىدى، قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. خەپ توختاپ تۇر! » دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاۋۇت ئۆمىلەپ يۈرۈپ يول چېتىدىكى سوقما تام كەينىگە مۆكۈپ، نېرىدىكى قۇدۇق ئارقىسىغا باردى. ئۇ تۆۋەن مەھەللىگە بېرىۋالسىلا ھايات قالاتتى.

باسمىچى ئورۇسلار، شىڭ شىسەينىڭ چېرىكلىرى نېمە دېگەن رەھىمسىز؟! قۇۋۇقتىن چىقىپ 300 مېتىر ماڭمايلا يوللار قېپقىزىل قانغا بويۇلۇپ ئادەم، ئاتلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولدى. كىم ھايات، كىم ئۆلگەن؟ بىلىپ بولمايتتى.

قۇدۇق ئارقىسىدا پىدائىي بولۇپ مىلتىق ئالغان قاسىم بايۋەتچە مىلتىقىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتاتتى. ئەتراپتىن ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى، تىنىمسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ياڭراپ لۈكچۈننى ۋەھىمە قاپلىغانىدى.

ئاۋۇت قاسىم بايۋەتچىنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ كېلىپ:

—قولۇڭدا مىلتىق تۇرۇقلۇق نېمىگە يىغلايسەن؟ سەن ئاتمىساڭ ئەكەل مەن ئاتىمەن، — دېدى.

—ئېھتىيات قىل، ئاۋۇ قۇدۇق ئارقىسىدا 3 ئورۇس بار. مىدىرلىغاننى ئاتىدۇ، قېچىپ چىققانلار شۇلارنىڭ ئوقىدىن قورقۇپ مۇشۇ ئەتراپقا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاتلىقلار كەلسە ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلايدۇ.

—سەن قاراپ تۇر. مەن چۆل تاغدا كىيىك ئاتقاندەك ئېتىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس. ئاۋۇت مىلتىقنى ئوقلاپ، ئەپلىك جاي تاللاپ سەۋرىچانلىق بىلەن دۈشمەننىڭ مىدىرلىشىنى كۈتتى. باندىتلار ئۆزلىرىگە قارشى تۇرغىدەك كۈچنىڭ قالمىغانلىقىغا ئىشىنىپ باش كۆتۈرگەنىدى، ئاۋۇت

3 پاي ئوق ئېتىپ 3 دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالدى. ئەتراپتا قاچالماي ياتقانلار خۇشال بولۇپ جىلغىغا ئۆزىنى ئېتىشتى.

قاسىم بايۋەتچىمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، مىلتىقنى ئاۋۇتتىن ئېلىۋېلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئوق يېگەن دۈشمەننىڭ مىلتىقنى ئېلىۋېلىش خەتەرلىك ئىدى. ئاۋۇت بىر تال مىلتىق ئولجا ئالالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، خالى جايلار بىلەن تۆۋەن مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى.

تۆۋەن مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ 5 — 6 ياشىنىڭ توپلىشىپ بىر ئۆي ئالدىدا بىر ئورۇس باندىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تاماشا قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ ياشلار ئۆمرىدە مىلتىق دېگەننى تۇتۇپ باقمىغان، ئېتىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئاۋۇت قارىسا ئورۇستىن تارتىۋالغان مىلتىقنى نۆۋەت بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئورۇسقا تەڭلىگىنىچە ئاغزىدا «پاڭ» دەپ تاماشا قىلىۋاتاتتى. ئورۇس باندىتى بولسا تۆۋە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى.

ئاۋۇت يېنىدىكىلەردىن بىرىدىن:

— مىلتىقنى قانداق تارتىۋالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ كۆك كۆز يالغۇز كېلىپ جىقراق بۇلاڭ — تالاڭ قىلىمەن دەپ ئۆيلەرنى ئاختۇردى. بىز ئىشىك كەينىدە ماراپ تۇرىۋېدۇق، ئۆيگە كىرىشىگە نەچچىمىز ئۇرۇپلا مىلتىقنى تارتىۋالدۇق، — دېدى ئارىدىن بىرى.

— ھەي ئاغىنىلەر، ماۋۇ دەيۈز بەكمۇ يىغلاپ كەتتى. يەنە ھەمراھلىرى كېلىپ قالمىسۇن، كۆسىيىنى بېرىپ قوغلىۋەتسەكچۇ، — دېدى يەنە بىرى.

ئاۋۇت ئالدىراش:

— ياق مىلتىقنى بەرمەڭلار، مىلتىق قولىغا چىقسا ھېچقايسىمىزنى ساق قويمايدۇ. بۇ بۇلاڭچىلار قانچە يۈزلىگەن

قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. مىلتىقنى ماڭا بېرىڭلار، مەن ئېتىشنى بىلىمەن، — دېدى.

— مە، ئاداش، ئېتىشنى بىلسەڭ، سەن بىر نېمە قىل! — دەپ بىرەيلەن مىلتىقنى ئاۋۇتقا بەردى.

ئاۋۇت مىلتىق چاقمىقىنى قايرىپ 5 تال ئوق بېسىلغىنىنى كۆردى. بۇنى كۆرگەن باندىت تېخىمۇ بەك ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— مىلتىقنى سەن ئېلىۋالساڭ، قويۇۋېتەيلى بۇ دەيۇزنى.

— بىز بۇ نېمىلەرگە چېقىلمىدۇق، بۇلار ئادەملەرنى ئۆلتۈردى، مەخسۇتباينىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى ئاۋۇت.

— ئۆلتۈر بۇ دەيۇزنى!

ئاۋۇت مىلتىقنى بەتلەپ ھېلىقى دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن:

— ماڭ! — دەپ ئىشارە قىلدى.

ئورۇس ھاڭ — تاڭ بولغان ھالدا قۇتۇلىدىغانلىقىدىن ئىككىلىنىپ ئاستا 5 قەدەم مېڭىشىغا ئاۋۇت ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى. ئەتراپتىكىلەر بارىكاللا ئېيتىشىپ:

— ئۇچرىغان ئورۇسنى ئات، مىلتىقنى ساڭا بەردۇق، — دېيىشتى. ئاۋۇت يۇگۇرۇپ بېرىپ باندىتتىن ئوق خالتىسىنى يېشىۋالدى. دەل شۇ چاغدا كەينى — كەينىدىن ئېتىلغان ئوق ئاۋازى، ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭلىنىپ، ئەتراپتىكىلەر «ئورۇس كەلدى» دېيىشىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. ئاۋۇت بولسا تام كەينىگە مۆكۈپ كۈتۈپ تۇردى.

2 ئاتلىق باندىت غالجىرلىق بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى. ئاۋۇت چەنلەپ تۇرۇپ ئىككىسىنى ئېتىۋەتتى. ئاتلىقلاردىن بىرسىنىڭ قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنى يۆگەك بولغاچقا ئات ئازراق سۆرەپ توختىدى. يەنە بىر ئات ئۆلۈكنى تاشلاپ

قېچىپ كەتتى. ئاۋۇت چاققانلىق بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ مىلتىق — ئوقلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئاتنى تۇتۇۋالدى — دە، ئاتنى مىندى. ئۇ جەڭدىن خالىي شەرق تەرەپكە قاراپ ئاتنى قامچىلىغىنىچە يۈگۈرۈتۈپ كەتتى. مارىشىپ تۇرغانلار ئاۋۇتنىڭ باتۇرلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

ئاۋۇت شۇ ماڭغانچە تۆۋەن مەھەللىدىن شەرقى جەنۇپ تەرەپكە قاراپ 5 كىلومېتىر مېڭىپ توختىدى. كۈن ئولتۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. يىراق — يىراقلاردا ئاندا — ساندا ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئېقىندىن كۆز يورۇقىدا ئۆتىۋېلىپ قۇم تاغ ياقىلاپ ماڭىدىغان يولغا چۈشۈۋالسىلا 20 نەچچە كىلومېتىر مېڭىپ دىغارغا يېتىۋالاتتى. گەرچە ئاۋۇتنىڭ قورسىقى خېلى ئاچقان بولسىمۇ 6 دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ 3 تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق، بىر ئات ئولجا ئالالىغىنىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى.

ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئولجىلىرىنى ئوبدان جايلاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن قۇرۇق ئېقىندىن ئاتنى يېتىلەپ ئۆتۈپ، دىغارغا قاراپ يول ئالدى.

## 5

زاھىر ئوغلى ئاۋۇتنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تېشىلگىدەك بولدى. كۈن ئولتۇرغاندىن بېرى ئۇ سىرتقا چىقاتتى، ئۆيگە كىرەتتى، كارىز بېشىغا چىقىپ يىراقلارغا قۇلاق سالاتتى. ئەتىگەن بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنلەر لۈكچۈن بازىرىنىڭ يىغىلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى ئېيتىشقانىدى. شۇڭا زاھىر بىئارام بولۇپ ئاۋۇتتىن ئەنسىرەيتتى. ئاتىسىنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سامۇت:

— ئاتا، مەن ئاۋۇتاخۇننى ئىزدەپ بېرىپ باقايمۇ — يە؟ — دېدى.

— ياق، بىر ئەندىشەمنى ئىككى قىلاي دەمسەن؟ — دېدى زاھىر.

ئاتا — بالا ئۇن — تىنسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆز تىكەتتى.

خۇپتەن نامىزىدىن يانىدىغان چاغدا ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى كەلدى. ئاتا — بالا تىنىقمۇ چىقارماي قۇلاق سېلىشاتتى. ئاتلىقلار يېقىنلاشقاندىلا سامۇت:

— ئاتا، ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

زاھىر ئۇن — تىنسىز كېلىۋاتقانلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئاتلىقلار يېقىن كەلگەندە تاقەتسىزلەنگەن زاھىر:

— ئاۋۇتاخۇن، ئاۋۇتاخۇن، — دەپ چاقىردى.

— بۇ، بىز، — دېدى يات بىر ئاۋاز.

زاھىر تېخىمۇ ئەنسىرەپ:

— بىز دېگەن كىملەر؟ ئاۋۇتنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

ئۈچ ئاتلىق زاھىرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاشتى. ئۇلار تايىپ بەگ، يۇنۇس يەنە بىر خىزمەتچى ئىدى.

— ئۇخلىماپسىلەرغۇ، بىرسىنى كۈتۈۋاتامسىلەر؟ — دېدى تايىپ بەگ.

— بېگىملەرما؟ تىنچ كەلدىلەمۇ، — دېدى زاھىر ئالدىغا بېرىپ قول قوشتۇرۇپ.

— خۇداغا شۈكرى، يەيدىغان رىسقىمىز بار ئوخشايدۇ، — دېدى تايىپ.

— ئاۋۇت تۈنۈگۈن كېچە بازارغا كەتكەن، ھەرقايسىلىرى كۆرمىدىلىمىكىن؟

— قۇۋۇقتىن چىققاندا بىللە ئىدۇق. 2 — 3 يۈز قەدەم ماڭمايلا تورزۇپ كەتتۇق. مېنىڭمۇ ئېتىمغا ئوق تېگىپ، جىلغا ئىچى بىلەن پىيادە دالان كارىزغا چىقىۋالدىم. ئاۋۇتمۇ كېلىپ قالار، — دېدى تايىپ بەگ.

تېخىمۇ غەمگە چۆككەن زاھىر ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ:

— ھەر قايسىلىرى ئۆيگە بېرىپ ئارام ئېلىشىپ تۇرسىلا، مەن ئاۋۇتنى ئىزدەپ باقاي، — دېدى.

— بۇ كېچىدە ئۇنى نەدىنمۇ تاپارسەن؟ خۇجىنىياز ھاجى بازاردىن قېچىپ چىقتى. ئاڭلىساق يۇرمۇڭ ئەتراپىدا ئادەملىرىنى توپلاپ قۇرۇق تاغقا قاچقىدەك. ئۇ كەلگىچە ياخشىسى بىز مېڭىپ كېتەيلى، — دېدى تايىپ بەگ ئالدىراپ.

— جۇرسىلە، مەن ھەر قايسىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، نېمىلا بولمىسۇن ئاۋۇتنى ئىزدەپ باقاي، — دېدى زاھىر.

— ھاي، زاھىر، ئاكامنىڭ گېپىنى چۈشەندىڭمۇ؟ خەۋپ قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا. ھازىر تاشقىن ئېقىنغىمۇ يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ، جەڭ بولىۋاتىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن يولغا چىقمىساق بولمايدۇ، — دېدى يۈنۈس بەگ.

— ئالدىراشىسىلا سامۇتاخۇن باشلاپ مېڭىپ تۇرسۇن. مەن ئاۋۇتنىڭ خەۋىرىنى ئالمىغىچە ھېچ يەرگە تەۋرىمەيمەن، — دېدى زاھىر.

يۈنۈسنىڭ ئاچچىقى كەلدى بولغاي:

— ھاي، ماڭ دېگەندىكىن ماڭماسەن؟ بالاڭ مۇھىممۇ — بىزمۇ؟ — دېدى ئاچچىقى بىلەن.

زاھىرنىڭ خىيالىغا شۇ مىنۇتتا ئاۋۇتتىن باشقا نەرسە كەلمەيتتى. ئۇ ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ لۈكچۈننى سوراۋاتقان

ۋاڭلار ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

يۇنۇس تېخىمۇ ئۆكتەملىك قىلىپ:

—بالاڭ هايات بولسا بىرەر جايدا يوشۇرۇنۇپ ياتىدىغاندۇ. سەن ئۇنى تاپالامسەن؟ ئەگەر قازاغا ئۇچرىغان بولسا يېقىنىمۇ بارالمايسەن. قۇۋۋىق تېشىدا ئۆلگەن ئات، ئادەمنىڭ سانى ئازمۇ؟ زاهىر تەۋەككۇلچىلىك قىلما،—دېدى تەهدىت سالغان هالدا.

—بۇ يەردە تالىشىۋەرمەي، ئۆيگە بېرىپ مەسلىھەتلىشەيلى،—دېدى تايىپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەھەللە ئىچىگە قايتىپ كېلىشتى. خېنىم — ئاغىچىلار غوجىلارنى يىغا — زارە بىلەن قارشى ئېلىشتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن يۇنۇس ئاكىسىغا:

—زاهىر يەنىلا مېڭىشقا ئۇنىمىسا ئۇنى قامچا ماڭدۇرىدۇ،—دېۋىدى، تايىپ:

—ياق ئۇكام، بۇ ئۇنداق ۋاقىت ئەمەس، هازىر سىلىق گەپ قىلماقتىن باشقا چارە يوق،—دېدى. بىر ئازدىن كېيىن زاهىرنى چاقىرتىپ:

—زاهىر، يولغا چىقىشنى قانداق قىلىمىز؟ سەن بىلەمسەن، خوجىنىياز بۇ يەرگە كېلىپلا قالسا بىزگە چاتاق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز، كەينىدىن ئورۇسلار قوغلاپ كەلسە قايسىمىز بار، قايسىمىز يوق. شۇڭا، بالدۇرراق جانىنىڭ ئامالىنى قىلىنى،—دېدى.

—بېگىم، مەنمۇ خەتەرنى سېزىۋاتىمەن. لېكىن، بىر قۇشقاچ چېغى بالىسى خەتەرگە يولۇقسا ۋىچىرلاپ بالىسىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بىز ئادەمغۇ؟ ئۆزلەمۇ ئويلاپ باقسىلا، —دېدى زاهىر.

—ئۇنداق بولسا بىز يوشۇرۇنغىدەك خالى جاي بارمۇ؟

بىرەر ئەھۋال بولسا يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى. سەن ئاۋۇتنى ئىزدىسەڭمۇ ناماز ۋاقتىدىن بۇرۇن يېنىپ كەل، ماقۇلمۇ؟ — دېدى تايىپ.

— بولىدۇ غوجام، كارىز تەشمىسى ئىچىدە 10 ئادەم پاتقىدەك گەمە بار، سامۇت باشلاپ بارسۇن. مەن كۆل كارىزغىچە بېرىپ قايتىمەن، — دېدى زاھىر.

شۇنىڭ بىلەن زاھىر ئىشلارنى سامۇتقا تاپىلاپ، ئۆزى ئاتقا مىنىپ ئاۋۇتنى ئىزدەشكە يۈرۈپ كەتتى.

6

ئاۋۇت كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن قۇمتاغ ياقىلاپ ماڭدى. ئەتىيازنىڭ قۇمتاغدىن سوققان شامىلى ئاۋۇتنى خېلى مۇزلاتتى. ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. ئۇ بەلۋېغىنى چىڭىتىپ ئويلىدى: بىللە ماڭغانلاردىن كىملەر ئۆلۈپ، كىملەر ھايات قالغاندۇ؟ تايىپ بېگىمچۇ؟! مەخسۇتبايغا ئۇۋال بولدى ... ئاتام مېنىڭ كىچىككەنلىكىمدىن ئەنسىرەۋاتقاندۇ. ئاپام يېغا خەۋىرىنى ئۇققان بولسا مەندىن ئەنسىرەپ يىغلاۋاتامدىغاندۇ؟ ... خېنىم — ئاغىچىلارچۇ؟ ھېلىقى قۇم بارخىنى ئۇستىدە كۈلۈمسىرەپ قارىغان، بورتۇمشال ئارتقان قىز، ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ھەي نېمىشقا ئۇلارنى ئويلاپ كەتتىم ...

يول قۇم، ئاتمۇ خېلى ھارغان. ئاۋۇت تېز مېڭىشقا ئۆتۈكى بىلەن ئاتنى نوقۇپ قويىدۇ، ئات ئازراق يورغىلاپلا يەنە ئاستىلايدۇ، ئاۋۇت بولسا ئالدىرايدۇ، تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا قۇم تاغ كەينىدىن ئاي كۆتۈرۈلدى. ئاۋۇت ئاي يورۇقىدا ئەتراپنى كۆزىتىپ مەھەللىسىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس

قىلدى. ئاتمۇ بۇنى سەزگەندەك تېزلىدى. ئاۋۇت قۇم دۆڭلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كارىز يولىغا چۈشكەنىدى. چوڭ يول تەرەپتىن بىر ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى — دە، مىلتىقىنى تەييارلاپ يول چېتىدە كۈتۈپ تۇردى. ئاتلىق يېقىنلاشقاندا ئاۋۇتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى زاھىرنى تونۇۋالدى. سۈتتەك ئايدىڭ «ئاتا — بالا بىر — بىرىنى ياخشى كۆرۈۋالسۇن» دېگەندەك ئەتراپنى يورۇتاتتى. تاقەتسىزلەنگەن ئاۋۇت يولغا سەكرەپ چۈشۈپ:

— ئاتا! — دەپ توۋلىۋەتتى.

زاھىرمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ئوغلىغا تەلمۈرگىنىچە:

— ئاۋۇتاخۇن، سەنمۇ بالام؟ ساقمۇسەن بالام؟ — دېدى نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن ئادەملەردەك.

— بۇ كېچىدە نەگە باردىڭ ئاتا؟

— سېنىڭ ئىز — دېرىكىڭنى قىلىپ تاشقىن ئېقىنى، كۆل كارىزغىچە باردىم. ئۇ يەردىكى بازارغا كىرگەن تونۇشلاردىن سوراشتۇردۇم. ئۇلاردىن بىرى سېنىڭ ئۈچ ئورۇسنى ئاتقانلىقىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باتۇرلۇقىڭغا ھەيران قاپتۇ، — دېدى زاھىر.

— شۈكرى ئاتا، يەيدىغان رىسقىم بار ئوخشايدۇ. ئېتىمغا ئوق تەگكەن بىلەن ئۆزۈم ساق قالدىم.

— بۇ ئاتنى نەدىن تاپتىڭ.

— ساڭا گەپنىڭ راستىنى قىلسام بۈگۈن ئۆز قولۇم بىلەن 6 ئورۇسنى ئاتتىم، 3 تال مىلتىق، بىر ئات ئولجا ئالدىم، — دېدى ئاۋۇت.

— سەنزە بالام، بەكمۇ قارام جۇمۇ! يۈر، ئاپاڭ بىچارە نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟

ئۇلار يولغا چۈشۈپ مېڭىشتى.

— تايىپ بەگ كەلدىمۇ؟

— ئاخشام كەلدى. سىنى سورىسام مۇجىمەل گەپ قىلدى.

— بەگلەر ئەجەپ ئەسكى كېلىدىكەن. مەخسۇتباينىڭ ئېتى يىقىلىۋىدى، ياردەم قىلاي دەپ ئاتنى ئاستىلىتىۋىدىم، تايىپ بەگ ئاتنى قامچا بىلەن بىرنى سالدى. ئات سۆرەپ كەتتى، بوي بەرمىدى. كېيىن مىنىڭ ئېتىمغا ئوق تەگكىنىنى كۆرۈپ قارىماي كەتتى. ئادەم ئەمەس نېمىلەركەن ئاتا، — دېدى ئاۋۇت.

توخۇ ئىككى چىلىلغاندا زاھىر بىلەن ئاۋۇت مەھەللىگە كىرىپ باردى. زاھىر ئاۋۇتنى ئۆز ئائىلىسىگە كىرگۈزىۋېتىپ تايىپ بەگنىڭ ئالدىغا كىردى. ئۇ كىيىملىرى بىلەنلا ياتقان بولۇپ ئوخلىمىغانىدى.

— بېگىم، ئاۋۇت سالامەت كەلدى، — دېدى خۇشاللىنىپ.

— پىيادە كەپتىمۇ؟

— بۇ قارام بالا 6 ئورۇسنى ئۆلتۈرۈپ 3 تال مىلتىق، بىر ئات ئولجا ئېلىپ كەپتۇ.

— سىنىڭ بۇ بالاڭنىڭ قولىدىن ھەر بالا كەلگىدەك جۇمۇ. ھەممە ئادەم جېنىنى ئەپقاچسا، ئۇنىڭ ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئولجا ئالغىنىنى. ھە، زاھىر ئەمدىغۇ يولغا چىقساق بولار، — دېدى تايىپ.

— بولىدۇ، بېگىم! سامۇت تۆگىلەرنى تەييارلىسۇن. ئاۋۇت ئازراق بىرنېمە ئىچىۋالسۇن، باشقىلارمۇ تاماق يېسۇن، مېڭىپ كېتەيلى، — دېدى زاھىر.

ئۇخلاپ ياتقانلار ئۇيغىتىلدى. جەڭنىڭ گېپى چۇشۇپ،

ئاۋۇتنىڭ باتۇرلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ 6 باسمىچى ئورۇسنى ئۆلتۈرۈپ ئولجا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئايجامال، نەچچە كۈن بۇرۇنقى قۇم بارخىنى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاۋۇتنىڭ 3 توشقان كۆتىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەپ نېمىشقىدۇر يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ بىر ئىللىق ئېقىمنىڭ ۋۇجۇدىغا تارالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

7

سۈتتەك ئايدىڭ. توخۇلار چىللاپ تاڭدىن خەۋەر بېرىشتى. تۆگىلەرگە يۈك ئارتىپ، ئاتلارنى ئىگەرلەپ تەييار بولغاندىن كېيىن زاھىر:

—تەييارلىقلار پۈتتى غوجام،—دېدى تايىپ بەگكە.

—ئاغىچىلارنى تۆگىگە ئوبدان جايلاشتۇرۇڭلار! خوجىنىياز ھاجىلار بۇ يەرگە كەلگىچە يولغا چىقىپ كېتەيلى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھەرگىز كۆرۈنمەيلى. ماڭايلى ئەمىسە،— دېدى تايىپ. ئالدىدىكى 2 تۆگىگە سۇ، يېمەكلىك، ئۈچىنچى نار تۆگىگە مال — دۇنيالار ئارتىلىپ مېھرىۋان بىلەن زەينەپ ئانا، 4 — تۆگىگە ساندۇقلارنى ئارتىپ زۆھرە بىلەن ئايشەم، 5 — تۆگىگە ساندۇق ئارتىپ ئايجامال بىلەن پاتىمە جايلاشتۇرۇلدى. تايىپ بەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تۆگىگە قوڭغۇراق ئېسىلمىدى. باشقىلار ئاتقا مىنىشتى.

زاھىر ئايالى، كېلىنى ۋە بىر كىچىك بالىسىنى دىغاردا قالدۇرۇپ يولغا چىقتى. دىغار كارىزدىكى كىشىلەرگە تايىپ بەگ:

—ئەگەر يات بىرەر كىشى بىزنى سوراپ قالسا كۆرمىدۇق

دەڭلار! كىمدە — كىم ئېيتىپ قويىدىكەن، مەن قايتىپ كەلگىنىمدە رەھىم قىلمايمەن،— دېدى تەھدىت سېلىپ.

توپنىڭ ئالدىدا زاھىر، تايىپ بەگ، يۈنۈس ۋە خىزمەتچى، ئۇنىڭ كەينىدە سامۇت تۆگە تارتتى. ئاۋۇت بولسا كەينىدە ئۇلارنى قوغداپ ماڭدى.

كېچە خېلىلا سوغۇق. قۇمتاغ تەرەپتىن تاڭ سەھەردە مۇزدەك شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا تۆگىدە ئولتۇرغانلار قېلىن جۇۋىلارغا يۆگىنىۋالدى.

ئايجامالنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان. ئۇ تاڭ ئېتىشىنى، كۈننىڭ تېزرەك چىقىپ يورۇتۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ كەينىدە كېلىۋاتقان باتۇر يىگىتنى كۆرگىسى كېلەتتى. ئاۋۇت بولسا خىيال ئىلكىدە. قوزغىلاڭچىلار ئېيتىپ بەرگەن «ئاچىل» ناخشىسىنى توۋلاپ ئېيتقۇسى كېلەتتى. قىپقىزىل گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەتراپ جىمجىت. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىلا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. تايىپ بەگ بولسا «كالتە پەملىك قىلىپ خوجىنىيازغا ھەمدەم بولىمەن» دەپ قويغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ باراتتى. ئۇلار 3 چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن تايىپ بەگ يۇنۇسقا ياندىشىپ:

— ئۇكام، يوللاردا ئېھتىيات قىلىڭ. قومۇلغا بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى ۋاڭ ئاكامغا دەپ شىڭ زىخۇي بىلەن تېزرەك ئالاقە قىلىپ، جاۋاب ئالغاندىن كېيىنلا تېز قايتىڭ. بىز بۇ چۆلدە تۇرىۋەرمەيلى. شىڭ زىخۇي بىزنى كەچۈرۈپ قانداق تەلەپ قويسا ماقۇل بولىۋېرىڭ،— دېدى.

— بولىدۇ ئاكا، غەم قىلمىسىلا، قۇم تاغنى ئەگىپ ئۆتسەك 3 — كۈنىلا قومۇلغا يەتكىلى بولغىدەك.

— مېنىڭ خىيال — پىكرىم دادامدا قالدى. ئابدۇل پەرەشقۇ

ناھايىتى سادىق. لېكىن، دادام ئۇنىڭ گېپىگە كىرگەندىمۇ؟ مەن كېيىن بىر خەۋىرىنى ئۇقۇپ باقارمەن، — دېدى تايىپ.

تاڭ يورىدى. قۇرۇق تاغ ئېغىزى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يۇنۇسنىڭ خىزمەتچىسى:

— غوجام يول ئايرىلىشقا كېلىپ قالدۇق، — دېدى.

— ھاي، توختاڭلار! — دېدى تايىپ بەگ.

كارۋان توختىدى. سەپ ئالدىدا كېتىۋاتقان زاھىر ئېتىنى بۇراپ تايىپ بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مۇشۇ يەردە يۇنۇس بەگ بىلەن خوشلىشىمىز. ئۇ مۇھىم ئىش بىلەن قومۇلغا بارىدۇ، — دېدى تايىپ. يۇنۇس بەگ ئۈيقۇسىراپ كېتىۋاتقان مېھرىۋان، ئايالى زۆھرە، سىڭلىسى ئايجاماللارنىڭ يېنىغا بېرىپ خوشلاشتى.

— زاھىر، يۇنۇس بەگنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، — دېدى تايىپ. «ئامىن!» دەپ قوللار كۆتۈرۈلدى. يۇنۇس خىزمەتچىسى بىلەن قۇمتاغ ياقىلاپ شەرققە يول ئالدى. ئۇلارنى ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە زۆھرە كۆزىگە ياش ئالدى.

تايىپ بەگلەر كۈن چىقىپ چىققاندا قۇرۇق تاغ ئېغىزىدىن كىردى.

— زاھىر، ئازراق دەم ئالايلىمۇ؟ مەن ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دۆربۇن بىلەن كەينىمىزگە قاراپ باقاي، — دېدى تايىپ. تۆگىلەر چۆكتۈرۈلدى.

ھەممىدىن بۇرۇن ئايجامال بىلەن پاتىمە تۆگىدىن چۈشتى. مېھرىۋان ئايشەم بىلەن پاتىمەنىڭ يۆلىشى بىلەن تۆگىدىن چۈشۈپ، يۇمشاق چۈشەك سېلىنغان تاش ئۈستىدە ئولتۇردى.

ئايجامال ئاتلارنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئاۋۇتقا كۆز قۇيرۇقى بىلەن سەپسالدى. ئاۋۇت ئىككى كېچىدىن بېرى تۈزۈكرەك ئۇخلىمىغاچقا، كۆز چاناقلىرى قىزارغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئاۋۇت ئىدىر ئۇستىگە چىقىۋاتقان تايىپ بەگ بىلەن زاھىرغا قارىدى. بۇ مىنۇتتا ئايجامال ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ قارىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ، ئاۋۇتنىڭ كۆزىدىن قانداقتۇر نازۇك سىرىنى ئىزلىمەكچى ئىدى.

ئاۋۇت گەرچە پەرۋاسىز ئادەمدەك ئىدىرلىق ئۇستىگە قارىسىمۇ خىيالى ئايجامالدا، ئۇنىڭ ئۆزىگە سىناق نەزىرى بىلەن سەپسىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. قانداقتۇر بىر غايىپ كۈچ ئۇنى قىز تەرەپكە قاراشقا تارتاتتى. شۇڭا ئۇ ئەتراپلارغا سەپسالغان قىياپەت بىلەن ئايجامالغا تولۇق سەپسىلىپ چىقىشقا ئۈلگۈردى.

تايىپ بەگ دۇربۇننى لۇكچۇن تەرەپكە قاراتتى.

— 5 ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ يېغىدىن قاچقان بايلاردەك تۇرىدۇ، — دېدى دۇربۇننى كۆزىدىن ئالماي. ئۇ دۇربۇننى يىراقلارغا توغرىلىدى. ئەنە ئاخشام قونغان كارىز دەرەخلىرى، ئۇنىڭ نېرىسىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. لۇكچۇن بازىرى بۇ يەردىن خېلى يىراق بولسىمۇ قاراپ باققۇسى كەلدى. ئەنە ئۇيمان بىر جايدىن قاپقارا ئىس — تۇتەك كۆتۈرۈلمەكتە.

— ئاھ، ئۇردىغا ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى تايىپ بەگ دۇربۇننى كۆزىدىن ئېلىپ ھەسرەتلىنىپ. ئۇ، يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلىنىپ دۇربۇننى زاھىرغا ئۇزۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى. زاھىر قارىغاندى ھەقىقەتەن ئىس — تۈتەك كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇنى دۇربۇنسىزمۇ پەرق قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى، ئېگىز ئوردا يەردىن 20 مېتر كۆتۈرۈپ سېلىنغان تۇرسا.

تايىپ بەگنىڭ ھەسرەت چېكىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنلەردە يەردىن 20 مېتر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان 4 مو كۆلەمدىكى 100 نەچچە ئېغىزلىق ھەشەمەتلىك ئوردىدا

پەقەت ئىككىلا كىشى قالغانىدى. بىرى — تايىپنىڭ دادىسى ئاخىرقى ۋاڭ ئىمىن، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ ھەم ئاشپىزى ھەم خىزمەتكارى ئابدۇل پەرەش. باشقا ئوردا خادىملىرى ئاللىقاچان بۇ يەردىن كەتكەنىدى.

ئىمىن ۋاڭ گاھىدا ساق، گاھىدا ساراڭ. ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتسا خەنزۇچە ناخشا توۋلاپ، چاچلىرىنى دوراپ، قىلىچ ئوينىتىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ ئوردا خادىملىرىنى خېلى ئاۋارە قىلاتتى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا «دەم ئالسىلا» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، بۇ ئوردا تۈزۈمىگە خىلاپ ئىدى.

ئىمىن ۋاڭ ساق ۋاقتىدا تىنىمسىز ئەپيۇن چېكەتتى. 2 سەر ئەپيۇن ئۇنىڭ بىر كۈنلۈكىگە يەتمەيتتى. شۇ چاغلاردا 8 دادەن (3200 جىڭ) بۇغدايغا 2 سەر ئەپيۇن كېلەتتى. يىغا خەۋپى تۇغۇلغاندا تايىپ بەگ دادىسىغا:

—چىڭۋاڭ دادا، ئەتراپتا يىغا بولۇۋاتىدۇ. يۇرت تىنچلانغىچە دالان كارىزغا چىقىپ بىر مەزگىل تۇراملاكىن؟ — دېدى. ئىمىن بولسا:

—مەن دېگەن خانىنىڭ تايىپى، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئىگىسى چىڭۋاڭمەن. ئۇلار ئۇرۇشسا ئۇرۇشىۋەرسۇن. مەن ئوردىدىن كەتسەم ئۇلار ۋاڭلىقنى تارتىۋالماقچى. مۇشۇ تاپتا ھېچيەرگە تەۋرىمەيمەن. ماڭا ئابدۇل پەرەش بولسىلا بولىدى، — دەپ ئۇنىمىغانىدى. ئىلاجىسىز قالغان تايىپ بەگ ئابدۇل پەرەشكە 2 سەر ئالتۇن بېرىپ:

—ئابدۇل، سەن دادامنىڭ ئۇزۇن يىللىق خىزمەتچىسى، دادامنى ئېلىپ كېتىشكە كۆندۈرەلمىدۇق. ئەمدى دادامنى بىرىنچىدىن ئاللاغا، ئىككىنچىدىن ساڭا تاپشۇردۇم. بىرەر خەتەرلىك ئەھۋال سېزىلسە بىر ئامال قىلىپ دادامنى قوغداپ قال. ئوردىدىن گۈلباغقا چىقىدىغان يەر ئاستى يولنى سەن

بىلىسەن. شۇ يەرگە بولسىمۇ ئەكىرىۋال، — دېدى.
— باش ئۇستىگە بېگىم، ئۆزلە خاتىرجەم مېڭىۋەرسىلە. مەن چىڭۋاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن بىر قۇلى، جېنىم ئامان بولسىلا چىڭۋاڭ بېگىمنى ياخشى ئاسرايمەن، — دېدى ئابدۇل پەرەش.
تايىپ بەگنىڭ ئوردىغا ئوت كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۇرگەندىن كېيىن بىردىن — بىر ئەنسىرەيدىغىنى ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ جۇملىدىن ئابدۇل پەرەشنىڭ ئۇستىخان — ئۇستىخىنىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئوردا تەرتىپى. ئۇ بولسىمۇ خىزمەتچىلەر ۋاڭدىن بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىماسلىقى، خەتەرگە ماڭسىمۇ توسىماسلىقى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوت كەتكەن پەيتتە ئىمىنىنىڭ ساراڭلىقى تۇتسا تېخىمۇ چاتاق ئىدى.
تايىپ بەگ ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېلىلا يىقىلىپ چۇشىدىغان قىياپەتتە زاھىرنىڭ يۆلىشى بىلەن ئېدىر ئۇستىدىن چۇشتى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تاتارغانىدى. بۇنى بىرىنچى بولۇپ سەزگەن مېھرىۋان تايىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە:
— بېگىم نېمە بولدىلا، بىر يەرلىرى ئاغرامدۇ؟ — دېدى.
— ياق، ياق، ئېگىز ئوردىغا ئوت كېتىپتۇ، دادام —... دېگىنىچە ئولتۇرىۋالدى تايىپ.
ئايجامال يۇگۇرۇپ كېلىپ:
— ئاكا، نېمە دېدىلە؟! ئوردىغا ئوت كەتكەن بولسا دادام ... دادام! — دەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. تايىپ بەگمۇ، مېھرىۋانمۇ كۆزىگە ياش ئالدى.
زاھىر ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ:
— چىڭۋاڭ غوجام بولسا ئۇلۇغ زات، خۇدايىم ئۆز پاناھىدا

ساقلىغاندۇ، بۇ يەردە تۇرۇپ نېمىنى بىلگىلى بولىدۇ؟ بىكاردىنلا كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا! — دېدى.

ئاۋۇتنىڭ ئايجامالغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. زىلۋا بويلۇق ئايجامالنىڭ ئاپئاق يۈزى سەھەرنىڭ سوغۇقىدىن ئالمىدەك قىزارغان. قاپقارا چاچلىرى بەلنى يېپىپ تۇرغان 17 — 18 ياشلاردىكى بۇ گۈزەل قىزغا زاھىرنىڭ تەسەللىيسى تەسىر قىلدىمۇ يىغىدىن توختىدى. ئۇ قايرىلىپ قارىغىنىدا ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان بورتۇمشال ياغلىقى گويا قۇياشنى چوڭ ياغلىق بىلەن ئوراپ قويغاندەك، ئۇنىڭ كىيىك كۆزلىرىدە يالتىرىغان ياش تامچىسى سەھەردە قىياقتا چۈشكەن شەبنەمدەك پارقىراق كۆرۈنەتتى. ئاۋۇت ئۆزىنى مېھرىۋان، زۆھرە، پاتەم، ئايشەملەرنىڭ گۈزەللىكىنى ئايجامال بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتى. تەكەببۇر، ئۆكتەم، سۆرۈن تەلەت، ئىلمەك بۇرۇن مېھرىۋان ئۆزىگە ھەرقانچە پەرداز قىلسىمۇ چىن گۈزەللىكتە ئايجامالنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس تاش، كېسەك ئىدى.

ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى بىرىنچى بولۇپ ئاۋۇت ئاڭلاپ، مۇرىسىدىن مىلتىقىنى ئالغىنىچە:

— ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. ئاغىچىلار قورقۇنچقا چۈشتى.

— كېلىۋاتقانلار بىزگە ئوخشاش يىغىدىن قاچقانلار، ئەنسىرىمە ئوغلۇم، ھېلىلا بىز دۇربۇندا كۆرگەن، — دېدى زاھىر.

ئاتلىقلار ئېغىز ئىچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋاڭلاردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پولات باي قاتارلىق 5 كىشى ئىدى. كەلگۈچىلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تايىپ بەگكە سالام بېرىشتى. تاقەتسىزلەنگەن تايىپ بەگ:

— پولات باي، قەيەردىن كېلىشىڭىزلەر؟ — دەپ سورىدى.

— قورشاۋدىن چىققاندىن كېيىن شۇ قاچقانچە تاشقىن ئېقىنىدا بۇ ھەمراھلار بىلەن تېپىشتۇق. مەسىلىھەتنى پىشۇرۇپ ئىلان كارىزدا قوندۇق. خۇپتەن بولغىچە ئىلان كارىز قېچىپ چىققانلار بىلەن تولدى. بىز بىر ئۇخلاپلا بۇ يەرگە قاراپ ئاتلاندۇق، — دېدى پولات باي.

— خۇجىنىياز ھاجىچۇ، ھازىر قەيەردىكەن؟

— ئاخشام كەينىمىزدىن كەلگەنلەرنىڭ دېيىشىچە ئۇمۇ قۇرۇق تاغقا چېكىنىپ، قارا شەھەرگە كەتكەن ماموت سىجاڭنىڭ كېلىشىنى كۈتكىدەك، دېگەن گەپ بار. ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا بىر پالۋان يىگىت توغرىلىق گەپ. ئەسلى بېگىمنىڭ قاسىم بايۋەچچىسىدە بىر مىلتىق بار ئىكەندۇق. ھېلىقى يىگىت مىلتىقنى ئېلىپ ئەتراپتىكى ئورۇسلارنى قىرىۋېتىپ، مىلتىقنى قاسىم بايۋەچچىگە قايتۇرۇپ بېرىپ تۆۋەن مەھەللىگە كىرىپتۇدەك. ئۇ يەردىن بىر تال مىلتىق تېپىپ كەلگەنلا ئورۇسنى ئېتىپ ئولجا ئالغان مىلتىقلىرىنى بىر ئاتقا ئارتىپ، بىر ئاتنى مىنىپ كېتىپتۇدەك. ئەجەپمۇ يۈرىكى چوڭ، قورقماس نېمىكەن ئۇ؟ — دېدى پولات باي. تايىپ بەگ:

— ھە، ئۇ مۇشۇ يەردە. ئاۋۇ تۇرغان زاھىرنىڭ 2 — ئوغلى ئاۋۇت 6 ئورۇسنى ئېتىپ 3 تال مىلتىق، ئات ئولجا ئېلىپ كەپتۇ.

— زاھىر، يۈزگە تېتىغۇدەك بىر ئوغلۇڭ بار ئىكەن جۇمۇ، — دېدى پولات باي.

ئايجامال ئاۋۇتنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئاۋۇت بولسا تەرىپلەشتىن پوكاندەك قىزارغانىدى.

— زاھىر، — دېدى تايىپ.

— خوش بېگىم، — دېدى زاھىر.

— بىز يولىمىزغا ماڭايلى، ئەگەر خۇجىنىياز كېلىپ قالسا

چاتاق بولىدۇ، — دېدى تايىپ. خېنىم ئاغىچىلار ئاۋۋالقىدەك تۆگىگە جايلاشتۇرۇلدى. تۆگىلەر تۇرغۇزۇلۇپ تىزىلغاندىن كېيىن، تايىپ بەگ:

— ئىلدامراق ماڭايلى! ئاۋۋت سەن بىر چاقىرىمچە كەينىمىزدە ماڭ. بىرەر شەپە بولسا قاراملىق قىلماي خەۋەر قىل، ماڭايلى، — دېدى.

ئاۋۇت كۆڭۈلسىزلىككە چۆكتى. يالغۇزلۇق، زېرىكىش، ئەمدى ئۇلارنىڭ توزۇتقان توپىسىنى كۆرىمەن، ئايجامالمۇ كېتىدۇ ...

كارۋان مېڭىپ كەتتى. ئاۋۇت مىلتىقىنى تۇتقىنىچە كېتىۋاتقانلارغا بولۇپمۇ كەينىدىكى تۆگىلەرگە ئايرىلغۇسى كەلمەي قاراپ قالدى.

## 8

قۇرۇق تاغ ئىسمى — جىسمىغا لايىق قۇرۇق ئىدى. تاشلىق ئېدىرلار، شېغىللىق سايلار، ئاندا — ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يانتاقتىن باشقا گىياھ، بىر تېمىم سۇمۇ ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، قۇرۇق تاغ سەپىرىگە قەدەم باسقان ئادەم قەرەللىك مېڭىپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، مەنزىلگە ئالدىرايدۇ.

— تۆگىلەرنى تېزرەك تارتقىن، بۇ يولنىڭ چۆللۈكىنى ئوبدان بىلىمىز. كۈن يورۇقىدا ئەگمە تاغقا يېتىۋالمىساق بولمايدۇ، — دېدى زاھىر سامۇتقا.

بۇرنىدىن ياغاچ ئۆتكۈزۈپ نوختىلانغان بىچارە تۆگىلەر نەگە تارتسا، قانداق يېتىلىسە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنىدۇ. زاھىرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سامۇت ئېتىنى دۈتىتىۋېدى

تۆگىلەر بىر — بىرىنىڭ كەينىدىن قۇيرۇقلىرىنى شىپقاپ يورغىلاشقا چۈشتى.

ھەشەمەتلىك ئوردىدا يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدە راھەت پەيزىنى سۈرۈپ كەلگەن ئوردا خېنىملىرى مېھرىۋان، زۆھرەلەر تۆگىلەرنىڭ لوكۇلداپ مېڭىشىغا چىدىمىغىلى تۇردى. ھەر قەدەمدە دېگىدەك ئۆكتەم مېھرىۋان ۋايساپ: «بەللىرىم ئۈزۈلەي دېدى، بېگىمگە دەڭلار، بىردەم ئارام ئالايلى» دەيتتى. زەينەپ ئانا تەسەللىي بەرسىمۇ ئۇنىمايتتى. مېھرىۋاننىڭ ئىلتىماسى تايىپ بەگكە يەتكۈزۈلگەندە:

—ئاغىچا، ئوردىمىز قالدى، قەرەللىك ماڭمىساق مەنزىلگە يېتەلمەيمىز. كەينىمىزدىن خۇجىنىياز ھاجى يېتىشىۋالسا ئىش تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. ئەمدى غەيرەت قىلماقتىن باشقا چارە يوق،—دېدى.

ئايجامال ئوردىنىڭ ئابرويلۇق قىزى. ئۇنىڭمۇ تۆگە ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇشى. ئۇنىڭمۇ مېھرىۋانغا ئوخشاشلا بەللىرى ئاغرىپ، پۇتلىرى ئۇيۇشۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ غەيرەت قىلىپ، بۇ سەپەرنى كۆڭۈللۈك ھېسابلاۋاتىدۇ.

تايىپ بەگ ئات ئۈستىدە كېلىۋېتىپ خىيال سۈرەتتى: «مەن ئەخمەق ئىكەنمەن. نەچچە مىڭ مو يەر، ئونلاپ كارىز، مىڭلاپ چارۋا مال قومۇلدا تۇرسا شۇنى ساقلاپ قالىمەن، دەپ قوزغىلاڭچىلارنى تەكلىپ قىلىپ مانا ئەمدى بالاغا قالدىم. گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئاران قۇتۇلدۇم. يۇنۇس بەگ ئىشنى چاپسانراق ئوڭشاپ كەلسىدى. شىڭ زىخۇي تېزرەك كەچۈرسىدى. 160 يىلدىن بويان سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك تۇرغان ئوردا ئەمدى كۆيۈپ تۈگىشەرمۇ؟ دادام نېمە بولغاندۇ؟ يۇنۇس بەگ كەلگىچە بۇ چۆلدە قانداق جاپا — زېرىكىشلەرنى تارتۇرمىز؟ ...»

ئايجامال بولسا كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا ئويلانغاندىن كېيىن، كىمنىدۇ ئىزدىگەندەك پات — پات كەينىگە قاراپ قوياتتى.

كۈن دىگەر ۋاقتى بولغاندا زاھىر تايىپ بەگكە:

—غوجام، بۇگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونساقمىكىن؟ — دېدى.

—يول ئۇستىدىلىما؟ ئەپلىكرەك، خالى جاي يوقمۇ؟ — دېدى تايىپ.

—مۇشۇ دۆمبەلدىن كەينىگە ئۆتۈپ ئازراق ماڭساق ئەگمە تاغ بار. ئۇنىڭ چوڭ ئۆڭكۈرى بولۇپ شامال، يامغۇردىن پاناھلانغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردە قالىغىدەك ئوتۇن، تۆگىلەر يېگۈدەك بوز تىكەن بار، — دېدى.

—مەيلى ئەمىسە، ئىشقىلىپ يولدىن چەتتە چۈشكۈن قىلايلى، — دېدى تايىپ.

ئۇلار يولدىن چەتنەپ غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تايىپ بەگ زاھىرغا:

—زاھىر، ئاۋۇت بىلمەي ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى.

—خوش غوجام، ئۇ ماڭغان ئىزلارغا قاراپ بىزنى تاپالايدۇ، — دېدى زاھىر.

بىر بەلدىن ئېشىپ، ئەگمە تاغنىڭ لەمپىلىك ئۆڭكۈرىگە يەتتى. ئاتلار قانتۇرۇلدى، تۆگىلەر چۆكتۈرۈلۈپ يۈك — تاقلار چۈشۈرۈلدى. ئاۋۇتمۇ كېچىكمەيلا ئاسماندىن چۈشكەندەك ھازىر بولدى.

سېرىق يۈزلۈك، ئىلمەك بۇرۇن، ھارغىنلىقتىن قاپاقلىرى ئىششىغان تەكەببۇر ئاغىچا مېھرىۋان تۆگىدىن چۈشۈپلا شېغىللىق ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئايشەم بىلەن زەينەپ

ئانا دەرھال چۈشەك راسلاپ ئۈنى يۆلگىنىچە چۈشەككە ياتقۇزدى.

ئايجامال بولسا بىر چەتتە غەمكىن قاراپ تۇراتتى. زاھىر تاشلاردىن ئوچاق ياساپ قازان ئاستى.

ئاۋۇت بىلەن سامۇت لەمپە تاغ ئۆڭكۈرىگە نەرسە — كېرەكلەرنى جايلاشتۇردى. ئايال خىزمەتچىلەر كۆرپىلەر سېلىپ، ياستۇق قويۇپ بەگ — ئاغىچىلارنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. زاھىر ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ:

— ئاۋۇتاخۇن، سەن بۇ كېچە بالدۇرراق ئۇخلىۋال، ئىككى كېچە ئۇخلىمىدىڭ. مەن سامۇت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىمەن، — دېدى.

ئاۋۇتنىڭ ھەقىقەتەن ئۇيقۇسى كەلگەنىدى. ئۇ بىر پارچە ناننى سوغۇق سۇ بىلەن يەۋېلىپلا بىر تاشنىڭ دالدىسىغا ئورۇن راسلاپ جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىدى. ئايجامال ئاۋۇتنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كۆز قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قوياتتى. نېمىشقىدۇ ئاۋۇتنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا ئېچىلىپ — يېيىلىپ سۆزلىشەلمەيمىز؟ نېمىشقا ئارىلىشالمايمىز، نېمىشقا ئاۋۇ قىزلارغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىلى بولمايدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

قاش قارايغان چاغ. ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئارانلا ئىلغا قىلغىلى بولىدۇ. لەمپىلىك ئۆڭكۈر ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ ماڭغان شەپىسى ئاڭلاندى. باشقىلار نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىچە ئاۋۇت كېتىۋاتقان ئىككى نەرسىنى غىل — پال كۆرۈپ قالدى— دە، مىلتىقىنى ئوقلاپ، زاھىر ھاي دېگىچە ئوق چىقىرىۋەتتى. ئوق ئاۋازى جىمجىت تاغدا سادا پەيدا قىلىپ يىراقلاردا ياڭرىدى. تايىپ بەگ ئاۋۇتقا

كايماقچى بولۇپ تۇراتتى، تاشلارنىڭ دۈگىلىگەن ئاۋازى بىلەن يوغان بىر دانە تاغ تېكىسى دۈگىلىگىنىچە لەمپە تاغ ئالدىغا چۈشۈپ توختىدى. ئاغىچىلار قورقۇپ كەتتى. باشقا بايلار ھەيران قېلىشتى.

— راستىن نىشانلاپ ئاتتىڭمۇ ياكى ئۇدۇل كېلىپ تېگىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى پولات بەگ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ. ئاۋۇت ھېچ ئىش بولمىغاندەك جۇۋىسىنى يېپىنغىنىچە ياتاتتى.

— تۇۋا بېگىم، بۇ، خەقلەر دەپ يۈرگىنىدىن ئارتۇق مەرگەنكەن. قۇرۇلنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان چاغدا مۇنداق تەگكۈزسە، كۈندۈزى بولسا ئۇنىڭدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەك، — دېدى يەنە بىر باي ھەيران قېلىپ. زاھىر بىلەن سامۇت تاغ تېكىسىنى سويۇشقا تۇتۇندى.

ئايجامال ئاۋۇتنىڭ مەرگەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىسى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى كېلەتتى. نېمە ئامال؟!

زاھىر بىردەمدىلا گۆشنى پارچىلاپ قازانغا سېلىپ قاينىتىشقا باشلىدى. گۆش پورۇقلاپ قايناۋاتىدۇ. سامۇت ئۇيقۇ باسقان ھالدا ئوت ئالدىدا كۆزەتتە ئولتۇرىدۇ. باشقىلار ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن.

پەقەت ئىككىيلەن — بىر — بىرىدىن خېلىلا يىراقتا ياتقان ئاۋۇت بىلەن ئايجامالنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. پاتىمە بىلەن زەينەپ ئانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان ئايجامال نېمىشقىدۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى.

ئاۋۇت بولسا ھەسرەتلەنگىنىچە تىنىق ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئۇنىڭدىن كىمنىدۇ ئىزدىگەندەك قىلاتتى. ئەتراپ جىمجىت، تەبىئەت ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى.

# 9

ئەتىيازنىڭ تاغ ئېچىدىكى مۆزدەك شامىلى سەپەر هارغىنلىقىدا ياتقانلارنى مۆزلىتىپ، قەلەمتۆراچتەك تۆگنۈەتكەنىدى. بۆ ياتقان بايۋەچچىلەرنىڭ ئۆمرىدە مۆساپىر ئۆيقۆسىنى ئۆخلاۋاتقىنى تۆنجى قېتىمدۆ!

كېچىنىڭ ئاخىرىدا كۆزەتكە تۆرغان زاهىر، تاڭ سۆزۆلۆشىگىلا كۆزى ئەمدى ئۆيقۆغا بارغان ئاۋۆتنى بىرىنچى بولۆپ ئويغاتتى. ئۆنىڭ نېمىلەرنىدۆ ئويلاپ ناهايىتى تەستە ئۆخلىغانلىقىنى زاهىر نەدىنمۆ بىلسۆن!

ئاۋۆتنىڭ گەرچە بەدىنى يەر تارتىپ تۆرسىمۆ غەيرەتكە كېلىپ ئورنىدىن تۆردى — دە، ئالدى بىلەن ئاتلارغا بوغۆز تۆكتى. زاهىر ئوت يېقىپ چاي قاينىتىشقا چۆگۆن قويدى.

زاهىرنىڭ هەرىكىتىدە زەينەپ ئانا ئويغاندى. ئۆنىڭغا ئەگىشىپلا ئايجامالمۆ تۆرۆپ كەتتى. زەينەپ ئانا پەس ئاۋاز بىلەن:

—ئاي پۆجۆك، تېخى ئەتىگەن. چاي تەييار بولغىچە بىردەم ئوخلىۋالسىلا، —دېدى.

—ئۆيقۆم قاندى ئانا، مەنمۆ ياردەملىشەي، —دەپ ئايجامال پاتىمەنى نوقىدى.

زەينەپ ئانا ئايشەمنىمۆ ئويغىتىۋەتتى. شۆنداق قىلىپ ئورنىدىن تۆرغان خىزمەتچىلەر سەهەر سوغۆقىدىن غول قورۆشۆپ ئوت ئالدىغا كېلىشتى. ئايجامالمۆ جۆۋىسىنى يېپىنچاقلىغىنىچە ئوت ئالدىغا كەلدى.

ئاخشام قازانغا سالغان تاغ تېكىسىنىڭ گۆشى پورۆقلاپ قاينايتتى.

ئاۋۆت ئاتلارغا بوغۆزنى تۆكۆپ بولۆپ، ئوت ئالدىغا

كەلدى. پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ شولىسى دۇخاۋا تاشلاغلىق تۇلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىغا ئورىنىپ قىيا ئولتۇرغان ئايجامالنىڭ يۇزىگە چۇشكىنىدە بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاي قىيا كۆرۇنگەندەك، ئايجامالنىڭ قىزارغان مەڭزىنى كۆرگىلى بولاتتى.

زاھىر ئوتنى تۇزەشتۇرۇپ قويۇپ ئاۋۇتقا ئورۇن بوشىتىپ بەردى. ئاۋۇت بىلەن ئايجامالنىڭ ئارىسى پەقەت بىر مېتىر. ئۇ، ئىككىسى تۇنجى قېتىم يېقىن ئولتۇرۇۋاتاتتى.

—ئاۋۇتكا سوقتاندىلامۇ؟ —سورىدى پاتىمە.

—خېنىملار سوقتاندىمىكىن؟ —دېدى ئاۋۇت.

—بىز دېگەن شامالدىن دالدا جايدا ياتقان تۇرساق، —دېدى پاتىمە.

—ئاي پۇجۇڭ سوختانغان ئوخشايدۇ، ئەجەپ ئەتىگەن تۇرۇپ كېتىپتىغۇ؟ —دېدى ئاۋۇت سىناق نەزىرى بىلەن. بۇ ئون نەچچە كۇندىن بويان ئايجامالغا ئاۋۇتنىڭ تۇنجى قېتىم گەپ قىلىشى ئىدى. ئۇ مۇشۇ گەپنى دېيەلىگىنىگە ئۆزى ھەيران بولاتتى. ئۇ ئايجامالغا كۆز قۇيرۇقى بىلەن قارىغانىدى، ئۇنىڭ ئاپئاق يۇزى ۋىللىدە قىزاردى. ئايجامال كۇلۇمسىرىگىنىچە:

—ئورۇندا ياتقاندەك ئوبدان ئۇخلاپتىمەن، ئەتىگەن تۇرۇپ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، —دېدى. ئاۋۇت ئايجامالنىڭ مېھرىۋاندەك تەكەببۇر ئەمەسلىكىنى چۇشىنىپ يەتتى.

—مەن ھەرقايسىلىرىغا تاغ تېكىسىنىڭ جىگەر، يۇرەكلىرىدىن تاغ كاۋپى قىلىپ بېرەي، —دېگىنىچە ئاۋۇت پىچىقىنى چىقىرىپ جىگەر، يۇرەكنى يالپاغداپ قېيقىزىل چوغ ئۇستىگە قويدى.

—ئاۋۇتكا، باسمىچى ئورۇسلارنى ئۆلتۇرگىچە

قورقمىدىلامۇ؟ —سورىدى پاتىمە.

—ئۇلار بىز خەقنى ئۆلتۈرگىچە قورقمىغان يەردە، مەن نېمىدىن قورقاتتىم؟ قولۇمدا مىلتىق تۇرسا،—دېدى ئاۋۇت.

—جەڭ قورقۇنچلۇق بولامدىكەن؟

—بىز قوۋۇقتىن چىققاندا قولىمىزدا مىلتىق يوق، نەدىن كېلىپ ئوق تېگەر دەپ سەل قورقتۇم. نى كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى. مەخسۇتبايغىمۇ ئوق تەگكىنىنى كۆردۇم. مېنىڭمۇ ئېتىمغا ئوق تېگىپ مۆدۈرلىۋىدى، ئۆزۈمنى ئات كەينىگە ئېتىپ چاققانلىق قىلدىم. يەيدىغان رىسقىم باركەن،—ئاۋۇت سۆزلەۋېتىپ كاۋاپنى ئۆرىدى.

—ئورۇسلارنى قانداق ئۆلتۈردىلە، سۆزلەپ بەرسىلەچۇ، —دېدى پاتىمە.

—قاسىم بايۋەچچىنىڭ مىلتىقى بىلەن 3 ئورۇسنى ئېتىۋېتىپ، قېچىپ تۆۋەن مەھەللىگە كەلسەم تەلىيىمگە ياش يىتىمچىلار بىر باسمىچى ئورۇسنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا مىلتىقنى تەڭلەپ ئاغزىدا «پاڭ — پاڭ» قىلىپ تاماشا قىلىۋېتىپتۇ. ھېچقايسىسى مىلتىق ئېتىشنى بىلمەيدىكەن. بىرسى ئورۇسقا ئىچى ئاغرىدىمۇ «مىلتىقنى بېرىۋېتىپ، قوغلىۋېتەيلى» دېدى. مەن ئۇنىماي مىلتىقنى ئېلىۋالدىم. شۇ يەردىلا ئورۇسنى ئاچچىقىمدا ئېتىۋەتتىم. ئۇلار مىلتىقنى ماڭا بېرىۋېتىشتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ 2 ئورۇس ئاتلىق كەلدى، قالغانلار سۇقۇنىۋالدى. مەن سوقما كەينىدە تۇرۇپ ئىككىسىنىلا ئېتىۋەتتىم. چاققانلىق بىلەن مىلتىق ئوقلىرىنى يىغىۋېلىپ، بىر ئاتنى تۇتۇۋالدىم، بىرسى قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇم تاغ ياقىلاپ دىغارغا يېتىپ كەلدىم،—دېدى ئاۋۇت.

بۇلار ئايجامالنىڭ كۆڭلىدىكى سوراپ بىلگۈسى

كېلىدىغان ئىشلار ئىدى. ئۇ ئاۋۇتنىڭ باتۇرلىقىغا تېخىمۇ قايىل بولۇپ، ماگنىت تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتقىنىدەك ئۇنىڭدىن ئاجىرالماس هالغا كەلدى.

— تاغ كاۋىپىنى ئاي پۇجۇڭمۇ تېتىپ باقسۇن، — دەپ ئاۋۇت كاۋاپنى پاتىمەگە ئۇزاتتى.

تاڭ يورىدى. زاهىرنىڭ سۆيلىشى بىلەن زەينەپ ئانا باشقىلارنى ئويغاتتى. ۋاقچە تۇرۇپ ئادەتلەنگەن مېهرىۋان كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

— نېمە بولدى، شۇنچە ئەتىگەن؟ — دېدى.

— چاي تەييار بولدى ئاغىچام. ناشتا قىلىسىلا، يولغا چىققۇدەكمىز، — دېدى زەينەپ ئانا. مېهرىۋان خۇشياقمىغان هالدا يەنە قىڭغايدى. باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇپ، ناشتىغا تۇتۇندى.

— زاهىر، سۇ بار جايغا يەنە قانچىلىك ماڭىمىز؟ — سورىدى تايىپ بەگ.

— هازىر يولغا چىقسىپ، توختىماي ماڭساق دىگەرلەر بىلەن كىچىك بۇلاققا يېتىمىز، — دېدى زاهىر.

پىشقان گۆشنى مېهرىۋاندىن باشقىلار ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. ناشتىدىن كېيىن يۈك — تاقلار ئارتىلىپ كارۋان يەنە يولغا چۈشتى. ئاۋۇت توپىنىڭ قارىسىنى يىتتۈرمەي خىيال ئىلكىدە كېلىۋاتىدۇ. كەينىدىكى تۆگىگە جايلاشقان ئايجامال تۇتاش كەتكەن تاغلارغا كۆز تىككىنىچە خىيال سۈرەتتى. نېمىشقىدۇ تۇنۇگۇندىن بېرى ئۇنىڭغا غايىۋى يېڭى هەمراھ پەيدا بولغانىدى. ئۇ هەرنېمە قىلىپمۇ بۇ هەمراهنى خىيالىدىن نېرى قىلالمايتتى. ئۆز — ئۆزىگە: «مەن نېمە بولدۇم؟ مۇهەببەت دېگەن شۇمىكىن؟» دەپ سوئال قوياتتى.

ئايجامال ئوردىدا «يالغۇز قىز» دەپ ناهايىتى ئابرويلۇق

چوڭ بولدى. ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم يىرەلمەيتتى.
ئايجامال 4 ياشقا كىرگىنىدە ئۆز ئانىسىدىن ئايرىلدى. سەبىي قىز ئىنىكئانىسى سانىخانىنىڭ تەربىيىسىدە ئانا قەدرىگە زار بولماي چوڭ بولدى. ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە ئىنىكئانا سانىخان تايىپ بەگ تەرىپىدىن ئوردىدىن ھەيدىلىپ، ئايجامال ئانىسىز قالدى. ئۇ، شۇ چاغدىلا ئانا قەدرىنى سېغىنىپ نەچچە كۈنلەر يىغلىدى. سانىخان ئانىنىڭ ئايجامال بىلەن تەڭتۇش بىللە ئويناپ ئۆسكەن قىزى پاتىمەمۇ ئانىسى بىلەن كەتكەنىدى. ئايجامال جېدەل قىلىپ، دادىسىغا دەپ يۈرۈپ پاتىمەنى دىدەكلىككە ئەكەلدۈرۈۋالدى. شۇندىن بېرى ئۇلار ئاچا — سىڭىلدەك بىر ئۆيدە يېتىپ — قوپۇپ كەلمەكتە ئىدى.
6 — 7 يېشىدىلا ئوردا موللىسىدا ئوقۇشقا باشلىغان ئايجامال تېزلا ساۋادىنى چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائىينىڭ «خەمسە»، قىسسۇرىنىڭ «رەۋزەتۇل زوھرا» نىزارىنىڭ ئەپرىدۇن ۋاڭغا تەقدىم قىلغان «مۇھەببەتنامە» داستانلىرىنى ئوقۇپ چىقىپ ئۇنىڭدىكى ئاشىق — مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە ھېسداشلىق قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا ئۇ مۇھەببەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.
ئىمىن ۋاڭ «يالغۇز قىزىم» دەپ ئايجامالنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. شۇڭا، ئوردا ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشكە، ئۇنىڭ گېپىنى قايرىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. ئايجامال يېشى چوڭايغانسېرى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى: «دادامدىن كېيىن قالسام بىر ئانىدىن بولغان نە ئاكام، نە ئاچا — سىڭىللىرىم بولمىسا ھازىرقى ئاكىلىرىم باشقا ئانىدىن تۇرسا، نە ئانا جەمەت تۇغقانلىرىمنى بىلمىسەم

كېيىنكى تەقدىرىم نېمە بولىدۇ، ئاكىلىرىم نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟».

مېھرىۋان تايىپ بەگ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئايجامالغا ئوردىدا بىر كۆشەندە پەيدا بولدى. مېھرىۋان كۆڭلىدە «مەن بەگنىڭ خوتۇنى. شۇڭا، ئوردىدا ئاياللار ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئايجامال ئۇنىڭ بىلەن ئابروي تالاشمىسىمۇ، مېھرىۋان كېلىپلا ئوردىدىكى ئايجامالنىڭ ئابرويىغا ئىچى تارلىق قىلغىلى تۇردى. ھەتتا تايىپ بەگكە نەچچە قېتىم چاققانمۇ بولدى.

مېھرىۋان كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ بىر ئۆلۈش مال — دۇنياسىغا ۋارىس بولىدىغان ئايجامالنى چېقىر كۆزلۈك ئىنىسى ھەمزىگە ئېلىپ بېرىشنى ئويلىدى — يۇ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

يېغا بولۇشتىن ئىلگىرى تايىپ بەگ مېھرىۋانغا:

—سىڭلىمىز ئايجامال بويىغا يېتىپ قالدى. دادام ئۇنى بەكمۇ ئەزىزلەپ چوڭ قىلدى. بىزگە خىل كېلىدىغان لايىق چىقسا تالالىق قىلساق بولاتتى، —دېدى.

بۇ گەپ مېھرىۋانغا يان كەلدى:

—بىزنىڭ ھەمزە بەگمۇ چوڭ بولۇپ قالدى بېگىم. ئەگەر لايىق كۆرسىلە ئىككىسىنىڭ بېشىنى چېتىپ قويساق گۈل — گۈلىگە كېلەتتى، —دېدى.

—خىل دېگەنغۇ شۇ، قېنى مەسلىھەت قىلىپ كۆرمەيمىزمۇ، —دېدى تايىپ بەگ.

شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىۋان بۇ «مەسلىھەت» نى باشقىلار ئارقىلىق ئايجامالغا يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايجامال كۆن بويى يىغلىدى. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوردا ئاخۇنىنىڭ قۇشناچىنى ئارىغا قويىدى.

قۇشناچا ئايجامالغا «نەسىھەت» قىلغانىدى. ئۇ دەسلەپتە يىغلىدى، كېيىن:

— قۇشناچا، بۇ گەپ يەنە ئاغزىلىرىدىن چىقمىسۇن! ئۇ چاغدا ھۆرمەتلىرىڭنىمۇ قىلمايمەن، ۋاڭ دادامغا ئېيتىمەن، — دېدى.

قۇشناچا بۇ گەپتىن ئەنسىرەپ تىلغا ئالماس بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېھرىۋان سوقۇشىدىغان مىكيانلاردەك ھۇرپىيىپ، ھەدېسىلا ئايجامالنى چېقىۋالىدىغان بولدى. ئايجامال دەسلەپتە مېھرىۋانغا كېلىن ئاچام دەپ يول قويىدى. لېكىن، مېھرىۋان ئۆزىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئۇنى مەڭسىتمەيدىغان بولدى ...

لۇكچۇن يېغىلىقى بىر ھېسابتا ئايجامالغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇ سەپەردە ھارسىمۇ قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئۆزىنى ئازادە سېزەتتى. بۇ گىياھسىز قۇرۇق تاغ ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئاراملىقى بەخش ئەتكەنىدى.

ئايجامال خىيالىنى تىزگىنلەپ كۆز يەتكۈسىز يەردە كېلىۋاتقان ئاۋۇتقا قارايتتى. ئۇ، ئۆز — ئۆزىنى جىملەپ: «نېمانچە قىلىمەن، ئۇ مېنىڭ خىلىممىدى؟ قارىمايچۇ، خىيالىمدىن چىقىرىۋېتەيچۇ، ئويلىمايچۇ» دەيتتى — يۇ، ئۇ باشقا ياقلارغا قارىسىمۇ گويا ئاۋۇت ئۇنىڭ كۆز گۆھىرىگە قونۇۋالغاندەك ئالدىدىكى تاغلارمۇ ئاۋۇت، تاش — سايلارمۇ ئاۋۇت بولۇپ كۆرۈنۈپ ئۇنى ئىختىيارسىز كەينىگە قارىتاتتى. «مۇھەببەت دېگەن شۇمىكىن؟» ئېھ ······ مۇھەببەت! ! !

ئايجامال بۇگۈنكى بىر كۈننى مەستخۇش خىيال ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. قانچىلىك يول باسقانلىقىنى، بىرەر يەرلىرىنىڭ نەچچە كۈندىكىدەك ئاغرىغان، تالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. كۈن دىگەر ۋاقتى بولغاندا ئۇلار كىچىك بۇلاققا يەتتى.

كىچىك بۇلاق تاغنىڭ يان باغرىغا سىرغىپ چىققان سۇپ – سۈزۈك سۇ بولۇپ، غول ئىچىدە 20 – 30 مېتىر ئاقمايلا شىغىللىققا سىڭىپ كېتەتتى. بۇ غولنى قارا ياغاچلىق قاپلىغانىدى.

— كىچىك بۇلاق دېگىنىمىز مۇشۇ. پىنھان جايغا چۇشكۈن قىلايلى، —دېدى زاھىر تايىپ بەگكە. ئۇلار قارا ياغاچلىق ئارىسىدىن ئۆتۈپ تاغنىڭ تۇمشۇق بولۇپ چىقىپ يولدىن ئۆتكەنلەر بۇ يەردىكىلەرنى كۆرگىلى بولمايدىغان دالدا جايغا بېرىپ چۈشكۈن قىلىشقا توختاشتى.

10

تايىپ بەگلەر كىچىك بۇلاق غولىدا بىر نەچچە كۈن تۇرماقچى بولۇشتى. شۇڭا، زاھىر ئوغۇللىرى بىلەن شاخ – شومبا كېسىپ، ئۇنى تاغقا يۆلەپ، ئۈستىگە كىگىز يېپىپ، شامال، سوغاقتىن پاناھلىنىش ئۆيى تەييارلاشقا كىرىشكەنىدى. بايلار ۋە قىزلارمۇ بۇ ئىشقا ياردەملەشتى. ھەش – پەش دېگىچىلا كىگىز يېپىلغان شاخ – شومبۇلۇق ئىككى كەپە تەييارلاندى. تايىپ بەگ، خېنىملىرى بىرىگە، باشقا بايلار بىرىگە جايلاشتى.

يالغۇز يول مېڭىپ زېرىككەن ئاۋۇت، زەينەپ ئانىغا:

—ئانا، قازانلىرىنى تەييارلاپ تۇرسىلا. خۇدا يول بەرسە يەنە بىرنى ئېتىپ كېلىمەن، —دېگىنىچە ئوۋغا كەتتى.

قاتتىق چارچىغان مېھرىۋان، زۆھرە بىر چەتتە، باشقىلار بىر چەتتە ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئايجامال بولسا ئۇخلىيالمايتتى. شۇڭا پاتىمەنى ھەمراھ قىلىپ ئۇدۇلدىكى تاغ بېشىغا چىقىپ

پايانسىز كەتكەن قۇرۇق ئېدىرلىقنى تاماشا قىلدى.

ئايجامال ئاۋۇت كەتكەن تەرەپكە كۆز تىككىنىچە تاشتا ئولتۇرۇپ:

— دوستۇم، بۇ تاغ ئارىسىدا قانچە ۋاقىت تۇرارمىز؟ — دېدى.

— بۇنى بېگىم بىلەر، يۇرت تىنچلانسا قايتىپ كېتەرمىز، — دېدى پاتىمە.

— مېنى دېسەڭ، بۇ تاغدىن كەتكىم يوق.

— نېمىشقا خېنىم؟

— قارىغىنا، بۇ تاغ تاقىر بولغىنى بىلەن نېمە دېگەن تىنچ، ھاۋاسى نېمە دېگەن ساپ!

— ئۇرۇش تۈگىسە يۇرتمۇ تىنچىقۇ؟

— يۇرت تىنچ بولغان بىلەن كۆڭۈل تىنچ بولمايدۇ ئەمەسمۇ! مەن يېغا بولغانغا خۇشالمەن. ھېلىقى ھەمزە دېگەن قاراغۇنى بىرەرسى ئۆلتۈرۈۋەتسىغۇ تىنچ بولاتتىم.

— پۇجۇڭ، مەن رازى ئەمەس دېسىلە، كىم گەپلىرىنى يىرالايدۇ؟

— ئۇنداق دېمە پاتىمە. ئەگەر دادامدىن كېيىن قالسام مېنىڭ كۈنۈم قىيىن بولىدۇ. ماڭا يار — يۆلەك بولغىدەك نېمەم بار؟ مېھرىۋان دېگەن جادۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بۇ ئاكىلىرىم ھازىر سىڭلىم دېگىنى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە مېنى يات ئادەمدەك چىقىرىۋېتىپ دادامدىن قالغان بىر ئۈلۈش مىراسىمغىمۇ ئىگە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كىرىپ، مېھرىۋانغا خۇشامەت قىلسام ئۇ چاغدا ماڭىمۇ كۈن تېگەر. لېكىن، مەن ئۇلسەممۇ ئۇنداق قىلمايمەن. مەن بىر يېتىم، — ئايجامالنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.

— پۇجۇڭ، ئەيىپكە بۇيرۇمىسىلا بىر ئىشنى سوراپ

باقسام بولامدۇ؟ — دېدى پاتىمە.

— تۇزۇت قىلمىساڭچۇ دوستۇم، قېنى سورا.

— چىن كۆڭۈللىرىدىن ياخشى كۆرگەن بىرەر كىشى بارمۇ؟

— نېمە دېسەم بولار؟ مەن سەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمەن. بۇ دۇنيادا بىردىن — بىر يېقىن كىشىم، سىردىشىمۇ سەن. مۇشۇ سەپەرگە چىققاندىن بويان كۆڭلۇمدە بىر ھەمراھ تېپىۋالغاندەكلا قىلىمەن. ئۇنى بىردەممۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمايمەن. ئۇنى ئۇنتاي دەپ بىر — ئىككى دەپ ساناپ باقسامۇ سانىقىم 10 دىن ئۆتمەي يەنە شۇ ھەمراھ ساناققا قېتىلىۋالىدۇ.

— بۇ دېگەنلىرى، بۇ دېگەنلىرى ...

— دەۋەرگىن، قېنى تاپالامسەنكىن؟

— ئاۋۇتقۇ دەيمەن. ئۇ خېلى تۇزۇك يىگىتكەن. شۇنىسى خىللىرى ئەمەستە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! شۇ باتۇر يىگىت خىلىم بولمىسا ھەمزە قاراغۇ خىلىممۇ؟

— مېنىڭ دېگىنىم نەسەب، بايلىق جەھەتتىن خىللىرى ئەمەس دېمەكچىمەن.

— ھەي دوستۇم، سەنمۇ بېشىڭغا كەلگەندە بىلىسەن. كۆڭۈل دېگەن مال — دۇنيانى ئەمەس، ئادەمنى تونۇيدۇ. ئەگەر ئاۋۇتمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلىسا دادامدىن مىراس قالىدىغان بارلىق مال — دۇنيادىن كېچىمەنكى، ئۇنىڭدىن كەچمەيمەن. مەن بۇرۇن بىر كىتاب ئوقۇدۇم. قەشقەرلىق نىزارى دېگەن شائىر يېزىپ، بوۋىمىز ئەپرىدىن ۋاڭغا تەقدىم ئەتكەن كىتابكەن. شۇ كىتابتا «رابىئە — سەئىدىن» دېگەن داستاندا باينىڭ قىزى رابىئە، نامرات يىگىت سەئىدگە ئاشىق بولىدىكەن.

— ئۇلار مۇرادىغا يېتىپتىمۇ؟

— نەدىكىنى؟ ! دادىسى مال — دۇنيانى دەپ رابىئەنى بىر قېرى ئەمەلدارغا بېرىپتۇ. بىچارە قىز توي كۈنى ئۆزىنى تەلۋىچۈك دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدىكەن.

— ھەي پۈجۈك، دۇنيادا قايسى ئاشىق — مەشۇق مۇرادىغا يەتكەن؟ كۆڭۈل — كۆڭۈلنى ئىزدىگىنى بىلەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك مۈشكۈل ئەمەسمۇ؟ خۇدايىم بىز قىزلارنى شۇنداق ئاجىز يارىتىپتىغۇ؟

— ئاجىزلىقىمىز راست، پەقەت يىغلاشنىلا بىلىمىز. بىز ئاجىز دەپ تەقدىرگە تەن بەرسەك، ئۆمۈر بويى خورلۇقتا ئۆتىمىز. مېنى ھەمزىگە زورلىسا مەنمۇ ئىككىلەنمەي رابىئە ماڭغان يولدا ماڭىمەن، دوستۇم!

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە پۈجۈك. ئۇنداق كۈنلەردىن خۇدايىم ساقلىسۇن!

ئىككى قىز تەقدىر توغرىسىدا ئەنە شۇنداق سۆزلىشىۋاتقاندا ئاۋۇت كەتكەن تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى كەلدى.

— جۇر پاتىمە، پەسكە چۈشۈپ كۆتەيلى. ئاۋۇت يەنە بىر جانىۋارنىڭ جېنىغا زامىن بولدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئايجامال.

ئۇلار ئاستا مېڭىپ پەسكە چۈشتى. ئازدىن كېيىن ئاۋۇت بىر ئارقارنى ئات كەينىگە ئارتقىنىچە يېتىپ كەلدى. بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقان ئىككى قىزنى كۆرگەن ئاۋۇت قوم بارخىنى ئۈستىدە قاراپ تۇرغان ئىككى قىزنى ئۇچراتقان ۋاقىتنى ئەسلىدى. ئۇ چاغدا ئاۋۇت ئۇلارنى تونۇمايتتى. ئەمدى بولسا تونۇشلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىي جاي، ئاۋۇتنىڭ ئايجامالغا دارتىپ پاتىمەگە چاقچاق قىلىپ باققۇسى كەلدى. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ:

— پاتەمخان بۇ تاغنىڭ بۆرىلىرى يامان، ئەجەپ قورقماي بۇ يەرگە كەپسىزلەرغۇ؟ — دېدى.

پاتىمە جاۋاب بەرگىچە ئايجامال:

— بىزمۇ ئاشۇ يامان بۆرىلەرنى كۆرەرمىزمىكىن دەپ چىققان. بىراق، بۆرىلەر بىزدىن قورقتىمۇ ھېچلا كۆرەلمىدۇق، — دېدى مەنىلىك قىلىپ.

بۇ گەپتىن ئاۋۇت قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي ھودۇقتى. پاتىمە ئاۋۇتنى خىجالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ:

— ئاۋۇتكا، بۇ ئېتىپ كەلگەن جانىۋارلىرىنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدى.

— بىز ئارقار دەيمىز. قوينىڭ ياۋىسى دېگەن مۇشۇ، — دېدى ئاۋۇت.

— ناھايىتى زالىمكەنلا ئاۋۇتكا، ئورۇسنى دۈشمەن دەپ ئۆلتۈرسىلە. ئەمدى بۇ جانىۋارلارنى نېمە دەپ ئۆلتۈردىلە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى پاتىمە.

— خۇدايىم بۇ جانىۋارلارنى مۇشۇنداق يارىتىپ قويۇپتۇ. ھەر قايسىلىرىنى دېمىسەم مەنمۇ پۇتۇمنى تىكىپ ئۇخلايتتىم، — دېدى ئاۋۇت.

— قوللىرى قىچىشىپ ئولتۇرالماي ئوۋغا چىققانلىغۇ دەيمەن، — دېدى پاتىمە.

ئايجامال، پاتىمەنى نوقۇۋىدى، ئۇ:

— چاقچاق قىلدىم ئاۋۇتكا. ماڭسىلا، ئاتنى بېسىپ كەتتى، — دېدى پاتىمە.

ئاۋۇت قىزلار ئالدىدىن ئاتنى يېتىلىگىنىچە مېڭىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئايجامالنىڭ «بۆرىلەرنى قورقۇنچاق» دېگەن گېپىنى ئويلاپ قالدى. بۇ چاقچاقمۇ، چىن گەپمۇ، — دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى ...

ئاۋۇت كەتكەندىن كېيىن پاتىمەگە:

— بۇ ئاۋۇت ھەقىقەتەن مەرگەنكەن. ئابايا زەينەپ ئانامغا «قازاننى يۇيۇپ تۇرسىلا» دېۋىدى، پو گەپمىكىن دېسەم، ئۆزىگە ئىشەنچى باركەن ئەمەسمۇ، — دېدى ئايجامال، — ئاخشام قورۇلنى ئېلىغا قىلغىلى بولمايدىغان چاغدا ئۇنىڭ

ئاتقىنىنى دېمەمسەن.

—بۇ تەرەپلىرىنى دېسىلە باھاسىز يىگىتكەن، —دېدى پاتىمە.

—جۇر، بىزمۇ كېتەيلى، —دېگىنىچە ئايجامال پاتىمەنى باشلاپ قايتتى.

ئايجامالىلار قونالغۇغا كەلگەندە زاھىر ئارقارنى سويۇپ بولاي دېگەنىدى. سامۇت، زەينەپ ئانا، پولات بايلار ئەتراپتا قارىشىپ تۇراتتى.

—پاتەمخان، سىز ئازراق تۇز ئەكىلىڭە، مەن بۇگۈن راۋرۇس تاغ كاۋىپى قىلىپ بېرەي، —دېدى ئاۋۇت. ئۇ ئالغاچ كەلگەن شىلۋە ياغىچىدىن زىخ تەييارلاپ ئىككى تاش ئارىسىغا سۆكسۆك ئوتۇنى قويۇپ ئوت ياقتى.

پاتىمە تۇز، ئاشتاختا، پىچاق ئەكەلدى. زەينەپ ئانا ئارقارنىڭ جىگەر، يۇرىكىنى توغرىدى، پاتىمە زىققا ئۆتكۈزدى، ئاۋۇت كاۋاپ پىشۇرۇشقا تۇتۇندى. ئايجامالمۇ بىلىكىنى شىمايلاپ زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. قىپقىزىل چوغ ئۈستىدە كاۋاپ پىژىلدىماقتا. ئاۋۇت كاۋاپنى ئۆرۈۋېتىپ ئايجامالغا قاراپ قوياتتى. بۇ مىنۇتلاردا ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا نېمىلەر پەرۋاز قىلغاندۇ؟! ...

—ئانا، كاۋاپ پىشتى، —دېدى ئاۋۇت.

—قېنى پولات بېگىم، زاھىر ئاخۇن، —دېگىنىچە زەينەپ ئانا ئۇلارغا كاۋاپ ئۇزاتتى. كەينىدىن ئايجامال، پاتىمەلەرگە تۇتقۇزدى.

—غوجام، ئاغىچاملارمۇ تېتىپ باقسۇن، —دېگىنىچە زەينەپ ئانا بىر نەچچە تال زىخنى ئېلىپ كەپىگە كىردى. تايىپ بەگ ئويغاق ئىدى.

— قولۇڭدىكى نېمە، ئانا؟ —سورىدى تايىپ بەگ.

—كاۋاپ، بېگىم، ئاۋۇت بىر ياۋا قوي ئېتىپ كەپتىكەن. شۇنىڭ جىگىرىنى كاۋاپ قىلدۇق. بېگىم، ئاغىچام تېتىپ باقامدىكىن دەپ ئەكىردىم، —دېگىنىچە تايىپ بەگكە بىر تال

ئۆزاتتى. تايىپ بەگ كىرىلىپ، ئەسنەپ:
—بىردەمدىلا ئىتىپ كەپتىما؟! ھاي ئاغىچا تۇرۇڭ،—
دەپ مېھرىۋاننى ئويغاتتى.
—چۆلتاغ كاۋىپى،—دېگىنىچە يېپىشكە كىرىشتى تايىپ
بەگ. مېھرىۋان كاۋاپنى بىر توغرام ئاغزىغا سېلىپ ئايشەمگە
بېرىۋەتتى.

تايىپ بەگ كەپىدىن چىقىپ كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقانلارنىڭ
يېنىغا كېلىشىگە، ئايجامال قان يوقى قولىنى يوشۇرۇپ كەپىگە
كىرىپ كەتتى. ئۇ قولىنى يۇماقچى بولغانىدى، مېھرىۋان
كۆرۈپ قېلىپ:

—ئاي پۇجۇڭ ئۆزلەمۇ كاۋاپ قىلدىلامۇ؟—دەپ
سورىدى.

—زەينەپ ئانام توغرىغاننى زىخقا ئۆتكۈزۈشۈپ بەردىم
ئاچا،—دېدى ئايجامال.

—ئاگاھ بولسىلا پۇجۇڭ، بۇ ئىشلارنى دىدەك —
خىزمەتچىلەر قىلسۇن. ھەممىمىز يەنە كاۋاپچى بولۇپ
كەتمەيلى،—دەپ تەنە قىلدى مېھرىۋان.

—يوغسۇ ئاچا،—دېدى ئايجامال.

تايىپ بەگلەر كىچىك بۇلاقتا بىرەر ھەپتە تۇرماقچى
ئىدى. بىراق، لۈكچۈندىن لوپنۇر تەرەپكە ماڭغانلار:
«ئورۇسلار لۈكچۈن بازىرىدا قىرغىن قىلىۋېتىپتۇ. خوجىنىياز
ھاجى چۆل تاغقا يوشۇرۇنىدى، دەپ بۇ يەرگە يۈرۈش
قىلغۇدەك. بىزمۇ بۇنى ئاڭلاپلا قاچتۇق» دېگەن خەۋەر
ئەكەلدى.

قوشتىن ئۆركىگەن توشقاندەك بولۇپ قالغان تايىپ بەگ
ئالدىراپ قالدى. ئۇ زاھىرغا:

—زاھىر، بىزنى يولدىن چەت، ئىزدەپ تاپالمايدىغان، ئوت، سۈيى بار بىر جايغا ئېلىپ بارساڭچۇ. بۇ يەردىن تېز كېتەيلى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، يەنە بىر يېرىم كۈن يول ماڭساق ئۇلۇغ سۇ ئېقىنىغا بارىمىز. ئۇ جايدا ئولتۇراق ئادەممۇ بار. شۇ يەرگە بارايلى. يول بىلمىگەن ئادەم تېپىپ بارالمايدۇ، — دېدى زاھىر.

ئۇلار تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ تاڭ سەھەردە يولغا چىقتى. يولدا قوشۇلغان بايلار مۇشۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرماقچى بولۇپ قالدى.

## 11

تايىپ بەگلەر كىچىك بۆلاقتىن مېڭىپ بىر قونۇپ 2 — كۈنى يەنە يولغا چىققاندا تايىپ بەگ:

— بىز ئالدىدىن مېڭىپ ئۇلۇغ سۇدا جاي تەييارلاپ تۇرىمىز. سامۇت بىلەن ئاۋۇت ئاغىچىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەينىمىزدىن ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھرىۋان:

— بېگىم بىز قورقىمىز، بىز بىللە ماڭسىلا، — دېدى.

— نېمىدىن قورقىسىز ئاغىچا؟ خۇجىنىياز بولسۇن، ئورۇسلار بولسۇن ئەمدى ئۇچقان بىلەنمۇ بىزگە يېتىشەلمەيدۇ. كەينىدە ئاۋۇت قوغداپ ماڭىدۇ. ھەي ئاۋۇت يولدا سەگەك بول — ھە! — دېدى تايىپ بەگ.

تايىپ بەگ زاھىر بىلەن ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى. بۈگۈنكى سەپەردىن ئاۋۇت خۇشال ئىدى. ئۇ ئىچ پۇشىقىنى چىقىرىپ قانغىچە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. مېھرىۋاننىڭ تەلىپى تايىپ بەگ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاچقىمۇ قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىلى بولغىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇلار بىر نەچچە كىلومېتىر جىمجىت مېڭىشتى. ئاۋۇت ئارىلىق قالدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

تايىپ بەگلەرنىڭ خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاۋۇت ناخشا باشلىۋەتتى:

«سېرىق زەپەر تولۇق ئايىم،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىپتۇ.
سېنى كۆرگەن زامانلاردا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

يۈرەكىمنى ئۈزۈپ ئالدىڭ،
ئالمىدى ئويناي دىغان؟
گاھىدا ئويناپ قويۇپ،
گاھىدا تاشلايدىغان.»

ئاۋۇتنىڭ يېقىملىق ناخشىسى جىمجىت تاغ ئىچىدە جاراڭلايتتى. تۆگە ئۇستىدە ئۇيقۇ بېسىپ كېتىۋاتقان ئايجامال ئاۋۇتنىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ تىڭشايتتى. ئاۋۇتنىڭ ناخشىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى نەلەرگىدۇ قاچۇرغانىدى. ئۇ پاتىمەنى نوقۇپ:

— ئاڭلا، ئاۋۇت ناخشىنى نېمە دېگەن ياخشى ئېيتىدۇ — ھە، — دېدى.

— ھەممىلا ئىش ئۆنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى پاتىمە.

— ئاۋازى نېمە دېگەن يېقىملىق! بۇگۈن زېرىكمەيدىغان بولدۇق،— دېدى ئايجامال.

ئاۋۇت ئۆز ناخشىسىنىڭ ئايجامالغا يېقىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندەك، لۇكچۇننىڭ بىر يۇرۇش ناخشىلىرى «ھەيرانىڭمەن» ، «ئايارەي» ، «گۇليار» ، «زېمىن» قاتارلىقلارنى بىر — بىرگە ئۇلاپ ئېيتىپ كېلەتتى. ئاخىرىدا «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتتى.

— بىر ۋاقىتتا مۇشۇ «ئاچىل» ناخشىسىنى بىرسى ئېيتقانىكەن، بېگىم تازا خاپا بولۇپ «سەن غەليان ناخشىسىنى نېمىشقا ئېيتىسەن؟ » دەپ سوراققا تارتقانىدى. مانا ئەمدى ئاۋۇتمۇ ئېيتىۋاتامدۇ،— دېدى پاتىمە.

— گۇل ئاچىل دېگەننىڭ نەرى يامان؟ خەلقىمىزنىڭ ناخشىغا بولغان ئىشتىياقىنى كىممۇ توسۇپ قالالايدۇ؟ ياقۇپ بەگ زامانىدا «زېمىن» دېگەن ناخشىنى ئېيتقانلارنى جازالىغانىكەن. شۇ چاغدىمۇ كىشىلەر بېشىنى ئىدىشقا ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ ئېيتىپ ناخشا خۇمارىنى باسقانىكەن. پاتىمە، ئۇلۇغ سۇغا بارغاندا، بىر ۋاقىت تېپىپ ئاۋۇتقا ناخشا ئېيتقۇزايلى جۇمۇ،— دېدى ئايجامال.

— خۇدا نېسىپ قىلسا،— دېدى پاتىمە.

ئايجامال ئەمدى بىر قارارغا كېلىپ بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئاۋۇت ناخشىدىن توختاپ بارغانسېرى ئارىلىقنى قىسقارتىپ يېقىنلاپ كېلەتتى. ئايجامالنىڭ تەلمۈرۈپ، كۇلۇمسىرەپ قارىشى ئۇنىڭغا ھوزۇر ئىدى. ئۇلار كۆزلىرى ئارقىلىقلا سىردىشاتتى. ئۇلار چىڭقى چۈش بىلەن ئۇلۇغ سۇ ئېقىنىغا يېتىپ كەلدى.

«ئۇلۇغ سۇ» تاغلار ئارىسىدىكى تۇزلەڭلىك بولۇپ، بىر تۇگمەن چۆرگىلەيدىغان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى غول بويلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئەتراپ قارا ياغاچلىق، سۆكسۆكلۈك ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان لۈكچۈنلۈك بىر ئائىلە بار ئىدى. ئۇلار تايىپ بەگلەر كەلگەندىن كېيىن ھۆرمەت قىلىپ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بەردى. ئۇ، زاھىر بىلەن كونا تونۇش ئىدى.

تايىپ بەگ بىلەن مېھرىۋان مال — دۇنياسىنى ئېلىپ بىر ئۆيگە جايلاشتى. باشقا ئاياللار يەنە بىر ئۆيگە جايلىشىپ، ئۇ ئۆي ئاشخانا قىلىندى. زاھىر ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر چەتكە كىگىز ئۆي ياسىدى. گەرچە 3 — ئاي كىرىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، بۇ تاغ ئارىسىدىن سوغ تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق كىشى سېيىت ئاخۇن، تايىپ بەگلەرنى ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۆرۈپ مال سويۇپ مېھمان قىلدى. ئاۋۇت، سامۇتلار بۇ ئائىلە كىشىلىرى بىلەن ئۇزۇندىن تونۇش ئىدى. يېقىن ئەتراپتا مال بېقىۋاتقان چارۋىچىلارمۇ بار ئىدى.

ئۇلار بىر كۈن دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، زاھىر ئاۋۇتقا:

— بالام، سېيىتاخۇننىڭ ھارۋىسىنى سوراپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ بىكار كەن. بىللە بېرىپ بىر ھارۋا ئوتۇن ئەكەلسەڭلار. بىز تايىپ بېگىم بىلەن يۈسۈپ باي ئاكامغا سالامغا بارىمىز، — دېدى.

ئاۋۇت كالا ھارۋىسىنى تەييارلاپ سېيىتاخۇننىڭ ئوغلى ئەخمەت بىلەن ئوتۇنغا ماڭغانىدى، ئايجامال پاتىمە بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ھارۋىغا چىقىۋالدى.

— ماڭسىلا ئاۋۇتكا، بىزمۇ ئويناپ كېلىمىز، — دېدى پاتىمە.

— پاتەمخان، سىزلەر بارمىسىڭىزلەر بولارمىكىن. بېگىم ئۇقسا ئاي پۇجۇڭنى ئوتۇنغا ئاپىرىپسەن دەپ كايىمامدۇ؟ — دېدى ئاۋۇت. ئۇ، ئاغزىدا مۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە بەكمۇ خۇشال بولۇپ، «يالتىيىپ قالمىسىكەن» دەيتتى.

-بۇ ئىشقا ئۆزىمىز ئىگە، ھەيدەڭ، — دېدى ئايجامال.

ئامالسىز قالغان ئاۋۇت ھارۋىنى ھەيدىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ:

— بىز يىلنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ تاغ – جەزىرىلەردە ئۆتكۈزىمىز. جاپا تارتساقمۇ ئۆزىمىزگە ناھايىتى كۆڭۈللۈك. باشقىلارغا ياللانغانغا قارىغاندا، ئەركىنلىكىمىز ئۆز قولىمىزدا، — دېدى ۋە يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن:

— پاتەمخان، يېغا بولۇپ سىزلەرگە مۇشكۈل بولدى. ئاغىچا – پۇجۇڭلار يولدا كۆپ جاپا تارتتى. ئەمدى زېرىكىپ كېتەرمىكىن؟ — دېدى.

— ماڭا بۇ سەپەر ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. ئەمدى زېرىكسەك سىز بارغۇ، ئاۋۇتكا؟ ناخشىنى قالتىس ياخشى ئېيتىدىكەنسىز. ئوردىدا ئىچىم پۇشۇپ زېرىكىپ كېتەتتىم. — دېدى ئايجامال.

— تۇققۇزى تەل ئوردىدىمۇ زېرىكەمدۇ، ئاي پۇجۇڭ؟

— سىز بىلەمسىز ئاۋۇتكا؟ يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەك، پۇل دېگەن ئېشىپ – تېشىپ تۇرىدۇ. بىزنى ۋاڭنىڭ قىزى دەپ، باشقىلار ئەيمىنىپ يىراق قاچىدۇ. 9 ئىشىكلىك ئېگىز ئوردىدا پاتمە بىلەن ئىككىمىزلا سىردىشىمىز. زېرىكسەك گۈلباغقا چىقىمىز. خالىغانچە ئادەملەرگە ئارىلىشالمايمىز. بىزمۇ ئادەم تۇرساق، خەققە ئارىلاشقىمىز، ئويۇن – تاماشىغا قاتناشقىمىز، يۇرت ئىچىنى كۆرگىمىز كېلىدۇ. ئامال يوق! مانا، ئۇرۇش بولۇپ قەپەزدىن

قۇتۇلغاندەكلا بولۇپ قالدىم، — دېدى ئايجامال.

ئاۋۇت دەسلەپتە بۇ گەپلەرگە ھەيران بولدى. ئويلىنىپ ئايجامالغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

— ئاۋۇتكا، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىلەچۇ، — دېدى پاتىمە.

— خىجىل قىلماڭا پاتەمخان، ناخشىنى تۈزۈك ئېيتالمايمەن.

— بۈگۈن يولدا ئەجەپمۇ كاتتا ئېيتتىلا، شۇنداق ئېيتىپ بەرسىلەلا بولدى.

— مېنى ئاي پۈجۈڭنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قويدىڭىز. راستىلا ياخشى ئېيتالمايمەن، — دەپ، ئاۋۇت ناخشا ئېيتىشقا زادىلا ئۇنىمىدى.

بۈگۈن ئاۋۇت ئۈچۈن زور خۇشاللىق. قۇم بارخىنى ئۈستىدە تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىن بويان بۈگۈن خېلى سىرداشتى. ئايجامالنىڭ ئۆزى پەرەز قىلغاندەك تەكەببۇر، كىبىرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. خالىي جايدا ئايجامالغا يۈرەك سىرىنى ئاشكارا قىلىشنى ئويلايتتى — يۇ، «ئۇ كىم، مەن كىم؟ تەكەببۇر بولمىغىنى بىلەن تەلىپىمنى ئاڭلىسا قوشۇلاتتىمۇ؟ قول يەتمىگەن شاخقا قول سۇنۇش ئەخمەقنىڭ ئىشى. بەلكىم، بىر يىگىتنىڭ بىر گۈزەل قىزغا بولغان بىردەملىك قىزىقىشىدۇ. ھەممىسى يۈرىكىمدە قالسۇن. بەلكىم، ئۆز خىلىدىكى باشقا بىراۋ بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان يېرى باردۇ، كۆڭۈل ئۈزەي» دەيتتى ئەمما؛ ئايجامالنىڭ سىماسىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا ئاجىز ئىدى.

ئۇلار ئوتۇنلۇققا يېتىپ بېرىپ، ياخشى سۆكسۆكتىن قۇرۇقلىرىنى تاللاپ چېپىشقا باشلىدى. ھاي دېگەنگىمۇ ئۇنىماي، ئايجامال پاتىمە بىلەن ئۇدۇللۇق چېپىلغان ئوتۇننى

بىر يەرگە يىغدى. ھارۋا بىردەمدىلا توشتى. ئاۋۇت بىلەن ئەخمەت ئوتۇنلارنى ھارۋىغا بىسىپ تاڭغاندىن كېيىن، ئاۋۇت تەڭ قىسلىقتا:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئوتۇننىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇش خەتەرلىك. خېنىملارنى ھارۋىدا ئەكىلىپ پىيادە ماڭدۇرسام سەت بولىدىغۇ، — دېدى.

— ئاۋۇتكا، مېڭىۋېرىڭ. ئارىلىق يېقىن بولغاندىكىن پاتىمە بىلەن ئاستا مېڭىپ كېتىمىز، — دېدى ئايجامال.

— بەكمۇ سەت بولىدىغۇ پۇجۇڭ، — دېدى ئاۋۇت.

— مۇنچىلىك تۇزۇت قىلىپ كەتمەڭ. بىزمۇ ئوخشاشلا ئادەم. ئازراق ماڭغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى ئايجامال.

ئاۋۇت بىلەن ئەخمەت ئوتۇننى ئېلىپ كەتتى. ئايجاماللار ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ پاراڭلاشقاچ ماڭدى.

— بىزنىڭ ئوتۇنغا بارغانلىقىمىزنى مېھرىۋان ئاغىچام ئۇقسا كايىپ كېتەرمىكىن؟ — دېدى پاتىمە.

— ئۇ، مېنىڭ ئانامىدى؟! خاپا بولسا پەرۋايىم پەلەك، — دېدى ئايجامال.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بېگىمگە چاقىدۇ ئەمەسمۇ، بېگىم ئاكىلىرى تۇرسا، — دېدى پاتىمە.

ئايجامال ئارتۇقچە گەپ قىلماي مېڭىۋەردى.

ئايجامال بىلەن پاتىمە تۇرالغۇغا يېتىپ كېلىشىگە مېھرىۋان قەھرى — غەزىپى بىلەن:

— ھەي پاتىمە، جۇۋاينىمەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ يولسىزلىقتىن پاتىمە كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى.

ئايجامال مېھرىۋانغا:

— ۋارقىرىمىسىلا ئاچا. ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، ئۇنى مەن بىللە ئېلىپ مۇنداقلا ئايلىنىپ كەلدىم، — دېدى. ئامالسىز

قالغان مېھرىۋان:

— ئۆزلەمۇ يۇجۇك، گاڭنىڭ قىزى. ئابرويلىرىنى ساقلىسىلا بولارمىكىن؟ — دېدى.

— ئەتراپنى ئايلىنىپ كەلگەنگە ئابرويۇم چۈشۈپ كەتمەس. بىزنى ھۆركۈرتىدىغان ئوردىمىز 5 كۈنلۈك يىراقلىقتا قالدى،— دېدى ئايجامال.

— بوپتۇ، مەن ئانىلىرىنىڭ ئورنىدا گەپ قىلدىم. بۈندىن كېيىن ئاكىلىرى ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلسۇن،— مېھرىۋان دېدى پوكاندەك قىزىرىپ.

— مەن ئاق — قارىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالا ئەمەس. ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسىلە،— دەپ بولۇپ، ئايجامال ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

تايىپ بەگ، چوڭ چارۋا ئىگىسى يۇسۇپ بايغا سالام بېرىپ قايتىپ كەلدى. تايىپ بەگنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مېھرىۋان كۆزىنى سىقىپ، يىغلاپمۇ ئۇلگۇردى.

— نېمە بولدىڭىز ئاغىچا، زېرىكتىڭىزمۇ؟ — سورىدى تايىپ.

— بۈندىن كېيىن بۇ سىڭىللىرىغا مەن گەپ قىلمايمەن. ئۆزلىرى باشقۇرسىلا. بۇگۈنمۇ پاتمەنى ئېلىپ كالا ھارۋىسىغا چۈشۈپ، ھېلىقى تومپاينىڭ كەينىدىن ئوتتۇنغا بېرىپتۇ. پايدىلىق گەپ قىلسام، تەڭمۇ — تەڭ ئېيتىشتى،— دېدى مېھرىۋان.

— رەنجىمەڭ ئاغىچا، ئۇنىڭغا مەن سۆزلەپ قوياي. دادام ئايجامالنى دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ، ئەركە ئۆگىتىپ قويغان، — دېدى تايىپ.

— سىڭىللىرى بويىغا يېتىپ قالدى بېگىم، بۇ ئاسمىنى كەڭ يەردە ھېلىقى تومپاي ئازدۇرۇپ كېتىپ، ئابرويىمىز

تۆكۈلمىسۇن دەيمەن،— دېدى مېھرىۋان.

— ئۇنداقمۇ بولماس. مەن گەپ قىلىپ قوياي،— دېدى تايىپ.

خېلىدىن بېرى مېھرىۋان بىلەن ئايجامال ئارىسىدا غىچ — غاچلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تايىپ بەگنىڭ بۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن غەم — ئەندىشىسى بولغانلىقتىن مېھرىۋاننىڭ گېپىگە ئۇ ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى.

12

تايىپ بەگلەر بۇ قۇرۇق تاغقا قېچىپ كەلگىلى 2 ئاي بولدى. ھاۋا ئىسسىپ، ئەتراپتا دەل — دەرەخ، ئوت — چۆپلەر كۆكىرىشكە باشلىدى. قومۇلغا كەتكەن يۇنۇس بەگدىن ياكى ئوردا كارىزىنىڭ غوجىدارىدىن بىرەر خەۋەر بولمىغانلىقتىن تايىپ بەگ تىت — تىت بولۇشقا باشلىدى. مېھرىۋان نەچچە قېتىم «قايتىپ كېتەيلى» دېدى. تايىپ بەگ ئۇنىڭغا:

-ئاغىچا، بىز ئورۇسلاردىن قورقۇپ بۇ يەرگە كەلمىدۇق. بىزنىڭ گۇناھىمىز — مال — مۈلكىمىزنى قوزغىلاڭچى يالاڭتۆشلەردىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە خوجىنىيازنى لۈكچۈنگە تەكلىپ قىلىپ قويدۇق. قاچان شىڭ شىسەي گۇناھىمىزدىن ئۆتسە بىز قايتىمىز،— دېدى. بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە ئايجامال بىلەن مېھرىۋاننىڭ بىر نەچچە قېتىملىق غەلۋىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تايىپ بەگ خېلى خاتىرجەم تۇردى. زاھىر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئىشچان ئوغلىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بەگ، ئاغىچىلار ئوردىدا تۇرغاندەكلا ياشىدى. بۇنىڭدىن رازى بولغان تايىپ بەگ، ئايجامالنىڭ ئالدىدا زاھىر قۇرۇلچىغا:

— زاھىر، ئىككى ئوغلۇڭ بىلەن ئوبدان خىزمەت

قىلدىڭ. مانا مىراسخورلاردىن ئىككىمىز تۇرۇپتىمىز. لۈكچۈنگە بارغاندا ئوردا كارىزىدىن ساڭا 3 كۈنلۈك سۇ ۋە يەرگە مۆھۈر خەت قىلىپ ئايرىپ بېرىمەن. ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى ئوبدان ئۆتكۈزىسەن. بولامدۇ سىڭلىم؟ — دېدى.

— ياخشى ئويلاپسىلا ئاكا. بېشىمغا كۈن چۈشكەندە زاھىر دادام سايە بولدى، — دېدى ئايجامال. زاھىر قول قوشتۇرغىنىچە:

— بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت! — دەپ تازىم بەجا كەلتۈردى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ، نېمىشقىدۇر زۆھرە يىغلاپ قالدى. بۇنى ساپاق قىلغان مېھرىۋان:

— بېگىم، قايتىپ كەتسەكچۇ! قارىسىلا زۆھرە خېنىم زېرىكىپ يېشى قۇرىمايدىغان بولدى، — دېدى.

— ياق ئاغىچا، زېرىكسەكمۇ چىدايلى. يۇنۇس بەگنىڭ خەۋىرى بولمىغىچە تەۋرىمەيمىز.

— چاپسان كەتسەك ياخشى بولاتتى. يەنە تۇرىمىز دېسەك، سىڭىللىرىغا ئاز — تولا كۆز قۇلاق بولسىلا، يەنىزە ... — دېدى مېھرىۋان.

— ئوچۇقراق دەڭا، نېمە بولىۋاتىدۇ؟

— «دېسە لەت، دېمىسە دەرد.» بۇ يەردىن كەتكىچە يەنە نەۋرىلىك بولۇپ قالماينى.

— نېمە؟! ئەھۋال شۇ دەرىجىگە باردىما؟ — چۆچۈپ كەتتى تايىپ بەگ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ تايىپ بەگنىڭ بىر غېمى ئىككى بولدى. ئۇ، ئايجامالنىڭ ئۆسۈپ — يېتىلىشى توغرىسىدا ئوتتۇرىمىزدا ئاسمان — زېمىن پەرق تۇرسا. ئابرويلۇق ۋاڭنىڭ قىزى بىر گادايغا قارارمۇ؟ ياشلىق — بەڭۋاشلىق. شەيتان ئازدۇرۇپ كەتسە نېمە دېگۈلۈك؟! ئايجامالنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن كۈلكىسى تايىپ بەگنىڭ خىيال

يىپىنى ئۇزۇۋەتتى. ئۇ قەغەز چاپلانغان كىچىككىنە دېرىزىدىن تۆشۈك ئېچىپ قارىغانىدى، ئاۋۇت قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر تۇتام تاغ گۈلىنى ئايجامالغا ئۇزۇتىۋاتاتتى. تايىپ بەگنىڭ راسا ئاچچىقى كېلىپ، شۇ هامانلا:

— ئاي پۇجۇك، بۇياققا كىرىڭ! — دەپ چاقىردى.

ئايجامال تايىپنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇ خاپا كۆرۈنەتتى. مېهرىۋان ماي تارتىپ بىر چەتتە ياتاتتى.

— ئاي پۇجۇك زېرىكتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سىناق نەزىرى بىلەن تايىپ بەگ.

— ئاكام، ئاچاملار بىللە تۇرسا نېمىدىن زېرىكەتتىم؟ پەقەت يۇنۇس ئاكامنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى، — دېدى ئايجامال.

— سىڭلىم، سىزنى ئوردا بەكمۇ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغان. دادىمىز ئوردىدا يالغۇز قالغان. هازىر بارمۇ، يوقمۇ بىلمەيمىز. كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى يوق، غەمدىمەن. سىز بولسىڭىز قاقاهلاپ كۈلۈپ يۈرۈيسىز، بۇمۇ مەيلى. سىز ۋاڭنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى، ۋەدە قىلغان ئىگىڭىز بار. خىزمەتكارلار بىلەن ئارىمىزدا پەردە بولسۇن. تاغقا كەلسەكلا ئوردا تەرتىپلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئىش يوق. ئەخمەق بولۇپ شەيتان خىياللارنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەڭ. ئۇ چاغدا مەن هەرگىز كەچۈرمەيمەن! — دېدى تايىپ.

بۇ قېتىم ئايجامال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يىغلىمىدى. مېهرىۋان قاراپ تۇرغان يەردە يىغلاشنى نومۇس بىلدى. ئۇ ئاكىسىغا:

— ئاكا، نەسىھەتلىرىنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن، — دەپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. كەچقۇرۇن تايىپ زاهىرنى چاقىرىپ:

— زاھىر، بىر ئىشنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي. بىزنىڭ ئاي پۈجۈڭنى ھەمزە بەگكە ماقۇل بولۇپ قويغان. بۇ جەڭگى — جېدەللەر بولمىغىنىدا، ئۇلارنىڭ توينى قىلىشۇەتكەنمۇ بولار ئىدۇق. قىسمەت بىلەن بۇ تاغ ئارىسىغا كېلىپ قالدۇق. ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز. مۇنداق سەپ سالسام ئاۋۇت بىر ئاز شوخكەن. ئۇنىڭغا سۆزلەپ قوي، قىزلارغا ناسازا چاقچاقلارنى قىلغاندەك تۇرىدۇ. چىرايلىق كەلدۇق، چىرايلىقچە كېتەيلى، — دېدى.

— خوش بېگىم، ئاۋۇتتىن ئۆتكەن بولسا كەچۈرسىلە، مەن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن. مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاي. ھەر قايسىلىرىدىن ئاۋۇتنىڭ گۇناھىنى تىلىگىنىم،— دېدى زاھىر.

— ئۇنى قىزلارغا چاقچاق قىپسەن دەپ ئەيىپلەپلا كەتمە. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمىسۇن دەيمىنا!

-ماقۇل بېگىم، ياشلىقتا ئادەم بەڭۋاش بولىدۇ. ئاق —قارىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. مەن ئوبدان نەسىھەت قىلاي. ئاۋۇت چاقچاقچى، بىرئاز شوخراق،— دېدى زاھىر.

زاھىر تايىپىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۇ ئايجامالنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. «ئاۋۇتمۇ يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ چاقچاق قىلغىنى پاتەمىدۇ، ئايشەمىدۇ؟ پاتەمنى ئاۋۇتقا بېرىشكە بەگ ئۇنىسىغۇ كاتتا ئىش بولاتتى. گېپىدىن قارىغاندا ئۇنىمايدۇ. ئاۋۇتقا بىر سۆزلەپ قوياي، يەنە گەپتە قالمايلى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

تايىپ بەگلەر قۇرۇق تاغقا قىچىپ كەلگىلى 3 ئاي بولاي دەپ قالدى. يۇرتتىن تېخى خەۋەر يوق. بۇ ۋاقىت مېھرىۋان، زۆھرەلەر ئۇچۇن يىلدىن ئارتۇق بىلىنىپ كەتتى. مېھرىۋاننىڭ قىستاۋېرىشى بىلەن تايىپ بەگ بىر قارارغا كېلىپ، يۇرتقا مەخپىي بېرىپ ئەھۋالنى تىڭ — تىڭلاپ كەلمەكچى بولدى. شۇ سەۋەبتىن زاھىرنى چاقىرىپ:

— مەن ئۆزۈم يۇرتقا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي. يۇرت تىنچلانغان، خەۋپ — خەتەر تۈگىگەن بولسا ئۆزۈم كەلمەي خەۋەر بېرىمەن. سىلەر ئاغىچىلارنى بىللە ئېلىپ يۇرتقا قايتىسىلەر. يەنىلا خەتەرلىك بولسا ئۆزۈم قايتىپ كېلىمەن. ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئاۋۇت بارسۇن،— دېدى.

— خوش بېگىم، ياخشى ئويلاپتىلا! ئەگەر مالال كەلمىسە، بېگىمگە ھەمراھ بولۇپ سامۇت بارسۇنمىكىن؟ ئۇنىڭ يۇرتتا بالا — چاقىلىرى بار. ئاۋۇتقا قارىغاندا ئۇ مۇلايىم، ئىشچان،— دېدى زاھىر.

تايىپ بەگنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى. ئۇ، ئاۋۇتنى بىللە ئېلىپ كەتسە، ئايجامالدىن خېلى خاتىرجەم بولاتتى. شۇڭا:

— ئەڭ ياخشىسى مەن بىلەن ئاۋۇت بارسۇن. ئۇ باتۇر ھەم مەرگەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى تايىپ بەگ.

— قېنى ئاۋۇتقا دەپ باقاي غوجام. باللار چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۇلارنىڭ رايىچە ئىش قىلمىساق بولمايدىكەن،— دېدى زاھىر.

زاھىر تايىپ بەگنىڭ گېپىنى ئاۋۇتقا دېۋىدى، ئۇ:

— مەن بارمايمەن، بارسام قايتىپ كەلمەيمەن. ئاكام بارسۇن. ئۆيىنى، بالا — چاقىلىرىنى يوقلاپ كەلسۇن. مېنى

بېگىم بىللە بارسەن دەپ زورلىسا، بۈگۈنلا بۇ يەردىن كېتىمەن، — دېدى.

ئاۋۇتنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان تايىپ بەگ ئامالسىز قېلىپ، سامۇتنىڭ بىللە بېرىشىغا قوشۇلدى. 1 — 2 كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن يولغا چىقىش ئالدىدا ھەممەيلەننى يىغىپ:

— مەن كەلگىچە ھەممىڭلار مېھرىۋان ئاغىچىنىڭ ئاغزىغا قاراڭلار. ئۇنىڭ دېگىنىدىن چىقماڭلار. ئۆز بېشىمچىلىق قىلساڭلار مەن ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. زاھىر، سەن ھەم ياشتا چوڭ ھەم ئىش كۆرگەن، ئاغىچىلارغا ياخشىراق قارىغىن. تاغ ئىچىدە تۇرساڭلارمۇ، ھەممە ئىش يەنە ئۇردا تەرتىپى بويىچە بولىدۇ، — دېگەنلەرنى جاكارلىغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ خوتۇنى مېھرىۋانغا، — مەن كەتكەندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى ئاغىچىدەك تۇتۇڭ. ئاۋۇت دېگەن ھارامزادىنى بىللە ئېلىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئۇنىڭغا كۆز — قۇلاق بولۇڭ ... — دەپ تاپىلاپ يولغا چىقتى.

ئاتلىق ماڭسا 4 — كۈنى كەچ يۇرتقا يەتكىلى بولاتتى. تايىپ بەگ سامۇتنى ئېلىپ 3 ئات بىلەن مېڭىپ كەتتى. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، كۈندۈزى تاغ كۆلەڭگىسىدە ئارام ئېلىپ، كۆپرەك كېچىسى مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

تايىپ بەگ كەتكەندىن كېيىن، مېھرىۋان ئايشەمنى چاقىرىپ:

— ساڭا مۇھىم تاپشۇرۇقۇم بار. لېكىن، مەخپىي. سەن بۇندىن كېيىن ئاۋۇ ئاي دېگەن يۈزى قېلىن بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا كۆز — قۇلاق بولىسەن. نەگە بارسا، شۇ يەرگە بار، سىرىنى ئىگىلە! پاتىمەك بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقىنى بىلىپ ماڭا مەلۇم قىلىسەن. بۇنى ئۇبدان ئورۇنلىيالىساڭ

ئوردىغا قايتقاندا ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك ياسىتىپ بېرىمەن. چاندۇرۇپ قويساڭ جېنىڭغا ۋاي، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى.

— باش ئۈستىگە ئاغىچام، تاپشۇرۇقلىرىنى بىجاندىل ئورۇنلايمەن،— دېدى ئايشەم.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئايشەم كەم ئۇخلاپ، ئايجامال ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ «تېتىكلىشىپ» ئايجامالنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولماقچى بولدى. بىراق، ئايجامال ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى، سىرمۇ بەرمىدى. ئايشەم بولسا راستىن ئايجامالغا كۆيۈنىدىغاندەك قىلىپ، خۇددى سايىدەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاجرىمايتتى.

مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئايجامال غەم — ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ تاغقا كەلگىلى 3 ئاي بولدى. ئايجامال ئاۋۇت بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولسىمۇ، تېخىچە كۆڭۈل سىرىنى بىر — بىرىگە ئىزھار قىلىشالمىدى. ئايجامال بىلەن ئاۋۇت ئۆزلىرىنىڭ بىر — بىرىگە ناھايىتى چىڭ باغلانغانلىقىنى، بىر — بىرىنى ئەڭ يېقىن كىشى ھېسابلايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلىقىدىنمىكىن كۆڭۈل سىرلىرىنى بىر — بىرىگە ئاشكارىلالمايتتى. ئايجامال ئاۋۇتتىن «ئەر تۇرۇپ نېمىشقا ئالدىدا دېمەيدىغاندۇ؟» دەپ رەنجىيتتى. تۇرۇپ كۆڭلىدە: «يۇرتتىن قايتسۇن دېگەن خەۋەر كەلسە قانداق قىلغۇلۇق؟! بەلكىم، ئاۋۇت مېنى ۋاڭنىڭ قىزى، خىل كۆرمەيدۇ، دەپ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتسا كېرەك. مەن ئالدىدا ئېغىز ئاچسامچۇ؟ ... سەت بولارمۇ؟ ئاۋۇت قانداق ئويلار؟ يۇرتقا كەتسەك ئاۋۇت بىلەن ھەرگىز كۆرۈشەلمەيمىز. مېنى ھەمزە قارغۇغا زورلىشىدۇ. ئۇنىڭغا تەگكەندىن ئۆلگىنىم ياخشىغۇ.

ئۆلگەندىن كۆرە ئاۋۇتقا گەپ سېلىپ باقسامچۇ؟ ئۇ ماقۇل دېسە، مېنى چوقۇم بەختلىك قىلالايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

بىر كۈنى ئايجامال پاتىمەگە:

— دوستۇم، مەن بۇگۈن نېمىلا بولمىسۇن ئاۋۇت بىلەن سۆزلىشەي دەيمەن. سەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويساڭ. ئۇۋغا ماڭغان بولۇپ ئېدىر كەينىگە ئۆتسۇن،— دېدى.

— بۇ قانداق بولۇر پۇجۇڭ؟! مېھرىۋان ئاغىچام تۇيۇپ قالسا بالاغا قالىمىز،— دېدى پاتىمە ئەنسىرەپ.

— ھېچنېمە بولمايدۇ پاتىمە، ئەمدى نومۇسنى قايرىپ قويۇش ۋاقتى يەتتى،— دېدى ئايجامال.

ئاۋۇت پاتىمەنىڭ «ئېدىر كەينىگە ئۆتۈپ كەتسىلە، بىز بارىمىز» دېگىنى بويىچە دەرھال مىلتىقنى ئېلىپ ئېتىنى مىنىپ يۇرۇپ كەتتى. ئاۋۇت كېتىپ بىر دەمدىن كېيىن ئايجامال پاتىمەنى ئېلىپ «ئويناپ كېلىش» كە ئۇدۇلدىكى ئېدىرلىققا ماڭدى. ئايشەم كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئاي پۇجۇڭ، نەگە بارىدىلا؟ مەنمۇ بىللە بارايچۇ،— دېدى.

ئايجامال غەزەپلەنگەن قىياپەتتە:

— ھەي ئەدەپسىز، ئوردا قائىدىسىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ ھازىرغىچە قايسى بىر خىزمەتكار مېنى نەگە بارىسەن دەپ باققان؟! مەن ۋاڭنىڭ قىزى. خالىغان يېرىمگە بارىمەن، —دېدى.

— ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرگەيلا، خىزمەتلىرىدە بولايمىكىن دېۋىدىم،— دېدى ئايشەم.

— سەن زۆھرە ئاچامنىڭ خاس دىدىكى. سېنى خىزمىتىمگە سېلىش ھەددىم ئەمەس. مەن بىلەن پاتىمە بار. سەن زۆھرە ئاچامدىن خەۋەر ئال! — دېدى.

ئايشەم يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ «خوش» دېگىنىچە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

ئايجامالالار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئايشەم مېھرىۋانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېدى. مېھرىۋان سەل ئويلىنىپ:

— سەن ئۇلارغا كۆرۈنمەي كەينىدىن بار. مارىلاپ كەل، نېمە ئىش قىلىدىكىن؟ — دېدى.

ئايجامال ئېدىرنىڭ ئۇستىگە چىقىپ پاتمىگە:

— بىلىۋاتىمەن، ئاۋۇت ماڭا كۆيۈپ ھەسرەتلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، مېنى ۋاڭنىڭ قىزى دەپ ئېغىز ئاچالمايۋاتىدۇ. بۈگۈن ئاشكارا سۆزلەشمىسەم مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالىمەن. ئالدىدىن ئۇنى چېكىپ باقىمەن. ئەھۋالغا قاراپ يۈرەك سۆزۈمنى دەيمەن. قانداق بولار؟ — دېدى.

— پۇجۇڭ مەن بىر قامغاقتەك تىرەكسىز يېتىم. بۇ ئىش سېزىلىپ قالسا مېھرىۋان ئاغىچا دەردىنى مەندىن ئالىدۇ، — دېدى پاتمە. ئايجامال:

— سەن ئەندىشە قىلما، ھاياتلا بولسام ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن. ئىش كۈتكەن يېرىمدىن چىقسا، ھەمزە قارغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىمەن. سەن مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىن. ئۇ مېنى ساقلاۋاتىدۇ، سۆزلىشىپ كېلەي، — دېگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

يازنىڭ تاغ شامىلى ئايجامالنىڭ يىپەك كۆڭلىكىنى ئۇچۇراتتى. بېشىدىكى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان دۇپپىسى كۈن نۇرىدا يالت — يۇلت قىلىپ پارقىرايتتى. ئاۋۇت ئېتىنى تېرىلغۇغا باغلاپ، ئايجامالنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەنە كېلىۋاتىدۇ. ئاۋۇتنىڭ كۆزىگە نۇرلۇق قۇياش شولا چېچىپ كېلىۋاتقاندەك، قۇياش نۇرى ئۇنىڭ تېنىنى ئىسسىتىپ

راھەتلەندۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاۋۇتنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ھېچنېمىنى ئويلىيالماس ھالغا يەتتى. ئايجامال ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا، شۇنچە يۈرەكلىك، قورقماس باتۇر يىگىت ھودۇقۇشقا، يوۋاشلىششقا باشلىدى. ئۇ قىزىراتتى، ئايجامالغا تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنەتتى. ئايجامال جۈرئەت قىلىپ كېلىۋاتسىمۇ، پۈتلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك مەستخۇش ھالەتتە كېلەتتى. ئېھ! مۇھەببەت، چىن مۇھەببەت! قۇدرىتىڭ نېمە دېگەن ئۇلۇغ!! ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى تاش بولغاندىمۇ، سېنىڭ كارامىتىڭدىن ئېرىپ كېتىدۇ! ئايجامال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەنسىز ھالەتتە تۇرغان ئاۋۇتقا:

— ئاۋۇتكا، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپسىزغۇ؟ كېلىڭ، مۇنۇ تاشتا ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى.

ئاۋۇت بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستاغىنا ئايجامالغا يېقىنلاشتى. ئايجامال:

— يېقىنراق ئولتۇرۇڭ، — دېۋىدى، ئاۋۇتنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى.

ئۇلار خىجالەت ئىلكىدە بىردەم سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتى. گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيتتى.

— ئاۋۇتكا، گەپ قىلىڭە. خېلى پاراڭچى ئىدىڭىزغۇ؟

— پۈجۈڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا تەشنامەن.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاڭ. بىر چۆل — جەزىرىدە، بىر جۈپ قىز — يىگىت بىر — بىرىنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، كۆڭۈل سىرىنى ئاشكارىلىماي ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئىككىمىز ئارىغا چۈشسەك قانداق؟ — دېدى ئايجامال. ئاۋۇت يەرگە قارىغىنىچە:

— قىز يىگىتنى خىلىم ئەمەس، دەپ ئۇنىماسمىكىن؟ — دېدى.

— ياق، قىزمۇ ئوخشاشلا ئادەم، ئۇ خىلىنى تاپقان.

— يىگىتقۇ قىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، يۈرەك سۆزىنى دېيىشكە تىلى بارمايدۇ.

— نېمىشقا؟!

— يىگىتنىڭ باشقا ئەيىبى بولمىغىنى بىلەن نامرات، قولى قىسقا. شۇڭا، تىلىمۇ قىسقا! — ئايجامال ئالدىرىماي يانچۇقىدىن بىر تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ ئاۋۇتقا ئۇزۇتۇپ:

— مانا بۇ 50 تىللا، يىگىتكە بېرىپ قويۇڭ. قورقماي سۆزلىسۇن، — دېدى. ئاۋۇت قوللىرى تىترىگەن هالدا تۈگۈنچەكنى ئېلىپ:

— ئاي پۇجۇڭ، پېقىرنى تولا كەمسىتمىسىلە. نامرات بولسامۇ ساپ يۈرىكىم بار، — دېدى.

— شۇنداق، ماڭا كېرىكىمۇ ساپ يۈرەك. ساپ مۇھەببەتنىڭ پاك يۈرەكتىن باشقا پۇل، مال، بايلىق بىلەن نېمە ئىشى؟! يىگىتنىڭ قولى قىسقا دېدىڭىزغۇ. مانا بۇ پۇل بىلەن قولى ئۇزارسۇن، — دېدى ئايجامال. ئاۋۇت ئۆزىنى تۇتالماي، يىغلامسىرىغان هالدا:

— جېنىم ئاي پۇجۇڭ، مەن سىزنى قۇم بارخىنى ئۈستىدە تۇنجى كۆرگەندىن بويان سىزگە ئىچ — ئىچىمدىن كۆيۈپ، يۈرەك سۆزۈمنى دېيەلمەي ھەسرەتلىنىمەن. ئۆمۈر بويى خىزمىتىڭىزدە بولۇشنى خالايتتىم. لېكىن، مەن تەلەيسىز. نېمىشقىمۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغاندىمەن دەپ ئازابلىنىمەن، — دېدى.

— ئاۋۇتكا، چىن مۇھەببەت ھەقىقىي ئىنسانغىلا نېسىپ بولىدۇ. مەن ئاتاقتا ۋاڭنىڭ قىزى. دادامدىن كېيىن قالسام ئىگە

— چاقىسىز بىر يېتىممەن. ئاكىلىرىم مېنىڭ ئاھۇ — زارىمغا قارىماي خالىغىنىغا خىلىمىز دەپ بېرىشىدۇ. ھەمزە قارغۇ بايلىق جەھەتتە خىلىم، ئىنسانىي مۇھەببەت، بەخت جەھەتتە ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم! مەن ئوقۇغانمەن. بەختىم ئۈچۈن تىركىشىمەن. ئۆز مۇھەببىتىم يولىدا ھەممىدىن كېچىمەن. سىزلا مېنى بەختلىك قىلالايسىز.

ئاۋۇت غايىپ كۈچ مەدەت بەرگەندەك:

— جېنىم ئايجامال، سىزنىڭسىز بۇ ھايات ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سىزنى قوغدايمەن. گۈلۈمنى ھېچكىمگە ئۈزدۈرمەيمەن، — دېدى. ئايجامال يىغلامسىرىغىنىچە ئاۋۇت تەرەپكە قىڭغايدى. 3 ئايدىن بېرى ۋىسالىغا يېتەلمەي قىينالغان يۈرەكلەر ئىختىيارسىز جۈپلەشتى. ئاۋۇت ئايجامالنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىيلاپ تۇراتتى. چىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىككى ياشنىڭ لەۋلىرى بىر — بىرىگە تەگكەندە كۆزىدىن تۆكۈلگەن ئۈنچىلەر دومىلاپ بىر — بىرىگە قوشۇلاتتى.

— ئۇلار مېنى ھەرگىزمۇ سىزگە بەرمەيدۇ. بۇ ئىش ئاشكارىلانسا سىزگە ۋە ماڭا بالا — قازا كېلىدۇ، بۇنى بىلىمەن. بىز بۇ يەردىن پاتىمەنى بىللە ئېلىپ قېچىپ كېتەيلى، — دېدى ئايجامال.

— سىزنىڭ يولىڭىزدا ھەممىدىن كېچىمەن. ئۇلار ئىزدەپ تاپالمايدىغان جايلارغا ئەكېتەلەيمەن. كۈچ — ماغدۇرۇم بار، ئەمگىكىم بىلەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن، — دېدى ئاۋۇت.

بۇ ئىككى ئاشىق — مەشۇق مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ، مۇھەببەت دېڭىزىغا چوڭقۇرلاپ چۆكۈۋاتقىنىدا پاتىمەنىڭ «ئاي پوجۇك» دەپ چاقىرغان ئاۋازى

ئاڭلاندى. ئىككىيلەن گويا شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ بىر — بىرىدىن ئاجرىدى. ئايجامال كەتمەكچى بولغانىدى، ئاۋۇت ھېلىقى تۇگۈنچەكنى ئۇزۇتۇپ:

— ئاي، پۇجۇڭ بۇنى ... — دېدى.

— سىز ساقلاپ قويۇڭ. بۇ، مۇھەببىتىمىزنىڭ نىشانى بولسۇن. كېيىن لازىم بولىدۇ، — دېدى. ئۇلار بىر — بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغان ھالدا، ئاخىرقى قېتىم يۈز يېقىشىپ ئىلاجىسىز ئايرىلدى. ئايجامال پاتىمە تەرەپكە كەتتى.

ئايشەم مېھرىۋاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئايجامالللارغا تۇيغۇزماي مېڭىپ تاشلار كەينىگە مۆكۈپ يۈرۈپ ئايجامال بىلەن ئاۋۇتنىڭ ئۇچرىشىشىنى، تۇنجى مۇھەببەت لەززىتىنى تېتىشىنى ئىچى تارلىق بىلەن ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن، ئىنئام ئېلىش تەمەسىدە خوجايىنغا خەۋەر قىلىشقا ئالدىراپ تاشقا پۇتلىشىپ، ئۆزىنى سەزدۈرۈپ قويىدى. ئايشەمنى پاتىمە كۆرۈپ قالدى.

ئايجامال ئىتتىك مېڭىپ كەلگىنىدە پاتىمە تاشقا چاپلىشىپ تۇرغان ئايشەمنى ئىشارە قىلدى. قاتتىق ئاچچىقلانغان ئايجامال، نەچچە سەكرەپلا ئايشەمنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئايشەم قورققىنىدىنمۇ ياكى ئىزا تارتقىنىدىنمۇ سارغۇچ يۈزى تاتارغانىدى. ئايجامال ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ:

— ھەي، ئايشەم! مېنىڭ كەينىمدىن نېمە دەپ كەلدىڭ؟ سەن دىدەكمۇ، ماراقچىمۇ؟ سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا قىز بالىغۇ؟ ئەگەر بۇ ئىش سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بولسا مەن، سەن قىلغان ئىپلاس ئىشنى قىلغان بولسام، قانداق ئويلار ئىدىڭ؟ گەپ قىل! — دېدى. ئايشەم يەرگە قارىغىنىچە دۇ—

دۇقلاپ:

— مېھ ... مېھرىۋان ئاغ ... ئاغىچام چاقىرىپ ... كەل دېۋىدى، — دېدى.

— بىزنى چاقىرغىلى كەلگەن بولساڭ نېمىگە تاشلار كەينىدە مارايسەن؟! ئايشەم، سەن ئىپلاس ئىشقا قەدەم باسقىنىڭنى، ئىنئام ئۈچۈن ماراقچى بولۇپ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە زامىن بولغىنىڭنى كېيىنچە بىلىپ قالارسەن! پۇشايمان قىلارسەن!! مەن ئاۋۇتنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭغا ھەيران بولما! بېرىپ ئېيت، پەرۋايىم پەلەك، يوقال كۆزۈمدىن ۋىجدانسىز! — دېدى ئايجامال غەزەپ بىلەن. ئايشەمگە بۇ گەپلەر كاچات ئۇرۇلغاندىنمۇ قاتتىق تەگدى. ئۇ ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. پاتىمە ئەنسىرىگەن ھالدا:

— يامان بولدى پۇجۇڭ، بۇ پەسەندى ئەمدى ھەممىنى يېيىۋېتىدۇ، — دېدى.

— پاتىمە، مەن ئىنساني ئەخلاق قېلىپىدىن چىقىپ كەتمىدىم. بەلكىم، بۇگۈن سىرىق چايان بىلەن ئۇرۇشارمىز. ئەگەر ئاكام قايتىپ كەلسە مەن ئەھۋالغا قارايمەن. ئۇمۇ يامان كۆزى بىلەن قارىسا شۇ كۈنى ئۈچىمىز قېچىپ كېتىمىز، — دېدى ئايجامال.

ئايشەم قورساق كۆپۈكىدە، بولۇنغان ئەھۋاللارنى ئاشۇرۇپ مېھرىۋانغا خەۋەر قىلدى. «سەتچىلىك» خەۋىرىنى ئۇققان مېھرىۋان بىردەم خۇدىنى يوقاتقاندەك بولدى. ئۇ ئايجامالنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. ئايجامال پاتىمە بىلەن تۇرالغۇغا يېتىپ كېلىشىگە پاتىمەنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ چېچىنى تۇتاملاپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ ئۇنى سوراققا تارتتى. قاتتىق ئاغرىش دەستىدىن پاتىمە چىقىرىۋەتتى. ئايجامال

يۇگۇرۇپ كىرىپ پاتىمەنى مېھرىۋاننىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ:

— ئاچا، قويۇۋەتسىلە ئۇنى، ئۇ مېنىڭ دىدىكىم! گەپلىرى بولسا ماڭا قىلسىلا، — دېدى.

غەزەپتىن تىترىگەن مېھرىۋان:

— بۇزۇقلار، شەنىمىزنى بۇلغىدىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

— تىلىڭنى ئۇزۇۋەتمەي يەنە! ئاغزىڭغا بېقىپراق گەپ قىل! سەن كىم، مەن كىم؟! بۇزۇقچىلىق دېگەننى مەن تېخى بىلمەيمەن، — دېدى ئايجامال.

— سەن بۇزۇق. ھەددىڭدىن ئېشىپ ۋاقىلىق شەنىمىزنى بۇلغىدىڭ. ئاكىلىرىڭغا، بولغۇسى ئېرىڭ ھەمزە بەگكە نېمە دەيسەن؟!

— بۇزۇق دېگەن سەن. ئاكامغا نايناقلاپ تېگىۋالدىڭ. بىلىپ قوي، مەن ئاۋۇتنى ياخشى كۆرىمەن. ھەمزە قارغۇيىڭ ئاۋۇتقا پېتەكمۇ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشتىم، ئىچىڭ ئەدەپ ئۆل! — دېدى ئايجامال.

— ئىززىتىنى بىلمىگەن، ئەر سېغىنغان ئېشەك، شەرمەندە، — دەپ تىللىدى مېھرىۋان.

— سېنى كىم بىلمەيدۇ. ئېشەك دېگەنمۇ سەن، بۇزۇق دېگەنمۇ سەن، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە زامىن بولغۇچى جادىگەرمۇ سەن. مەن ئاۋۇتقا تېگىمەن، قېنى قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ؟ — دېدى ئايجامال. ئۇلار قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى. چاچلىشىش ئالدىدا زەينەپ ئانا بىلەن زۆھرە ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى ئاجراتتى. مېھرىۋان ئانىسى ئۆلگەندەك ھۆكرەپ يىغلايتتى. ئازدىن كېيىن بۇ خەۋەر، زاھىرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئاۋۇتقا ئاچچىقلانغىنىچە مېھرىۋاننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئاغىچام پېقىرنى كەچۈرسىلە! ئاۋۇت كەلسۇن، مەن

ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن،— دېدى.

— بولىدىغان سەتچىلىك بولدى. شەنىمىز بۇلغاندى. ئەمدى بېگىمگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

زاھىر بۇ ۋاقىتچە ئاۋۇتتىن مۇنچىلىك خاپا بولمىغانىدى. ئۇنى تايىپ بەگ بىلەن يولغا سالمىغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى. ئاۋۇت كەلسە ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە تەييارلاندى. زاھىرنىڭ پەيلىنى سەزگەن ئايجامال زەينەپ ئانىغا ئاستا:

— ئانا، زاھىر دادامغا نەسىھەت قىلغىن. ئاۋۇتقا ئازار بەرمىسۇن. ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، ئۇنى مەن چاقىرتتىم. ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسۇن،— دېدى. دەل شۇ چاغدا ئاۋۇت ئېتىغا بىر دانە كىيىكنى ئارتقىنىچە يېتىپ كەلدى. زاھىر يوغان ئات قامچىسىنى كۆتۈرگىنىچە:

— مېنىڭ كۆڭلۈمنى تىنچ قويمايدىغان ئەخمەق، نېمە دەپ ئۇزۇڭنى بىلمەيسەن؟! ئۇلار كىم، بىز كىم؟ — دەپ ئاۋۇتقا ئېتىلدى. ئايجامال ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ زاھىرنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى:

— زاھىر دادا، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا. ئۇرۇشقا توغرا كەلسە مېنى ئۇرسىلا،— دېدى.

— قويۇۋەتسىلە پۇجۇڭ. بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلا. ئۇ نېمە دەپ ماڭا بالا تېرىپ بېرىدۇ،— دەپ يولقۇناتتى زاھىر.

ئاڭغىچە زەينەپ ئانا چىقىپ:

— زاھىر ئاخۇن «ئاچچىق ئىماننى كېسىدۇ»، ئەمدى ئاۋۇتنى ئۇرغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، تەقدىرگە تەن بېرەيلى،— دېدى. ئاۋۇت ھاڭ — تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى. زاھىر «ئەستاغپىرۇللا» دېگىنىچە كۆزىگە ياش ئېلىپ، قامچىنى تاشلىۋەتتى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئاۋۇت:

— ئاتا، ئەيىپلىك ئىش قىلغان بولسام مېنى ئۇر، ئاچچىقىڭ يانسۇن، سەندىن قىلچە رەنجىمەيمەن،— دېدى يىغا ئارىلاش.

زاھىر:

— بالام! — دەپ توۋلىۋەتتى.

— ئاتا، مەن گۇناھ ئىش قىلغان بولسام ماڭا دۇئا بەرگىن، بۇ يەردىن كېتەي،— دېدى.

— ياق، ياق ··· كەتمە بالام! نەگە كېتىسەن؟ — دەپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى زاھىر.

## 14

تايىپ بەگ قۇرۇق تاغدىن كېتىپ 15 — كۈنى سامۇت قايتىش يارلىقىنى ئېلىپ تاغقا قايتتى. تايىپ بەگ خېتىدە: «يۇرت تىنچلىنىپتۇ. يۇنۇس بەگ شىڭ زىخۇي تەرىپىدىن چىڭ ۋاڭ سىلىڭلىقىغا تەيىنلىنىپ قايتىپ كەلدى. سامۇت خەتنى ئېلىپ بارغان ھامان ھەممىنى ئېلىپ يولغا چىقىڭلار. زاھىر قۇرۇلچى خېنىم — ئاغىچىلارنى جاپا چەكتۈرمەي سالامەت ئەكىلىپ قويسۇن ···» دېيىلگەنىدى. مېھرىۋان خەت مەزمۇنىنى ئۇققاندىن كېيىن «ئەتىلا يولغا چىقىمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. زاھىر ئۇنىڭغا:

— يولنى كۆردىلە ئاغىچام، نان يېقىپ، گۆش پىشۇرۇپ تەييارلىق قىلىۋالايلى. سامۇت ۋە ئاتىنىڭ ھاردۇقى چىقسۇن، ئاندىن ماڭايلى،— دېدى.

— قانچىلا تەييارلىق بولسا 2 كۈندە تۈگەيدۇ. زېرىكتۇق. 2 كۈندىن كېيىن ماڭايلى،— دېدى مېھرىۋان.

— ياخشى كۈننى تاللاپ سەپەر قىلماق لازىم ئاغىچام.

شەنبە يولغا چىقساق دەيمەن.
— يەنە 4 كۈنما؟! بەك ئۇزۇن.
باشقىلارنىڭ سالا قىلىشى بىلەن 4 كۈن تەييارلىق ۋاقتىغا مېھرىۋان مۇشكۇلدە قوشۇلدى.
باشقىلار يۇرتقا قايتىشقا خۇشال بولسا، ئايجامال غەمگە چۆكەتتى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەسلىھەت قىلىشىش ئۈچۈن، كېچىدە ئاۋۇت بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۇقتۇردى. تۈن تېخى ئاشقاندا، ھەممە ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا، ئۆيلەردىن نېرىدىكى قارا ياغاچلىقتا ئۇلار ئۇچراشتى. قىسقا سۆزلەشتى.
— كېتىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. قېچىپ كېتەيلى، — دېدى ئايجامال.
— قېچىپ كېتىشقۇ مۇشكۇل ئەمەس. لېكىن، بىچارە ئاتام بالاغا قالىدۇ. ئۇ قېچىپ كەتمەيدۇ، بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئاۋۇت.
— ئۆزىمىزنىلا ئويلىغان بىلەن بولمايدۇ. راست، زاھىر دادامنى بالاغا قويىمىز. قانداق قىلىش كېرەك؟
— ھازىرچە يۇرتقا قايتىپ ئامالىنى كېيىن قىلارمەن، —دېدى ئاۋۇت.
— سىزمۇ كەتمەكچىمۇ؟
— مەن سىزدىن ئايرىلىپ قانداق چىدايمەن ئايجامالىم؟ — دېدى ئاۋۇت.
— مۇرادىمىزغا يېتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئايرىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماڭىمۇ ئېغىر تويۇلۇۋاتىدۇ. سىز بۇ يەردىن ئەتىلا قېچىپ كېتىڭ. بىز يولغا چىقىپ 7 — كۈنى سىزمۇ يولغا چىقىڭ. 12 — كۈنى كېچىسى مەن سىزنى ياڭاقلىق باغدا كۈتىمەن. شۇ چاغدا قېچىپ كېتەيلى. مۇشۇنداق قىلساق

زاھىر دادامغىمۇ گەپ كەلمەيدۇ، — دېدى ئايجامال.

ئىككى ياشقا ۋاقىتلىق ۋىسال جۇدالىقى ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى.

— ئاۋۇت، بۇنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. كېيىن لازىم بولىدۇ، — دېگىنىچە ئايجامال بىر تۇگۇنچەكنى ئاۋۇتقا ئۇزاتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئاۋۇت.

— ئۆز ۋاقتىدا دادام بەرگەن ھەم ئانامدىن قالغان ئازراق نەرسە. كېرەك بولغاندا خاتىرجەم خەجلەڭ! مەن سىزنىڭ يولىڭىزغا قارايمەن، — دېدى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايجامال.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دېگەن قەرەلىدە يېتىپ بارىمەن، — دېدى ئاۋۇت.

ئۇلار شەپە چىقارماي بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قايتىپ كېلىشتى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئاۋۇت خالى يەردە ئايجامال بەرگەن تۇگۇنچەكنى ئاچقاندى، ئۇنىڭ ئىچىدىن 50 تىللا چىقتى. ئەمدى ئاۋۇتنىڭ قولىدا 100 دانە ئالتۇن تىللاسى بولۇپ، ئۇلار ياقا يۇرتلارغا كەتكەندىمۇ تۇرمۇشتىن ھېچ قىينالمايتتى.

يۇرتقا قايتىش تەييارلىقى قىزىق بولۇۋاتاتتى. زاھىر كۇنلەر يېقىنلاشقانسېرى ئاۋۇتنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەيتتى. يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن زاھىر ئاۋۇتنى چاقىرىپ:

— بالام، بىز ئەتە — ئۆگۈن يولغا چىقىمىز، سەن بۇ يەردە قالغىن. ئەتراپتا تونۇش مالچىلارمۇ بار. 2 كۈن ماڭساڭ لوپنۇرغا كېتىسەن. ئۇ يەردىمۇ تونۇشلىرىمىز بار. كېيىن ئۆزۈم ئالغىلى بارىمەن. شۇنداق قىلمىساق ئامال يوق، —

دېدى.

— ياق ئاتا، ئاپامنى بەك سېغىندىم، مەنمۇ كېتەي، —دېدى ئاۋۇت.

— سەن بىللە كەتسەڭ بولمايدۇ. ئەتە ھەممىنى تەييارلاپ بېرىمەن. ئۇۋغا ماڭغان بولۇپ قايتىپ كەلمە. مەن سېنى قېچىپتۇ، دەپ قۇتۇلىمەن. ئۆزۈڭگە پۇختا بول، باشقا ئامالىمىز يوق، — دېدى زاھىر كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا.

قەدىرلىك ئاتىسى زاھىرمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ «قالغىن» دەۋاتسا ئاۋۇتقا نېمە ئىلاج! ئۇ، قېلىش قارارىغا كەلدى. ئاۋۇت ئاكىسى سامۇتنى مەخپىي چاقىرىپ:

— ئاكا، مەن قالىدىغان بولدۇم. سەن بەك ياۋاش، يۇرتقا بارغاندا نېمە ئىشلار بولىدۇ؟ ئەگەر بىرەر يامان ئەھۋال بولسا، ھاردىم دېمەي كەينىڭگە يانغىن. مانا بۇ 20 تىللا، يېنىڭغا سېلىپ قوي. باشقا كۈن چۈشسە ئىشلىتەرسەن. بۇنى ماڭا ئايجامال بەرگەن. تىللانى ھەركىمدىن مەخپىي تۇت. مەن ھازىرلا كېتىمەن، — دېدى.

ئاۋۇت كۈندىكى ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ ئۇۋغا كەتتى. كەچتىمۇ قايتىپ كەلمىدى. زاھىر، سامۇتلار ئەنسىرىگەن قىياپەتتە ئۇ جىلغا، بۇ جىلغىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىشتى. زاھىر مېھرىۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاغچام، ئاۋۇت ئەتىگەن ئۇۋغا كېتىپ ھازىرغىچە يوق. ئەتە يولغا چىقىدىغان تۇرساق، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— قارىغاندا گۇناھىدىن ئۈركۈپ قېچىپتۇ — دە! — دېدى مېھرىۋان مەسخىرە ئارىلاش.

— ساق بولسىلىغۇ مەيلى ئاغىچام. بىرەر ھاڭدىن يىقىلغان بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟! مېڭىش ۋاقتىنى بىر كۈن

كەينىگە سۇرسەك، ئاتا — بالا ئۇنى ئىزدەپ باقساق قانداق؟ — دېدى.

— بولمايدۇ، مېنىڭ ۋاقتىنى دەقىقە سۇرۇشكە بولمايدۇ، — دېدى مېھرىۋان. زاھىر «قايغۇرغىنىچە» مېھرىۋاننىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقتى. زەينەپ ئانا، پاتىمەلەر ئاۋۇتتىن ئەنسىرىشەتتى، ئايجامال يالغاندىن كۆز يېشى قىلاتتى. ئۇلار دېگەن قەرەلىدە 5 تۆگىگە يۈك — تاق ئارتىپ، خېنىملارنى مىندۇرۇپ تاڭ سەھەر بىلەن يولغا چىقتى.

## 15

يۇنۇس بەگ قومۇل ۋاڭى ئارقىلىق شىڭ شىسەي بىلەن ئالاقىلىشىپ، يەرلىكتىن ئەسكەر تۇتۇپ، بىر مەزگىل تەربىيىلىگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئۇرۇشتا كېمەيگەن چېرىكلىرىنى تولۇقلاشقا زاپاس چېرىك يەتكۈزۈپ بېرىش شەرتى بىلەن «چىڭ ۋاڭ سىلىڭ» لىققا يارلىق ئېلىپ قايتىپ كەلدى. تايىپ بەگ ئىنىسى يۇنۇس چىڭ ۋاڭ سىلىڭ بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلگەن دادىسى ئۇچۇن چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنىڭ بىشارىتى ئىدى.

بىر كۈنى ئاكا — ئۇكا بەگلەر خالىي ئولتۇرۇپ بۇنىدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشتى:

تايىپ بەگ ئىنىسىغا:

— ئىنىم، ئاغىچىلار تاغدىن بىر نەچچە كۈندە قايتىپ كېلىدۇ. تولا كېچىكتۇرمەي ئايجامالنىڭ توينى قىلىۋەتسەك بولارمىكىن؟ — دېدى.

— بولىدۇ ئاكا، ھەمزە بەگلەرگە خەۋەر قىلىپ قويساق،

توي تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرسۇن! — دېدى يۇنۇس.

— يەنە بىر ئىش، مەن قۇرۇق تاغدا زاھىر قۇرۇلچىغا چوڭ كارىزدىن 3 كۇنلۇك سۇلۇق يەر بۆلۈپ مۆھۈر قىلىپ بېرىمەن، دېگەنىدىم. بۇنى قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ — دېدى تايىپ.

— ئۇنىڭغا تىل خەت يېزىپ بەرگەنمىدىلە؟! — دېدى ئەنسىرەپ يۇنۇس.

— ياق، ئاغزاكى ۋەدە بەرگەن.

— 3 كۇنلۇك سۇ دېگەن ئاز ئەمەس ئاكا، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ گادايىنى چوڭ كارىزغا شېرىك قىلىمىزما؟ ئۇلار كەلسە چىرايلىق گەپ بىلەن ئاز — تولا بىرنېمە بېرىپ يولغا سالىمىز. ئۇ ھەرگىزمۇ 3 كۇنلۇك سۇنى ئالىمەن دەپ، دەۋا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. دەۋا قىلغان بىلەنمۇ ئاقمايدۇ.

— ھەر ھالدا ئۇلار بىز ئۇچۇن خېلى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى.

— ئۇلارنىڭ بىز ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى پۇقرالىق بۇرچى. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەرسىلە،— دېدى يۇنۇس.

تايىپ بەگ سامۇتنىڭ قايتقان كۇنىنى ھېسابلاپ، تاغدىكىلەرنىڭ دىغارغا كېلىش ۋاقتىنى مۆلچەرلەپ، ئالدىدىن ئۇ يەرگە مەپە، ھارۋا ۋە كۇتكۇچى كاھلارنى ئەۋەتتى. زاھىرلار 6 — كۇنى چۇش بىلەن دىغارغا يېتىپ كەلدى. ئوردىسىغا ئالدىرىغان مېھرىۋان چالا — بۇلا تاماق يەپلا مەپىگە ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. باشقىلار خۇشال بولسىمۇ، ئايجامال ناھايىتى غەمكىن ئىدى. ئۇ ئاۋۇتنى سېغىناتتى.

دالان كارىز گويا توي بولىدىغاندەك تۈزەشتۈرۈلگەن ۋە داغدۇغىغا چۆمۈلگەنىدى. مەپە دالان كارىز ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە، نەچچىلىگەن ئايال خىزمەتچىلەر

ئالدىغا يۈگۈرۈشتى.

مېھرىۋان باشلىق ئوردا خېنىملىرى چوڭ ۋاڭنىڭ كۆيۈپ ئۆلگەنلىكىنى ئۇققاچقا مەيدىنى چۆشۈپلا «ۋاي دادام!» دەپ ئۈن سېلىپ ھازا ئېچىشتى.

كەڭ ئوردا كۆرەسى راستىنىدۇ، يالغاندىنىدۇ يىغا دېڭىزىغا ئايلاندى. خىزمەتچىلەر خېنىملارنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، «سەۋرى قىلىسىلا!» دېيىشىپ ئۆيلەرگە باشلاشتى. پەقەت بىرلا كىشى، ئۇ بولسىمۇ ئايجامال، ئەمدى تولۇق يېتىم بولغىنىغا ئېچىنىپ قاتتىق يىغلايتتى.

زاھىر ۋە ئوغلى ساموتنى غوجىدار ئايرىم ئۆيگە ئەكىرىپ، بىر ھازادىن كېيىن تاماق كەلتۈردى. تاماقتىن كېيىن زاھىر غوجىدارغا:

— بېگىمگە ئېيتىپ باقسىلا، ئاغىچا — پوجوڭلارنى سالامەت يەتكۈزۈپ كەلدۇق. ئۆيگە قايتىشقا ئىجازەت بەرسە، نەچچە كۈندىن كېيىن ئەھۋال سوراپ قايتا كەلسەك، — دېدى.

غوجىدار ماقۇل بولۇپ، تايىپ بەگنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئازدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ:

— بېگىم سىلەرنى سەل تەخىر قىلىپ تۇرسۇن، گېپىم بار دەيدۇ. ھېلىقى تاغقا ئېلىپ بارغان مىلتىقلارنى يىغىۋالغىن دەيدۇ، — دېدى.

زاھىر كاڭدا تىكلەكلىك تۇرغان 2 تال مىلتىقنى ئوقلىرى بىلەن غوجىدارغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار سەپەر ھارغىنلىقىدا بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇشتى.

※ ※ ※

بىردەملىك يىغا — زارىدىن كېيىن، ھەممىسى خاس

ھوجرىلىرىدا تاغدا ۋە يولدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى. تايىپ بەگ مېھرىۋاندىن:

— يوللاردا جاپا تارتماي كەلدىڭىزلەرمۇ ئاغىچا، ئەجەپ ئاۋۇت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قويسىلا بېگىم، ئاۋۇت دېگەن بىھايا دەيۈزنى! مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن گۇناھىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

— ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى؟ نېمە ئىش بولدى ئاغىچا! — دېدى تايىپ جىددىيلىشىپ.

— «دېسە لەت، دېمىسە دەرد» دېگەندەك ئالدىلىرىدا دېيىشكىمۇ تىلىم بارمايدۇ.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ئاۋۇت دېگەن دەيۈز ئايجامالنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، تاغ كەينىگە — خالىي يەرگە ئېلىپ بېرىپ، خۇددى خوتۇنىدەك قۇچاقلاپ تۇرغاننى ئايشەم كۆرۈپتۇ. بۇ كۆرگىنىمىز، كۆرمىگىنىمىزدە نېمە ئىشلار بار، خۇدايىم بىلەر! مەن ئايغا نەسىھەت قىلسام، «مەن ۋاڭنىڭ قىزى، خالىغىنىمنى قىلىمەن، ئاۋۇتقا تېگىمەن» دەپ مەن بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى.

— ئەستاغپىرۇللا! زاھىر بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئوغلىنى بىر نېمە دېمىدىما؟!

— ئۇ ئوغلىنى تازا سالدىغاندەك قامچىنى كۆتۈرۈۋېدى، بىزنىڭ پۇجۇڭ قولىغا يېپىشۇالدى، شۇنىڭ بىلەن قامچىسىنى تاشلاپ كەتتى. تېخى ئاڭلىسام ئۇ قېرى «ۋاڭلىق تامغىسى، يارلىق خەتلەر قولۇمدا، ۋاڭنىڭ كېلىنى — قىزلىرىنى ئوغۇللىرىمغا ئېلىپ بېرىمەن» دەپتۇدەك.

— ھەي تۇزكور مۇناپىقلار، مەن بۇ بىھايا، ئۆزىنى بىلمىگەنلەرنى ئەدەپلىمىسەم ھېساب ئەمەس. ئاۋۇت دېگەن بىھايانى تۇتۇپ كېلىپ جېنىنى ئالمىسام، — دېدى تايىپ

غەزەپ بىلەن. دەل شۇ چاغدا يۇنۇس ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— ئاكا، مۇنۇ يۇزسىز گادايلارنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئۇقتىلامىكىن؟

— ئۇقتۇم، شۇنىڭغا چىچىلىپ ئولتۇرۇشۇم.

— ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ ئاۋۇ كۇرسۇك قانجۇقنىچۇ؟

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئاتا — بالا ئىككىسىنى هازىرلا سولىتىۋېتەي، ئاندىن مەسلىهەت قىلايلى.

— سامۇت دېگىنى خۇدانىڭ مۆمىنىكەن، ئۇنى قويۇۋېتىپ زاهىر قېرىنى سولاپ قويسا، ئاۋۇت دېگەن جىنايەتكار ئۆزى كېلىدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى مېهرىۋان.

— زاهىرنى گۆرە ئورنىدا تۇتۇپ قېلىپ، ئائىلىسىنى قۇرۇق تاغ ئىچىگە پالايلى، — دېدى تايىپ.

— ئۇنداق بولسا، مەن شۇ بويىچە بېجىرىمەن، — دېگىنىچە يۇنۇس چىقىپ كەتتى.

يۇنۇس زاهىر ۋە ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— زاهىر قۇرۇلچى، قۇرۇق تاغقا ماڭغىچە بىزگە قانداق ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ؟ سەن ئوغلۇڭغا ئىگە بولماي، ئوغلۇڭ كەچۇرگۇسىز ئەدەپسىزلىكلەرنى قىلىپ، ئاغىچىلارنى پاراكەندە قىلىپ، شەنىمىزنى بۇلغاپتۇ. ۋاڭلىقتىن يارلىق:

— زاهىر قۇرۇلچىنىڭ ئائىلىسى قۇرۇق تاغقا پالانسۇن. جىنايەتكار ئاۋۇت كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغىچە زاهىر گۆرۇ ئورنىدا ئوردىدا تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ، — دېدى.

— بېگىم، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى 4 ئايدىن بويان خىزمەتلىرىدە بولدۇق، ئەمدىزە ۋاپاغا — جاپا دېگەن شۇمۇ؟ تايىپ بېگىمنىڭ ماڭا قىلغان ۋەدىسى قېنى؟ مەن بېگىم بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېدى زاهىر.

— تىلىڭنى تارت! ھېلىمۇ خىزمەت قىلدى، دەپ كەڭچىلىك قىلدۇق. بولمىسا چالما — كېسەك قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ، — دېدى يۇنۇس.

— بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە 3 ئەر قۇلدەك ئىشلىدۇق. جېنىڭلارنى قۇتقۇزدۇق، بالام ئاۋۇتتا ھېچ گۇناھ يوق. ھەممىسىنى ساق — سالامەت قولۇڭلارغا تاپشۇردۇم، يەنە بىز گۇناھكارمۇ؟

— كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى يۇنۇس. 6 نەپەر چوماقچى يۈگۈرۈپ كىرىشتى. زاھىرنى قاماللاپ تۇتۇپ سۆرىدى. سامۇت غەزەپلىنىپ ئېسىلغانىدى، قاتتىق مۇشت كېلىپ تەگدى. 3 چوماقچى ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ تولغاپ تېپىشتى. غەزەپلەنگەن سامۇت:

— مۇشۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلگەن بولسام، ھەممىڭلارنى يولدىلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاركەنمەن. ئاتامنى قويۇۋېتىڭلار، مېنى سولىساڭلارمۇ مەيلى، — دېدى.

— 2 كۈن ئىچىدە قۇرۇق تاغقا كەتمەيدىغان بولساڭلار، ئۆي — ۋاقا، مال — مۈلكۈڭلار مۇسادىرە، ئۆزۈڭلار قول، — دېدى يۇنۇس.

چوماقچىلار يۇنۇسنىڭ ئىشارىتى بىلەن سامۇتنى ئىتتىرىپ، ئۇرۇپ ھالسىزلاندۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى.

زاھىرنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا تىزلاق سېلىپ ئوردىنىڭ 2 — قەۋىتىگە سېلىنغان كونا كەپتەرخانىغا سولىۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئايجامال ئاكىسى تايىپنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئاكا، زاھىر دادام بىزگە ھېچ يامانلىق قىلمىغان، سولاشقا توغرا كەلسە ئەيىپلىك سىڭىللىرى — مېنى سولىسىلا. زاھىر دادامنى قويۇۋېتىشلىرىنى سورايمەن، —

دېدى.

— يوقال كۆزۈمدىن، شەرمەندە! ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ. بىزنىڭ 160 نەچچە يىللىق ئېسىل ۋاڭلىق تارىخىمىزغا تۈنجى قېتىم داغ چۈشۈردۈڭ. يۈزۈڭنى قانداقمۇ كۆتىرىپ كەلدىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى تايىپ.

ئايجامال ئاكىسىنىڭ ھاقارەت سۆزلىرىدىن قەلبى جاراھەتلىنىپ يىغلىۋەتتى. قىز بالىنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن؟
! پەقەت يىغا، يىغلاشلا كېلىدۇ، خالاس.

## 16

سامۇت غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆيىگە پىيادە قايتىپ كېلىپ، بولۇنغان ئەھۋاللارنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى. سەلىمىخان يىغلىغىنىچە:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز بالام؟! «دات» دېسەك، كىممۇ بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىدۇ؟ بۇ ئىسسىقتا 3 ئېشەك بىلەن تاغقا قانداقمۇ كېتەرمىز؟ — دېدى.

— ئاپا، سەن ماقۇل بولساڭ، تاڭنا كېچە چوڭ كارىزغا بېرىپ تايىپنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاتامنى قۇتقۇزۇپ كېلىمەن، — دېدى سامۇت.

— ياق بالام، تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالمايلى. بىر ئامال قىلىپ قۇرۇق تاغقا بېرىپ ئاۋۇتنى تېپىپ مەسلىھەت قىلارمىز، — دېدى سەلىمىخان.

— يىغلىما ئاپا، مەندە ئاۋۇتاخۇن بەرگەن 20 تىللا بار. بۇنىڭغا بىر ئات، 2 تۆگە سېتىۋېلىپ سىلەرنى ئۇلۇغ سۇغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاغا — ئىنى ئىككىيلەن بىر ئامال قىلىمىز،— دېدى سامۇت.

— ئۇنداق بولسا، هاردىم دېمەي هازىرلا ماڭ بالام. ئات، تۆگە تاپقىن. بۇ هازازۇللارنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ تىنچراق يەرگە كېتەيلى. ئاتاڭغا خۇدايىم بار،— دېدى ئانا.

سامۇت قارا ئېشىكىنى مىنىپ تۇردى دوبونىڭكىگە ئات، تۆگە ئۇقۇشقىلى يۈرۈپ كەتتى.

※ ※ ※

ئاۋۇت ئايجامالدىن ئايرىلىپ تاغدا بىر كۈنمۇ تۇرغىسى كەلمىدى. ئۇنى سېغىناتتى. قىلىشقان ۋەدىسى بويىچە 7 — كۈنى يۈرتقا قاراپ يولغا چىقتى. يول بويى ئۇنىڭ خىيال — پىكرى ئايجامالدا. يارىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى تىنىمسىز ئويلايتتى.

ئاۋۇت 4 كۈن يول يۈرۈپ يۈرتقا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، يول ئۈستىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. سەلىمىخان ئوغلى ئاۋۇتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ ئۇزۇن يىغلىدى. ئاۋۇت ئوردىدا بولۇنغان ناهەقچىلىقلارنى ئاڭلاپ قويقا چاچلىرى تىك بولۇپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى:

— ئاپا، ئوغلۇڭغا دۇئا بەرگىن. مەن 6 ئورۇسنى ئۆلتۈرگەن. ئەمدى تايىپ، يۇنۇسلارنى سىلىۋېتىپ، ئاتامنى قۇتقۇزىمەن،— دېدى.

— ياق بالام، پەيلىڭدىن يان! ئۇلار بىلەن تەڭ بولۇپ بولمايدۇ،— دېدى ئانا. ئاۋۇت گېپىدە چىڭ تۇردى. سەلىمىخان ئانىمۇ ئۇنى قويۇپ بېرىشكە قەتئىي ئۇنىمىدى. ئاخىر ئاۋۇت:

— ئاپا، سېنىڭ گېپىڭگە كىرەي، بەگلەرگە چېقىلماي،

مېنى لۈكچۈنگە بېرىشقا قويغىن. ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسام بولمايدۇ، ئايجامال مېنى كۈتىدۇ،— دېدى.

ئانا يىغلايتتى. سامۇت ئەھۋالنى بىلگەچكە:

— ئاپا، ئاۋۇتاخۇن مەخپىي بېرىپ كەلسۇن. سەن دۇئا بەرگىن. ئىنىم ھەرگىزمۇ قارامىلىق قىلما! — دېدى.

— سەن بالام، ئاي پۈجۈكدىن كۆكلۈكنى ئۈز. ئۇ بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس. بىچارە ئاتاڭ مۇشۇ تۈپەيلى سولاندى. بەگلەر سېنى تۇتۇۋالسا بوش قويمايدۇ. بارساڭ مەخپىي بېرىپ كەل، قارامىلىق قىلما. بىرەر بالا تېرىساڭ مەن سەندىن رازى ئەمەس. ۋاقىت 4 كۈن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى ئانا. ئۇلار خوشلىشىپ ئايرىلىشتى.

چىڭ ۋاڭ سىلىڭى بولغان يۇنۇس لۈكچۈن بازىرىغا شىتاپ قۇرۇپ، كېچە — كۈندۈز ھەرقايسى يېزىلاردىن مەجبۇرىي ئەسكەر تۇتۇۋاتاتتى. ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلىمەن دېگۈچىلەر بىر ئىگەر — توقۇملۇق ئات، 20 سەر كۈمۈش تۆلىشى كېرەك. كەمبەغەللەردە نە ئات، نە كۈمۈش بولسۇن؟!

ئاۋۇت مەخپىي يوللار بىلەن ھۇشيار مېڭىپ، ئەسكەر تۇتۇۋاتقانلارغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپى بولغاندا، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۈرۈپ، دېگەن قەرەلدە ئايجامال بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋەدەلەشكەن ياڭاقلىق باغقا يېتىپ باردى. يازنىڭ سالقىن كېچىسى، تۈن تېڭىدىن ئاشقان، ئەتراپ ئۇيقۇدا. ئايجامال باغقا قارىغان دېرىزىسىگە تەلمۈرەتتى. ئايجامال بىر كېچە كىرىپىك قاقمىدى. باغدىكى شەپىگە قۇلاق سالاتتى.

ئاۋۇت باغقا كىرىپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئايجامال دېرىزىدىن ئاستا چۈشۈپ ئۇچراشتى. ئاۋۇتنىڭ كۆكسىگە باش قويۇپ ئۈنسىز يىغلىدى. بولۇنغان ئەھۋاللارنى بىرمۇ — بىر ئېيتىپ بەردى.

— بۇگۈن كېچە قېچىپ كېتەلمەيمىز. بىز كەتسەك زاھىر دادام قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ. ئالدى بىلەن زاھىر دادامنى قۇتقۇزايلى. ئۇ 2 — قەۋەتتىكى كونا كەپتەرخانىدا سولاقتا. كۈرەدە پەقەت بىر قارانچۇق بار. ئەتە ئاكام پىچانغا بارماقچى. سىز تاڭنا كېچە 2 ئاتلىق كېلىپ، باغ سوقمىسى بىلەن ياندىكى ئامبارنىڭ ئۈستىگە چىقىڭ. شەپە چىقارماي كەپتەرخانىغا بېرىپ ئىشىك مۇجۇقىنى قومۇرۇپ، زاھىر دادامنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ. بىر تال ئارغامچا، بىر تال پىچاق ئالغاچ كېلىڭ! — دېدى ئايجامال.

— تاڭنا كېچە سىزمۇ تەييارلىنىپ تۇرۇڭ، بىللە كېتەيلى.

— دېدى ئاۋۇت.

— مېنىڭغۇ ھازىرلا كەتكۈم بار. مەنمۇ بىللە ماڭسام، يۇنۇس ئاكام ئەسكەرلىرى بىلەن قوغلايدۇ. ئىش چوڭىيىپ قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. بۇ قېتىم زاھىر دادامنى ئېلىپ كېتىڭ. بۇ ئىشلار سەل ئۇنتۇلسۇن. يەنە بىر ئايدىن كېيىن خۇدا بۇيرىسا بىللە بولىمىز. سىز كېلىڭ، كەلگەندە توقاي كارىزدىكى زەينەپ ئانامنىڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە كەلسىڭىز ماڭا خەۋەر قىلىدۇ، بىز قۇتۇلىمىز، — دېدى ئايجامال.

ئايجامالنىڭ سۆزلىرى ھەقلىق ئىدى. ئاۋۇت بۇ كېچە ئامالسىز باغدىن قايتىپ چىقتى.

## 17

زاھىرنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى چاي ۋاقتى بىلەن مەلۇم بولدى. تايىپ بەگ پىچانغا كەتكەنىدى. شۇڭا 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سىلىڭبۇسىدا ئەسكەر ئېلىش بىلەن بولۇۋاتقان يۇنۇس بەگكە چاپارمەن ماڭدۇرۇلدى.

يۇنۇس بەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۇرگىنىچە دالان كارىزغا يېتىپ كېلىپ، ئۆيىگىمۇ كىرمەي ئۇدۇل كەپتەرخانىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، قارانچۇقنى چاقىرىپ:

— ھەي، نان قېپى، گۇناھكار قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى قارا باسقان ئوخشايدۇ غوجام، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، — دەپ تىزلاندى قارانچۇق.

— باغلا، بۇ ھارامزادىنى، — دەپ ۋارقىرىدى يۇنۇس. قارانچۇق باغلاندى.

يۇنۇس مېھرىۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاكام پىچانغا كەتكەن پەيتتە زاھىرنىڭ قېچىشى قىزىق! ھەقاچان سامۇت ئېلىپ قاچتىمىكىن؟ — دېدى.

— سامۇت دېگەن لايغەزەلنىڭ قولىدىن مۇنچىلىك ئىش كەلمەيدۇ ئىنىم! ھەرقاچان ھېلىقى لوكچەك ئاۋۇت كەلگەنمىكىن؟ — دېدى مېھرىۋان.

— ياق، ئۇ، ئۆمۈر بويى كېلەلمەيدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، ئوردىمىزدا ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى تۇرسا، كەلمەي قالامدۇ؟ يۇنۇس نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدى — دە، ئەسەبىيلىشىپ:

— قارانچۇقنى ئۇر، ھەممىنى ئېيتقۇز. سىلەر تەييارلىنىڭلار، كەينىدىن قوغلايمىز، — دېدى.

— قارانچۇقنى سوراش كېرەك. لېكىن، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بولمايدۇ. ئۇلار ھازىر تاغ ئىچىگە كىرىپ بولغاندۇ. ئاۋۇت دېگەن ھەيران قالغىدەك مەرگەن نېمە، ئۇنىڭ قولىدا كاتتا مىلتىق بار. ئون — نەچچە ئادەم تەڭ كېلەلمەسمىكىن؟ بىكار چىقىم تارتىمىز. ئەڭ ياخشىسى پۇجۇڭنى ئىشقا سالساق گۇناھكار ئۆزى كېلىدۇ، — دېدى

مېھرىۋان.

— ئاينى قانداق ئىشقا سالىمىز ئاچا؟ — دېدى يۈنۈس.

— ئايجامال بىر پارچە خەت يازسۇن. خەتنى چاكارلاردىن بىرى قۇرۇق تاغقا ئېلىپ بارسۇن، قانداق؟ — دېدى مېھرىۋان.

سىرتتا باغلانغان قارانچۇقنى چوماقچىلار قامچىلاپ سوراق قىلاتتى. يۈنۈس بولسا گاڭگىراپ ئايجامالنى چاقىرتتى.

— ئاي پۈجۈك، ھەممىمىز سىزنى ئەزىزلەپ چوڭ قىلغان. قۇرۇق تاغدا كىچىكلىكىڭىزدىن بەزى سەۋەنلىكلەر ئۆتۈپتۇ. باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە. سىز بىر پارچە خەت يېزىپ ئاۋۇتنى بۇ يەرگە چاقىرتسىڭىز، سىزنى كەچۈرىمىز، — دېدى يۈنۈس.

-گەپلىرىگە ھەيرانمەن ئاكا. ئاۋۇت بىلەن ھېچ ئىشىم بولمىسا مەن نېمە دەپ چاقىرتىمەن؟!

— ئاۋۇت كېلىپ گۇناھىغا توۋا قىلسىلا ئۇنى كەچۈرىمىز، ئۇ سىزنىڭلا گېپىڭىزنى ئاڭلايدىكەن.

— ئاۋۇت ئۇنچىۋالا ئەخمەق بولمىسا كېرەك، بىر پارچە خەتكە جېنىنى تۇتۇپ بېرىدىغان. بۇ ئىشقا مېنى قىستىمىسىلا بولارمىكىن؟ — دېدى ئايجامال.

— ئابروينى بىلمىگەن پەسەندى، يوقال! مەيلى خەت ياز، مەيلى يازما، ئاۋۇتنى بىز قانداق تېپىپ كەلمەيمىز كىن؟ ! — دەپ ۋارقىرىدى يۈنۈس.

ئايجامال يەنە يىغا بىلەن ھەسرەتلىنىپ، ھاقارەتلىنىپ ھۇجرىسىغا قايتتى. يۈنۈس غالجىرلاشقان بۆرىدەك قارانچۇققا:

— سەن هارامزادىنىڭ ئاشۇلار بىلەن تىلىڭ بىر! ئېيت زاھىر قانداق قاچتى؟ — دەپ ۋارقىرايتتى. قارانچۇقنىڭ يۈز كۆزلىرىدىن قان سىرغىپ، يىغلىغان ھالدا گۇناھىنى تىلەيتتى.

يۇنۇس قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، غەزەپتە بىر ئورۇندا تۇرالماي، ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تىللايتتى. زاھىرنىڭ قاچقانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا تايىپ بەگكە چاپارمەن ماڭدۇردى.

## 18

ئايجامال كۇندە دېگۇدەك مېھرىۋان ۋە ئاكىلىرىنىڭ قاتتىق ھاقارىتىگە ئۇچراپ، ئازابلىنىپ بىر نەچچە كۇندىلا ياداپ، ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى. دوستى پاتمەنىڭ تەسەللىيسىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئۇ گاھىدا قىسقا — قىسقا يۆتىلەتتى، گاھىدا چارچاپ كۆڭلى ئاينىغاندەك بولاتتى. بۇنى كۆرگەن مېھرىۋان تېخىمۇ دەسمايىگە ئىگە بولۇپ ئۆسەك تاپقىلى تۇردى. تايىپ بەگ نېمىلا بولمىسۇن ئايجامالنىڭ ئاكىسى — دە، ھەرقانچە ئاچچىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلىگە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمىدى. ئۇ مېھرىۋاندىن:

— ئايجامالنىڭ كېسىلى خېلى بار ئوخشايدۇ. ئەتە تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسىتىپ باقايمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— بېگىم، بىر گەپ بار ئىدى. دەيمۇ — دېمەيمۇ؟

— دەۋېرىڭ ئاغىچا، نېمىدىن يوشۇرىسىز؟

— ئاي يۈجۈگىنىڭ چىرايلىرىنىڭ سۇنۇقلىقى، كۇندە ھۆ بولۇشىدىن، مەن ئۇنى سېزىكمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم، — دېدى مېھرىۋان ئۆسەك تېپىپ.

— نېمە؟ ! سېزىك ! نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟ ئاغىچا، تېۋىپ چاقىرتمايلى، بۇ گەپ سىرتقا يېيىلمىسۇن. ئۆزىڭىز بىر

ئامال قىلىپ قورساقتىكىنى يوقىتىش كېرەك! ئۇ تۇغۇپ قويسا شەرمەندە بولىمىز. تېز ئامال قىلىڭ ئاغىچا! — دەپ نالە قىلغاندەك سۆزلەيتتى تايىپ بەگ.

مېھرىۋان ئىچىشقان يەرگە تۇز سېپىشنى بىلەتتى. تايىپ بەگ ئايجامالغا ئاز — تولا قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزمەكچى بولغىنىدا مېھرىۋان سۇ قۇيۇۋەتتى. تايىپ بەگنى ئايجامالدىن بىر ئۆسەك توقۇپ يىرگەندۈرۈۋەتتى.

— گەپ قىلىڭا ئاغىچا، قورساقتىكىگە ئۆزىڭىز ئامال قىلىڭ!

— ياق بېگىم، بۇ ئىشقا مەن ئارىلاشماي.

— سىز ئارىلاشمىسىڭىز، ئەمدى بۇنى مەن ئۆزۈم قىلامدىم؟ ئاھ خۇدا، — دەۋەتتى تايىپ.

— بېگىمنىڭ يۈزىنى دەپ بىر ئامال ئىزدەپ باقاي، — دېدى ھىيلىگەر مېھرىۋان.

ئايجامال كۈندىكى ھاقارەت، ھەمزە بىلەن توي قىلىشقا قىستاشلار ئارقىسىدا تېزلا ھالىدىن كەتتى. ئۇ ئاۋۇتنى دېمىسە ئاللىقاچان رابىئەگە ئوخشاش تەقدىرگە ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى. دەرد — ئەلەم ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ، ئاغرىتىپ، ئورۇن تۇتۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. مېھرىۋان دەل مۇشۇ چاغدا ئۆز ئانىسىدەك كۈندە نەچچە قېتىم ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ھال سورايتتى، باش — كۆزىنى سىلايتتى، «غەمخورلۇق» قىلاتتى. ئۇ، تىۋىپ چاقىرتىپمۇ كەلدى. تىۋىپ ئايجامالنىڭ تومۇرىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— يۈرىكىدا سەۋدا غالىب، خاپىغان بار. ئۇيقۇسى كەم، ئىشتىھاسىز. بۇنىڭغا «شەربىتى ئۇستىقۇددۇس» بېرىلسە ئەسەپلەر جانلىنىپ، غەم — غۇسسىدىن خالاس بولۇپ ياخشى ئۇخلايدۇ، دورىنى ۋاقتىدا ئىچكەي، — دېدى.

تىۋىپ بۇيرىغان شەربەت قايىنتىلىپ 2 كۈن ئىچتى. ئايجامال سەل ياخشىلانغاندەك بولدى. پاتىمە مېھرىۋانغا:

— پۇجۇڭ ھېلىقى دورىدىن يەنە ئىچسەم دەيدۇ، — دېدى.

— ماقۇل، سەن پۇجۇڭنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئال، مەن دورىنى ئەكەلدۇرۇپ بېرەي، — دېدى مېھرىۋان. مېھرىۋاننىڭ زەھەرلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋاقتى كەلگەنىدى.

مېھرىۋان دورىنى ئايشەمگە قايناتقۇزدى. شەربەت تەييار بولغاندا، چىنىغا نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى تاشلاپ، ئۈستىگە شەربەتنى قويدى — دە، پاتىمەنى چاقىرىپ چىنىدىكى دورىنى ئايجامالغا ئىچۈرۈشنى تاپىلىدى.

ئايشەم ئەنە شۇ چاغدىلا مېھرىۋاننىڭ ئىنتايىن ئەسكىلىكىنى سەزگەندەك بولۇپ چىنىدىكى دورىدىن قاتتىق گۇمانلاندى. ئۇ، پاتىمەنىڭ كەينىدىن چىقىپ، پاتىمەنى ئىتتىرىۋېتىپ قولىدىكى چىنىنى چۇشۇرۇۋېتىشنى ئويلايتتى. لېكىن، سەزگۈر مېھرىۋان ئۇنى ئورنىدىن مىدىرلاتمىدى.

— ئاغىچام، مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، — دېدى ئايشەم.

— نېمە ئىش بىلەن؟ — دەپ گۈلەيدى مېھرىۋان.

— ھاجەتكە. . .

— ئايشەم، مېنىڭ گېپىمگە كىرسەڭ كۈنۈڭ ئوبدان ئۆتىدۇ. سەنمۇ ئوردىدا بىر ئاغىچا! مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقساڭ، بىلىپ قوي، جېنىڭغا ۋاي. ھازىر سەن غەلىتە بىر نەرسە كۆردۈڭمۇ؟

— ياق ئاغچام، ھېچنېمە كۆرمىدىم.

— سەن يالغان سۆزلىمە! مەن چىنىغا بېگىمنىڭ روخستى بىلەن قورساقتىكىنى چۈشۈرىدىغان دارا قاتتىم. بۇنى كۆردۈڭ.

بىرسىگە تىنغۇچى بولساڭ جېنىڭ مېنىڭ قولۇمدا.
ئايشەم تەمتىرىگىنىچە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
پاتىمە، بىر پىيالە دورىنى كۆتىرىپ كىرگىنىدە ئايجامال ئاھ ئۇرۇۋاتاتتى.
— پاتىمە، دوستۇم، — دېدى ئايجامال.
— خوش، خېنىم.
— مۇشۇ تاپتا زاھىر دادامللار نەدە تەمتىرەپ يۈرىدىغاندۇ؟ بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىشتا مەن ئەيىپلىكمۇ؟ قېنى سەن ئېيتقىنا دوستۇم!
— ئەيىپ پۈجۈڭدا ئەمەس. زاھىر دادامللار پۈجۈڭدىن ھەرگىز ئاغرىنمايدۇ.
— ئۇنداق بولسا كىم ئەيىپلىك؟!
— بۇنىڭدا... بۇنىڭدا چىن مۇھەببەتنى دەپسەندە قىلغانلار ئەيىپلىك.
— راست دېدىڭ. چىن مۇھەببەت دۈشمەنلىرى ئەيىپلىك، زاھىر دادامللار بىزنى ئويلاۋاتىدىغانمىدۇ؟ ئاۋۋت نەلەردە جاپا تارتىپ يۈرىدىغاندۇ، ئۇ قاچان كېلەر؟! — بىچارىلەر، تورۇسقا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.
— ئاي پۈجۈڭ، دورىنى ئەكىردىم، ئىچىۋالامال؟
— بولىدۇ ئىچەي، مېنى موككىدە ئۇخلىتىپ قويىسچۇ؟
— ئىلاھىم شىپالىق بەرسۇن، — دېگىنىچە پاتىمە چىنىنى ئايجامالغا تۇتقۇزدى. ئايجامال بىرلا كۆتىرىپ ئىچىۋەتتى. دەل شۇ پەيتتە ئايشەم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قۇرۇقدالغان چىنىنى كۆرۈپ:
— ئاھ، بىچارە ئاي پۈجۈڭ، مېنى كەچۈرسىلە، مەن ئەمدى بىلدىم، مەن كېچىكتىم، — دېدى — دە، يۈگۈرگەندەك سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئايشەمگە ھەيران بولۇپ تۇراتتى. ئازدىن كېيىن دورا كۆچىنى كۆرستىشكە باشلىدى. ئايجامال تاتىرىپ، قورساقلىرى مۇجۇلۇپ بولالمايۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى تەستە:

— دوستۇم ... ئۇلار ... دورىغا ... زە ... ھەر ... ساپتۇ. بۇنى ... ھېچكىمگە دېمە، ئاۋۇتلا ... ئۇقسۇن، نەرسىلىرىم ... ساڭا ... قالسۇن. ئايشەمنى ... كەچۈردۇم. مەن ... بولالمايۋاتىمەن. ئاۋۇت ... ئاۋۇت ... ئىنتىقام ... ئىنتىقام — ... ئايجامال سۆزلەشتىن توختاپ كۆز يۇمدى.

ئايجامالدىكى ئۆزگۈرۈشنى كۆرگەن پاتىمە ئىچى ئاغرىپ يىغلايتتى. پاتىمە ئىشىكنى ئېچىپ ئەنسىز «ئادەم بارمۇ؟» دەپ توۋلاپ، ئۆزىنى ئايجامالنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. يان ھۇجرىدىكىلەر يۈگۈرۈپ كىرىشتى. مېھرىۋان دەل مۇشۇنى كۈتۈۋاتاتتى.

ھۇجرىغا ئايشەمدىن باشقا ھەممەيلەن كىرىپ يىغا — زارە قىلىشتى. مېھرىۋانمۇ گويا يېقىن كىشىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغاندەك «قېرىندىشىم، سىڭلىم!» دەپ ئۇن سېلىپ يىغلايتتى. ئايجامالنىڭ جېنىغا زامىن بولغان سىرنى بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا كىشى — بىرى مېھرىۋان، يەنە بىرى پاتىمە بىلەتتى. ئايشەم بولسا شۇ چىقىپ كەتكىنىچە نەلەرگىدۇ كەتكەنىدى. مېھرىۋان بىر تەرەپتىن ئۆز غەلىبىسىدىن خۇشاللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەخپىي سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ يىغلاۋېتىپ ئايشەمنى ئىزدەيتتى. تايىپ، يۇنۇسلار ھەر قانچە تاش يۈرەك بولسىمۇ، دادىسى ئارزۇلاپ چوڭ قىلغان سىڭلىسىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا ئېچىنماي تۇرالمىدى. ئايجامالنىڭ چىرايى سەل كۆكەرگەنىدى. زەينەپ ئانا بىر قاراپلا گۇمانلىنىپ قالدى. لېكىن، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى.

ۋاڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەپنە قائىدىسى بويىچە ئايجامالنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئالتۇنلۇقتا دەپنە قىلىندى. ئايشەمنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن، سىرىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مېھرىۋاننىڭ ئۆيقۇسى قېچىپ، غەم — ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۆخلىسىمۇ ئۆنى قارا باساتتى. بىر يەردىن ئاۋۇت، بىر يەردىن ئايجامال، بىر يەردىن ئايشەم كېلىپ ئۇنىڭ گېلىنى سىققاندەك بولاتتى. ئۇ قورقۇنچىدا چىرقىرايتتى. شۇنداق قىلىپ ھەپتىگە بارماي ئۇ، ساراڭ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

19

ئاۋۇت ئاتىسى زاھىرنى ئېلىپ ھېچيەردە توختىماي قۇرۇق تاغقا يېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى كويزىنى چېقىپ تاشلاپ، قەرەللىك مېڭىپ، ئاخىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى كىچىك بۇلاقتا جەم بولۇشتى. ئۇلار چارچىغانىدى. كىچىك بۇلاقتا ئىككى كۈن تۇرۇپ ئۇلۇغ سۇ غولىغا يۆتكەلدى. بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئۆزۈن تۇرىدىغان ماكانىدى.

زاھىر ئۇلۇغ سۇغا جايلىشىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرگە:

— ۋاڭلار ياخشىلىقتا يامانلىق قىلىپ بىزنى يۇرتتىن پالىدى. ھاردۇقىمىزنى ئېلىپ لوپنۇرغا كېتەيلى. شۇ يەردە ھالال ئەمگىكىمىز بىلەن كۈن كەچۈرەلەيمىز،— دېدى.

ئاۋۇتنىڭ خىيالى ئايجامالدا. بىر ئاي مۆھلەت ئىدى. 2 ھەپتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى قىيىندا ئۆتتى. ئاۋۇت ئەمدى تاقەت قىلالمايتتى. ئېتىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ھاردۇقى چىقتى.

بىر ئەتىسى ئاۋۇت ئاتا — ئانىسىغا:

— مەن يۈرتقا بېرىپ كېلەيمىكىن؟ — دېدى.

— بالام، هازازۇللار چاڭگىلىدىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقتىڭلار. نېمە قىلغىلى بارىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. ئاشۇ خېنىمنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، بالام. بىز قانداق قىلىپ ئۇلار بىلەن تەڭ بولىمىز؟ — دېدى ئانا.

— ئاي پۇجۇك ناھايىتى ياخشى قىز، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى. ئەمدى بالام سەن يۈرتقا بارساڭ مۇشۇ ئىش ئۇچۇن بارىسەن. ئاي پۇجۇك بىلەن كۆرۈشەلىشىڭگە كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟ ساق — سالامەت قايتىپ كېلىشكە كۆزۈڭ يېتەمدۇ؟ — دېدى زاهىر.

— بۇ يولدا بېلىمنى باغلىغانمەن. ماڭا دۇئا بېرىڭلار، ئۆزۈمنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. مەن ئەتىلا ماڭمىسام ۋاپاسىز بولۇپ قالىمەن، — دېدى ئاۋۇت.

— بولىدۇ، بارغىن بالام. ئېھتىيات قىل، ھەرگىز قاراملىق قىلما! ھەرىكىتىڭنى ئىنسى — جىن تۇيمىسۇن. سېنى ئۇلۇغ ئاللاغا تاپشۇردۇق. سېنى مۇشۇ يەردە كۈتىمىز بالام، — دېدى زاهىر.

ئاۋۇت تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقتى.

مۇشۇ كۈنلەردە لۈكچۈن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان. ئوغلى بار نامراتلار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن. يېزىدا قېرىلار، ئايالالار، بالىلىرىدىن باشقىلار ئاللىقاچان ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقان. چىڭ ۋاڭ سىلىڭ يۇنۇسنىڭ چوماقچىلىرى كېچە — كۈندۈز ئەسكەر تۇتۇۋاتاتتى. تۇتۇۋالغان ئەسكەرلەرنى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ماڭدۇرۇپ تۇراتتى.

ئاۋۇت مۇشۇنداق پەيتتە لۈكچۈنگە كەلدى. تۈن كېچە، ئەتراپ تىمتاس. ئاۋۇت ھۇشيارلىق بىلەن توغراق كارىزغا يول ئالدى. ئۇ كارىزغا يېقىنلاشقاندا كارىز بېشىدىلا كۆتۈرۈلگەن

يىغا، كەينىدىن «ماڭ» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، چوماقچىلارنىڭ بۇ يەردە ئەسكەر تۇتۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، مىلتىقنى ئوقلاپ، يولدىن چەتنەپ، كارىز قۇدۇقى دالدىسىغا يوشۇرۇندى. ئەسكەر تۇتقۇچىلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاۋۇت مەھەللە ئىچىگە كىرىپ ئايجامالنىڭ ئېيتقىنى بويىچە زەينەپ ئانىنىڭ قىزى ھەمراخانلارنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى.

زەينەپ ئانا بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغاچقا كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك قىزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قوناتتى. زەينەپ ئانا ئاۋۇتنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى — دە، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. ئاتا — ئانىسىنىڭ سالامەتلىكلىرىنى سورىغاندىن كېيىن:

— كۆپ جاپا تارتتىڭلار بالام؟ نېمە ئامال؟ مۇشۇ ئىسسىقتا ئۆيدىن ئاجرىماق ئوڭايمۇ؟ تاغدا ئورۇنلىشىۋالدىڭلارمۇ بالام؟ — دەپ سورىدى.

— جايلىشىۋالدۇق ئانا، ئايجامالنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟
— دېدى ئاۋۇت. ئايجامالنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان زەينەپ ئانا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، يىغلىۋەتتى.

— ئانا ئېيتسىلاچۇ، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — ئاۋۇت تاقەتسىزلىنىپ سورىدى. بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن:

— بالام، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئاي پۇجۇڭدىن ئايرىلىپ كەتتۇق! — دېدى زەينەپ ئانا.

— نېمە؟! ئاي پۇجۇڭغا نېمە بولدى؟!

— بىچارە قىزغا ئۇۋال بولدى. تۈنۈگۈن يەتتىسىنى قىلىپ بەردۇق. سىلەرنىڭ مىراد — مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەرگەنىدىم. تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، — دېدى زەينەپ ئانا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

ئاۋۇت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «مېنىڭ ئايجامالىم!» دېگىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ:

— ماڭا ئەمدى ئۇنىڭسىز بۇ جاھان كېرەك ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كېتىمەن،— دەيتتى.

— سەۋرى قىل بالام، ئاي پۇجۇڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا، پاتىمەگە دېگەن گەپلىرى بار ئوخشايدۇ. ھەممە سىرنى پاتىمە بىلىدۇ. ئۇ سېنى كۈتىۋاتىدۇ.

— مەن ھازىرلا پاتىمەنى تاپاي، ئايجامالنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئاڭلاي،— دېدى ئاۋۇت.

— ياق بالام، بۈگۈن كېچە ئارام ئال. ئەتە پاتىمەنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن. سەن ھېچكىمگە كۆرۈنمە! بەكمۇ خەتەرلىك، ئۇلار ئەسكەر تۇتۇۋاتىدۇ،— دېدى زەينەپ ئانا.

ئاۋۇت ئۇزاق يىغلىدى. بالدۇرراق كەلمىگىنىگە ئېچىناتتى. ئۇ بۇ بىر كېچىنى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

## 20

كەچقۇرۇن پاتىمە زەينەپ ئانا بىلەن كەلدى. مېھرىۋان ئۆز — ئۆزىدىن قورقۇپ، ساراسىمە ئىچىدە ساراڭ ھالەتتە بولۇپ قالغانلىقتىن ئوردا خىزمەتچىلىرىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. پاتىمە ئاۋۇتقا ئېسىلغان پېتى يىغلىدى. بىر ھازا يىغلاشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىشىشكە چۈشتى.

پاتىمە 20 نەچچە كۈندىن بويان بولۇنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋۇتقا بىرمۇ — بىر سۆزلەپ بېرىپ، مېھرىۋاننىڭ زەھەر بېرىپ ئايجامالنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، ئاۋۇت ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ:

— ماڭا بۇ جان كېرەك ئەمەس. مەن ھازىر بېرىپ مېھرىۋان دېگەن جادۇنى، تايىپ دېگەن قارايۈزنى ئۆلتۈرمىسەم

پۈخادىن چىقمايمەن،— دېدى.

— دورىغا زەھەر سالغاننى ئايشەم بىلىدىكەن. لېكىن، ئۇنى مېھرىۋان ئۆيدىن چىقارماپتۇ. ئاي پۈجۈك دورىنى ئىچىپ بولغاندا ئايشەم كىرىپ: «مەن كېچىكىپتىمەن، ئاي پۈجۈك مېنى كەچۈرسىلە» دېدى — دە، يۈگرەپ چىقىپ كەتتى. شۇ كەتكەنچە ئۇ ھېچيەردىن تېپىلمىدى.

— ئاشۇ قارا يۈزلەر دالان كارىز ئوردىدا بارمۇ؟

— ئاۋۇتكا، سەۋرى قىلىسىلا. مېھرىۋاننى ئاي پۈجۈكنىڭ قىساسى تۇتتى. ئۇ ھازىر ئەقلىدىن ئازغان ساراڭ. ئادەم كۆرسىلا «ئاينى تۇتۇۋېلىڭلار، ئاۋۇتنى تۇتۇڭلار!» دەپ تۈۋلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ھازىر ئىنتىقام ئېلىش پەيتى ئەمەس. يۈنۈسنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى بار. پەيلىرىدىن يانسىلا،— دېدى پاتىمە.

— مېنى ئاي پۈجۈكنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭ. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي.

كەچ، ئەل ياتقان چاغ. كېچىنىڭ سالقىن شامىلى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى، ئاۋۇت پاتىمەنى بىللە ئېلىپ ئالتۇنلۇققا قاراپ كەتتى. ئالتۇنلۇق مەھەللىدىن چەتتە، ئەتراپى سوقما تام بىلەن ئورالغان مەخسۇس ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى ئەۋلادلىرىنى دەپنە قىلىدىغان قەبرىستانلىق ئىدى. بۇ يەردە بىر ئولتۇراق ئائىلە بولۇپ، قەبرىلەردىن خېلى نېرىدا ئىدى. ئۇلار سوقما تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، پاتىمەنىڭ باشلىشى بىلەن ئايجامالنىڭ قەبرىسىنى تاپتى. ئاۋۇت ئايجامال كۆمۈلگەن تۇپراققا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك يۈزىنى تۇپراققا يېقىپ ئۆزاق يىغلىدى. ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئايجامالغا پىچىرلاپ ئېيتاتتى. ۋاقتىدا كېلەلمىگەنلىكىگە ئايجامالدىن ئەپۇ سورايتتى. ئايجامالنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا قەسەم قىلاتتى.

ئاۋۇت بىلەن پاتىمەنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرىدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. تۇن يېرىمىدىن ئاشتى. تاڭ ئېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پاتىمە:
-ئاۋۇتكا، سەۋرى قىلسىلا، تاڭ ئېتىپ قالسا چاتاق بولىدۇ. ئاي پۇجۇڭ بىلەن خۇشلىشىپ قايتايلى،— دېگەندىن كېينلا ئاۋۇت بېشىنى كۆتىرىپ ئاسمانغا قارىدى.
ئاي چىققانىدى. ئۇنىڭ قەبرىدىن ئايرىلغىسى كەلمەيتتى. پاتىمەنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئىلاجىسىز ئۇ ئورنىدىن تۇردى. يانچۇقىدىن ياغلىقنى ئېلىپ، ئايجامال قەبرىسىدىن بىر سىقىم توپىنى ئالدى — دە، ئاۋايلاپ ياغلىققا چەگدى. ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا:
— ئەلۋىدا، ئايجامال، ئەلۋىدا! مەن يىراققا كېتىۋاتسامىمۇ سىزنى يوقلاشقا يەنە كېلىمەن،— دېدى ئاۋۇت.
ئۇلار تامدىن ئارتىلىپ چىقتى. ئاۋۇت پاتىمەگە:
— رەھمەت سىزگە پاتىمە، مەن سىزنى دالان كارىز بېشىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ، تاغقا كېتىمەن،— دېدى.
پاتىمە كۆزىگە ياش ئالغان هالدا:
— ئاۋۇتكا، مەن يېتىم، ئەمدى نەگە بارىمەن؟ ئاي پۇجۇڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا «سەنمۇ كەتكىن، بۇ يەردە تۇرما» دېگەنىدى. ئەمدى ئوردىغا قايتمايمەن، مەن نەگە بارىمەن؟ — دېدى.
— ئاي پۇجۇڭ رازى بولغان بولسا، مەن سىزنى بىللە ئېلىپ كېتەي، بىزگە سىڭىل بولۇڭ،— دېدى ئاۋۇت.
پاتىمە خۇشال هالدا ئاۋۇتنىڭ كەينىگە مىنگەشتى. ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاخىرقى قېتىم قەبرىستانلىققا قاراپ، ياق، ئايجامالغا قاراپ يەنە بىر قېتىم:
— ئەلۋىدا، ئايجامال!— دەپ پىچىرلىدى.
بىر ئاتقا مىنگەن، ئاكا — سىڭىل بولغان ئاۋۇت بىلەن پاتىمە تۈن قوينىنى يېرىپ جەنۇبقا — قۇرۇق تاغقا قاراپ يول ئالدى ...

ئۆمەر نوھ

# سۇبھىدە چاقنىغان نۇر

1

تەڭرى تېغىنىڭ ئاقباش چوققىلىرىدىن ئېرىگەن قار — مۇز سۇلىرى خۇددى بوۋاينىڭ پېشانىسىدىن سىرغىغان تەر تامچىلىرى يۇزلىرىنى سىپاپ ساقاللىرى ئارقىلىق سىرغىپ چۈشكەندەك، تاغ باغرىدىكى چۆپلەر ئارىسىدا گاھ ئۇلغىيىپ، گاھ ئازىيىپ ئاخىرىدا غول ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ جەنۇب تامان ئېقىپ، سوزۇلۇپ ياتقان ئوت ئەجدىھادەك ھەيۋەتلىك يالقۇنتاغنىڭ شىمالىدا ياشىرىپ تۇرغان بوستانلىقلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، يەنە يالقۇنتاغنىڭ شىمال ئېتەكلىرىدە سانسىز بۇلاقلارنى ھاسىل قىلىپ، بۇ تاغنى توغرىسىغا كېسىۋەتكەن بىر قانچە غول ئېقىنلار ئارقىلىق تاغنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىگە ئېقىپ ئۆتۈپ، بۇ ئويمانلىقتا سېھىرلىك بوستانلىقلارنى بىنا قىلىدۇ. يەنە جەنۇبقا يۇزلەنگەندە، سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان، يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك تىزىلغان كارىز قۇدۇقلىرى ھەم بۇ كارىزلاردىن چىققان ئابىھايات سۈيى بىلەن بىنا بولغان ھاياتلىق مەنزىرىلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇرۇنقى زاماندا بۇنداق كارىزلارنى كىم چاپقان بولسا، كۆپىنچە شۇ كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلەتتى. كېيىنچە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كارىزلارنىڭ ناملىرىدا

ئۆزگىرىش بولۇپ، بەزىلىرى كىشى ناملىرى بىلەن ئاتالغان بولسا، بەزىلىرى شۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ياكى شۇ كارىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. پەرسا كارىز، چوڭ كارىز، شور كارىز... دېگەندەك.

ئاچچىق كارىز ئاشۇ كارىزلار ئىچىدىكى ئاددىيلا بىر كارىز. ئۇ ئويمانلىقنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي لېنىيىسىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس. باش قۇدۇقتىن تىلما ئاغزىغىچە ئارانلا بىر كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. كارىز قۇدۇقلىرىمۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس. بەلكىم باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلىقى 7، 8 غۇلاچ كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولغاچقا ئىچىشكە بولمايتتى. پەقەت يەر سۇغۇرۇشقىلا ئىشلىتىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن خېلى زامانلارغىچە بۇ كارىز بويىدا كىشىلەر ئولتۇراقلاشمىغان ئىدى. قايسى ۋاقىتلار ئىدىكىن گۆڭشى باشلىقلىرى بۇ يەردە بىر تاتلىق سۇ قۇدۇقى ئويۇپ بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەردە دېھقانلار ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىمۇ ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، ئەتىگەن سۇغا چىققان ئاياللار چېلەكلىرىنى قاتار تىزىشىپ، ئۆچىرەت بولۇپ كېتىدۇ.

— ھاي! دوستۇم سادەتخان! نۆۋىتىڭىزنى ماڭا بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى يېڭىلا چىققان ئوتتۇرا ياشلار ئەتراپىدىكى قاشلىرىغا ئوسمىنى بولۇشىچە قويۇۋالغان، قىزىل ياغلىقىنى بېشىغا كەينىدىن ئايلاندۇرۇپ چىگىۋالغان بىر چوكان ئەمدىلا چېلىكىنى قۇدۇقنىڭ سۇ چىقىۋاتقان تۇرۇبىسىغا توغرىلاۋاتقان، زىلۋا بويلۇق كېلىشكەن چوكانغا. بۇ چوكان دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە گەپ قىلغان ئايالغا قارىدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

—بوپتۇ، سىز ئىلىۋىلىڭ،—دەپ تۇرۇبىغا يېقىنلاشتۇرغان چېلەكنى تارتىۋالدى. ھېلىقى چوكان چېلەكنى توغرىلاپ قويۇپ قويغاندىن كېيىن سادەتخان ئۈنىڭدىن ئامانلىق سورىدى:

—ئوبدان قونۇپسىزلەرمۇ پاتەمخان، قارىغاندا تويغا بارىدىغان ئوخشىمامسىز؟—ئۇ شۇنداق دېگەچ پاتەمخاننىڭ باش قىسمىنى ئىشارە قىلىۋېدى، پاتەمخان دەقىقە ئارىلىقىدا ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. سادەتخانمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ كۆلگەندە ئىككى مەڭزىدىكى زىنىقى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ، ئۇنى تېخىمۇ جەزىبدار قىلىۋەتتى.

—نەدىكى تويكەن ئۇ،—دېدى پاتەمخان قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ تۇرۇپ،—ھېلىقى ئەسكىنىڭ ئىشى بولمامدۇ. سۇ يوق دېسەم ئۇنامدۇ، ھېلىمۇ ياخشى بىر چېلەك سۇ بار ئىدى، ئۇنى ئۆزۈم ئىشلەتتىم. ئەمدى ئۆزى ئورنىدىن تۇرالماي ياتىدۇ بىزەڭ. سىزلەرچۇ؟

بۇ گەپ بىلەن سادەتخان ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

—ئوبدان گەپ قىلىڭە پاتەمخان، باللار چوڭ بوپ قالغاندا، ئۇ ئىشلارغا نەدە چولا،—دېدى.

—مەن بىلمەمدىم سىز ئۈششۈقنى، ھەممە ئىشنى ئەتىگەن تۇرۇپ تۈگەتتىم دەڭا، سەيدۇللا ھېلىغىچە ئېتىزدا بىر كۆنلۈك ئىشنى تۈگەتكەندۇ تايىنلىق،—دېدى پاتەمخان يەرگە قاراپ تۇرغان سادەتخاننى نوقۇشلاپ.

—ھەي، چېلەك توشۇپ كەتتى!—دەپ تۇۋلىدى تاقەتسىزلەنگەن بىرەيلەن. پاتەمخان ئالاقزادە بولۇپ چېلەكنىڭ ساپىقىنى تۇتىمەن دەپ چېلەكتىكى سۇغا قولىنى چىلىۋالدى. قاراپ تۇرغان ئاياللار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

## 2

سادەتخان سۇنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگەندە، سەيدۇللا قايتىپ كىرگەن بولۇپ، قولىنى يۇيۇۋاتاتتى. سادەتخان سۇنى ئىدىشقا قۇيۇۋېتىپ، چېلەكنى قويدى — دە، لۆڭگىنى ئېلىپ سەيدۇللاغا سۇندى.

—ئىككى چېلەك سۇنىمۇ شۇنداق ئۇزاقتا ئەكىرەمسەن؟ —دېدى سەيدۇللا قولىنى سادەتخان بەرگەن لۆڭگە بىلەن سۇرتۇپ تۇرۇپ،—ناشتىلىق تەييار بولدىمۇ؟

—ناشتىلىقنى تەييار قىلىپ بولغىلى نەۋاق. ھېلىقى پاتەمخان ھورۇن خوتۇن بولمامدۇ، يا ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلمىغان، يا كىشىنىڭ ئىشىنى ئىلگىرى باستۇرمىغان، — دېدى سادەتخان.

—سېنىڭ ئىشىڭ ئىلگىرى باسمىسا خەق بىلەن نېمە ئالاقىسى،—دېدى سەيدۇللا.

—نۆۋىتىمنى ئېلىۋالدى،—دېدى سادەتخان. ئۇ شۇنداق دەپ ھويلىدىكى سۇپىغا داستىخان راسلىدى.

سەيدۇللا داستىخانغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى. سادەتخان زاغرا ناننى سىنچايغا چىلاپ، تۇزلىغان سەي بىلەن ئىشتىھالىق ناشتا قىلىۋاتقان يولدىشىغا بىردەم قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خۇرسىنىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

—قانداق قىلساق بولار؟ بالىلارنىڭ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ھەممىسىگە بىر يۈز ئەللىك كويدىن ئارتۇق پۇل كېتىدىكەن.

—نېمە! نېمانداق كۆپ پۇل ئۇ؟ نېمىگە ئالىدىكەن مەكتەپ ئۇنچىۋالا پۇلنى؟—دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى سەيدۇللا قولىدىكى قاچىنى داستىخانغا قويۇپ تۇرۇپ.

—نېمە، چۆچۈپ كەتتىڭغۇ؟ چوڭ ئوغلىمىز سادىق ئالتىنچى سىنىپتا ئوقۇغىلى يېرىم يىل بولدى، ئوتتۇرانچىسى ساتتارجانمۇ تۆتىنچى سىنىپتا، كىچىككى سەمەتمۇ ئىككىنچىگە ئۆرلىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى، كىتاب پۇلى ۋە سۇغۇرتا پۇللىرىنى قوشقاندا شۇنداق بولىدىكەن ئەمەسمۇ،—دېدى سادەتخان.

—ئەستاغپۇرۇللا، قانداق قىلىمىز پۇل بولمىسا؟ بالىلار مەكتەپتىن توختاپ قالسۇنمۇ — يا؟—دېدى سەيدۇللا بىر خىل مەيۈس ئاھاڭدا.

—ياق! بالىلىرىمىزنىڭ ساڭا ئوخشاش ساۋاتسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ساۋاتسىز ئادەم سىيىت نوچىدەك ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ،—دېدى سادەتخان دومسىيىپ.

—ھە؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ بارىدىغان ساۋاتسىز بولدۇممۇ؟—دېدى سەيدۇللا گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ. سادەتخانمۇ دومسىيىشتىن توختاپ قالدى.

—ئۆيدە ئازراقمۇ پۇل يوقمۇ؟

—بار، ئۇنىڭغا ئۇن ئالمىساق، ئەتىلا يەر ئاغدۇرۇپ تېرىمنى باشلىساق قانداق قىلىمىز؟

—ئەمىسە چوڭ ئۆيگە بېرىپ باقامسەن — يە؟

—بارمايمەن. كۈزدىلا ئاپامدىن ئىككى يۈز كوي ئېلىپ كەلگەن، ئۇنى قايتۇرماي تۇرۇپ، ئاپامنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟

—ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭ، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭ، مەن قانداق قىلىمەن ئەمىسە،—دېدى سەيدۇللا.

—نېمىلا قىلساڭ ئەر بولغاندىكىن بىر ئامال تاپارسەن؟ سەيدۇللا بېشىنى قاشلاپ بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا. . .

— ئۇنداق بولسىچۇ، سەن ئەترەت باشلىقىدىن بىر تونۇشتۇرۇش يازدۇرۇپ كەل. مەن قەرز كوپىراتىپىغا بېرىپ باقاي، — دېدى سادەتخان سەيدۇللانىڭ گېپىنى ئۈزۈپ.

3

سېرىق ئوسا قىلىدىغان ئۇچ مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئەمدىلا تېرىپ بولغان سەيدۇللا كەتمىنىنى قويۇپ، قىر بېشىغا كېلىپ هاردۇق ئالغاچ تاماكا ئورىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولسا ئەمدىكى كېۋەز تېرىش ئۇچۇن تەييارلىنىدىغان تۆت مو يەر مانا مەن دەپ گەۋدىلىنەتتى. ئۇ يەرنى بۇ يىل هېچ بولمىغاندا كىچىك تراكتور بىلەن بولسىمۇ ئاغدۇرۇش كېرەك. بىراق، ئۇنىڭغا نەدە پۇل؟ ئۇنىڭغا باسىدىغان ئۇرۇقچۇ؟ بالىلارغۇ ئەمدى ياز بولىدىغان بولغاندىكىن بىر نېمە بولۇپ ئۆتەر. بالىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنىغۇ هەر هالدا تاپشۇرۇپ بولدۇم، ئۇنىنىمۇ قەرزگە ئالدىم، بىراق. . .

— هە! سەيدۇللا ئۇكام، ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ ئەكىلە تاماكىدىن مەن بىر ئوراي. — ئۇنىڭ خىياللىرىنى كەنت باشلىقى هەسەن ئاكا بۆلۈۋەتتى.

— ئازراق هاردۇق چىقىراي دەپ شۇ، — دېدى سەيدۇللا. هەسەن ئاكا ئۇنىڭ قولىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ بىر تال تاماكا ئورىغاندىن كېيىن تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شوراپ يۆتۈلۈپ — قېقىلىپ كەتتى.

— هوي، نېمانداق ئاچچىق تاماكا تېپىۋالغانتىڭ؟ زەهەرغۇ بۇ ئۆزى، — دەپ كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — هە، ئۇكام سەيدۇللا، يەرلەرنىغۇ بېرىۋەتتۇق، ئەمدى بىزنىڭ غېمىمىزمۇ خېلى

يەڭگىلىلەپ قالدى. بىراق، بۇنىڭ بىلەنلا ئىش تۈگەمدۇ؟ كوللېكتىپقا يۆلىنىپ ئۆگىنىپ قالغان نۇرغۇن دېھقان ئائىلىلىرى قانداق قىلىدۇ؟ مەسىلەن: سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟ بىرى، يېرىك ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ كارىزنىڭ سۈيى ئاچچىق ھەم يەرلىرى ئۇنۇمسىز. يەنە بىرى، بالىلىرىڭ ئۇششاق، ئەمگەك كۈچۈڭ ئاز، قولۇڭمۇ قىسقىراق، سەن ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

سەيدۇللا ئويلىنىپ قالدى. راست، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ باللارنىڭ چوڭى ئون ئۈچ ياشتا، كىچىكى تېخى قولدا. تۆت بالىنىڭ ھەممىسىلا ئوغۇل، يەر تەقسىم قىلىشتا ئارانلا يەتتە مو يەر كەلدى. يەرلەرنىڭ ئۇنۇمسىزلىكى، كارىزدىن چىقىۋاتقان سۇنىڭ ئاچچىق بولۇشىغا قارىماي يىلدىن يىلغا ئازلاپ كېتىشى... ئىلگىرى ئۇ بۇنداق مەسىلىلەرنى ئويلىمايتتى. ئەترەتتە ئەتىگەندە كەتمەننى كۆتۈرۈپ چىقسىلا ئىش تەييار. ئەترەت باشلىقى سۆيلەپ تۇرىدۇ تېخى. نومۇر بىلەن ئۇنىڭ كارى يوق. مېھرىبان ئاتا — ئانىسى بار، كۆزدە ئانچە — مۇنچە پۇلمۇ كىرىدۇ. ئۆيدە بولسا ئاق قوناق ئۇنى بولسىمۇ بار. چۈنكى، ئەترەت ئايمۇ — ئاي بېرىپ تۇرىدۇ. يىرىك بولسىمۇ ئۆتىدىغان نەرسە بولغاچقا، گالدىن غەم يېمەيدۇ. بىراق... ئاتا — ئانىسى بىر ئاغرىغان بىلەن كەينى — كەينىدىن كېتىپ قالدى. ئەستاغپۇرۇللا، تېخى ئۇ تۆت باللىق بولۇپ قالغاندا ھەممىنى تاشلاپ بىراقلا كېتىۋالدى — دە.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدىكى تاماكىسىمۇ ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان ئىدى.

—ھە، بىر نېمە دېمەمسەن ئۇكا، —ھەسەن ئاكىنىڭ سۆزى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى سەيدۇللا مەيۇس هالدا. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ قولىدىكى تاماكىسىغا يەنە ئوت تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ پۈۋلىگەن تاماكا ئىسى بىر يۇرۇش زەنجىرسىمان چەمبىرەكلەرنى هاسىل قىلىپ، هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى.

— مېنىڭ بىر مەسلىهەتىم بار ئۇكام. بىراق، سەن نېمە دەيسەنكىن؟ — هەسەن ئاكا سەيدۇللانىڭ كۆزىگە قارىدى.

— قېنى دەپ باقمامسەن؟ بىر ئاڭلاپ باقاي. ئەگەر پايدىلىقلا بولسا سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش قىلاي، مۇشۇ چاغقىچە سېنىڭ گېپىڭ بويىچە ئىشلەپ كەلدۇق. ئىشقىلىپ ئىشتان تىزدىن ئاشمىسىمۇ هەر هالدا ئاچ قالمىدۇق. بۇ نۆۋەت پەقەت ماڭىلا يول كۆرسىتىسەن. شۇڭا، سېنىڭ مەسلىهەتىڭنى ئاڭلاپ باقاي، — دېدى سەيدۇللا.

4

باللار ئاللىقاچان ئۇيقىغا كەتكەن ئىدى. سادەتخان كاڭدا ئولتۇرۇپ پەنەر چىراغنىڭ يورۇقىدا يىڭنە ئىشى قىلىۋاتاتتى. سەيدۇللا ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى ئاچچىق تاماكىنىڭ ئىسى قاپلاپ كەتكەچكە سادەتخان بۇنىڭغا چىدىمىدى.

— نېمە ئانچە چېكىدىغانسەن بۇ زەهەرنى؟ ئۆزۈڭنىغۇ ئويلىما، باللارنى بولسىمۇ ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ! هەممىسىنىڭ ئۆپكىسىنى كاردىن چىقىرىپ نىمجان قىلاي دەمسەن — يا؟ — دېدى سادەتخان بىر قولى بىلەن بېشى ئەتراپىدا لەيلەپ يۈرگەن تاماكا ئىسىنى ئۆيان — بۇيان يەلپۈپ تۇرۇپ.

— چەكسەم نېمە بوپتۇ؟ ئادەم باشتىكى خىيالنى بىر باشقا چىقىرالماي تۇرغاندا سەن ئەمدى مېنىڭ تاماكا چېكىشىم بىلەن

قالدىڭغۇ، — دېدى سەيدۇللا چېكىپ ئاز قالغان تاماكا قالدۇقىنى ئوچاقنىڭ ئىچىگە تاشلاپ.

— سەن قاچاندىن باشلاپ ئىشلارنى غەم قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ باشقا ئىشلار بىلەن كارىڭ يوق، ئېشەك ھاڭرىغان، توقماق تاڭگىرىغان يەرلەردە يۈرىدىغان ئادەم، ئەجەپ بۈگۈن ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپسىنا؟ دەپ باقە، سېنى غەمگە سالغان قانداق ئىش ئۇ؟ مەنمۇ ئاڭلاپ باقاي، — دېدى سادەتخان.

— ساڭا دېگەن بىلەنمۇ بىكار، سەن نېمە قىلالايتتىڭ؟ خوتۇن كىشىنىڭ جاۋىلدىغىنى جاۋىلدىغان، — دېدى سەيدۇللا.

— مەنچۇ، خوتۇن كىشى بولساممۇ، ئادەتتىكى خوتۇنلارغا ئوخشىمايمەن. ئۆي تۇتقان ئون بەش يىلدىن بېرى تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ مۆرىتى كەلگەندە ئەرلەرگە بەرگۈسىز خوتۇن بۇ، دەپ كېتەتتىڭغۇ ئۆزۈڭ، — دېدى سادەتخان.

— مۇشۇ يەردە بىر كەلتۈرىۋالدىڭ ھە خوتۇن، — دەپ كۈلدى سەيدۇللا، — بۈگۈن ئېتىزلىقتا ھەسەن ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ كاللامغا بىر ئىشنى سېلىپ قويدى، شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

— ھەسەن ئاكام ئەزەلدىن كىشىگە قارا سانىمايدىغان تۈز كۆڭۈل ئادەم، قېنى ئېيتىپ باقە، ھەسەن ئاكام نېمە دېدى؟

— ئەتىگەن بۇغداينى تېرىپ بولۇشۇمغا ھەسەن ئاكام كېلىپ قالدى. دەسلەپتە تاماكا چېكىشتۇق، كېيىن ئۇ تۇرۇپلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ قالدى. نېمە دەيدۇ، دېمەمسەن؟ ھېلىقى ئاچچىق كارىز بىلەن تېتۇ كارىزنىڭ باش قۇدۇقلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر سوقما قوتان بار، بىلەمسەن؟ ھەسەن ئاكام ئاشۇ بىنەمنى بىر ئۆزلەشتۈرۈپ يەر قىلىۋالساڭ بولمامدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئويلىنىپ قالدىم. باشىنىڭ ئىچىمۇ — تېشىمۇ قاتتى.

— سوقما قوتاننىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرغۇ تۈز، شور يوق ئوبدان يەر، بىراق، ئۇ يەرنىڭ سۈيى بولمىسا؟

— ھەسەن ئاكامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەرگە قۇدۇق چاپسا سۇ چىقىدىكەن. چىققاندىمۇ تاتلىق سۇ چىقىدىكەن، سىنىڭچە قانداق بولار؟ — سەيدۇللا ھازىر ئايالىدىن رەسمىي مەسلىھەت سوراۋاتاتتى. سادەتخانمۇ قولىدىكى يىڭنە ئىشىنى قويۇپ سەيدۇللا بىلەن ئەستايىدىل سۆزلىشىشكە ئۆتتى.

— قۇدۇقنى چاپساق راستىنلا سۇ چىقارمۇ؟

— چىقىدۇ دەيدۇ.

— چاپساق قانداق چاپىدىكەنمىز؟

— ئەلۋەتتە، ئۆزىمىز چاپىمىز — دە. ھەسەن ئاكام تەشكىلگە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەت بولسا، ئۆزۈم مېڭىپ ئوڭشاپ بېرىمەن, دەيدۇ.

— ھەي، قانداق بوپ كېتەر؟ يېقىن ئەتراپلاردا مۇشۇنداق يەر ئاچقانلار بارمىكەن؟

— بار ئىكەن. باشقا يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى شېرىكلىشىپ، بەزىلىرى ئۆزلىرى يالغۇز قۇدۇق چېپىپ يەر ئېچىپتۇ. تېخى ئۆتكەن يىلىلا باشلاپتۇ. — مۇشۇنداق سۆزلەر بولغاندىن كېيىن ئەر — ئايال ئىككىيلەن بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى. ئارىدىكى جىملىقنى سادەتخان بۇزدى:

— گەپنى دېيىشقۇ ئاسان، ئەمما, قىلىش قىيىن.

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— قۇدۇق ئۆزى چېپىلمايدۇ — دە؟

— گەپ شۇ يەردە. باللار كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولدا بىر نەرسە يوق. ھەسەن ئاكامغا بۇ گەپلەرنى ئېيتسام، ئۇ، بانكىدىن مۇشۇنداق ئىشلارغا قەرز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بانكىدىن ئالىدىغان قەرزگىلا تايىنىۋالساق بولماس.

مېنىڭچە، مەن چوڭ ئۆيگە يەنە بىر بېرىپ باقاي. ئىنىم ئۆتكەن يىلى ئانچە — مۇنچە تېرە ئېلىپ ساتقانلىقىنى دەۋاتاتتى. ھېچ بولمىغاندا بىر، ئىككى مىڭ كوي بەرسە، بانكىدىن ئالىدىغاننى ئازراقلا ئالارمىز.

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ مەن ئىزاغا قالمامدىم؟

— «ئىزا تارتقىنىم — غىزا تارتقىنىم» دەپتىكەن، بۈگۈن ئەجەپ تاۋۇڭ نازۇك بولۇپ كېتىپتا سېنىڭ؟

— يەنىلا سەن ئەقىللىق — تە خوتۇن، مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دېمىسەم، — دەپ پىخىلداپ كۈلدى سەيدۇللا.

— ھەي، يۈزى قېلىن، مۇشۇنداق يەرلىرىمنى دېمىسەڭ قانداق قىلاتتىڭ، — سادەتخان ئورنىدىن تۇرىۋېدى، سەيدۇللامۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تۆت بالاڭنى تاشلاپ بېرىپ باشقا بىرىنى تاپاتتىم. ياش خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ باغرىمنى — باغرىغا ياقاتتىم، — دەپ بولۇپ، يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. سادەتخان بولسا:

— يۈزى قېلىن، ئەسكى، چوڭ ئۆيگە ھەرگىز بارمايمەن. سېنىڭ ئۈچۈن بىر ماڭدام ماڭمايمەن، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما، كۆڭلىدە بولسا ئېرىنىڭ بۇ چاقچىقىدىن سۆيۈنۈپ، ۋۇجۇدىدا تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى، يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى.

5

سەيدۇللا ئېشەك ھارۋىنى تەييار قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش بۇلا، ئارغامچا، سېۋەت، قاتارلىق نەرسىلەرنى سالدى. سادەتخانمۇ بىر سېۋەتكە نان، قاچا — قۇچا قاتارلىقلارنى سېلىپ، ئۇنى بىر قولىدا، يەنە بىر قولىدا چايداننى كۆتۈرۈپ چىقتى. سەيدۇللا خوتۇنىنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ھارۋىغا

جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، سادەتخان هارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى. سەيدۇللا «چۇ» دەپ ئېشەككە بىر تاياق سېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار سوقما قوتانغا بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى. سەيدۇللا ئېشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ هارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلىدى. سادەتخان چايدان ۋە سېۋەتنى ئېلىپ پاكار سوقما تامنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ قويدى. سەيدۇللا ئۇيان — بۇيان بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سوقما قوتاننىڭ بىر بۇرجىكىنى نىشان قىلىپ غەرب تەرەپكە قاراپ چوڭ — چوڭ ماڭداپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، يەنە هېلىقى سوقما قوتاننىڭ بۇرجىكىدىن جەنۇبقا قاراپ يەنە ماڭداپ كەتتى. سادەتخان ئېرىنىڭ هەرىكىتىدىن هېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قاراپ تۇردى. بىر چاغدا سەيدۇللا كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. تاقەتسىزلەنگەن سادەتخان سورىدى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— قۇدۇقنىڭ ئورنىنى مۆلچەرلەۋاتىمەن — دېدى سەيدۇللا.

— قەيەرگىرەك چاپساق بولغىدەك؟

— مۇشۇ سوقمىنى نىشان قىلىپ غەرب تەرەپكە ئەللىك قەدەم، جەنۇب تەرەپكە يۈز قەدەم كۆرۈپ كەلدىم. تەخمىنەن بىر يۈز ئەللىك مودىن ئارتۇقراق كەلگۈدەك. قۇدۇقنى مۇشۇ يەرنىڭ باش قىسمىدىكى ئەللىك قەدەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپساق بولغىدەك، — دېدى سەيدۇللا.

— ئۇنداق بولسا ئىشنى باشلايلى! — دېدى سادەتخان. ئىككىيلەن شۇنىڭ بىلەن گۈرجەك قاتارلىق ئىش سايمانلىرىنى ئېلىپ، مۆلچەرلىگەن يېرىگە كەلدى. سەيدۇللا يانچۇقىدىن ئۇزۇن بىر تال تانىنى چىقىرىپ، بىر ئۇچىنى بىر چى ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال قوزۇققا هالقا قىلىپ ئۆتكۈزۈپ،

قوزۇقنى يەرگە قاقتى. تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى بىر چى ئۇزۇنلۇقتىكى يەنە بىر تاياقىقا چەگدى ھەمدە يەرگە قېقىلغان قوزۇقنى مەركەز قىلىپ، تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى تاياقنى يەرگە تىرەپ، جىجاپ بىر ئايلىنىۋېدى، رادىيوسى بىر مېتردىن چوڭراق بىر چەمبەر ھاسىل بولدى. سەيدۇللا قوزۇقنى يۇلۇپ، تانىلارنى يىغىشتۇردى. سادەتخان:

—قېنى، بىسمىللا، دەپ ئىشنى باشلىغىن، —دېدى سەيدۇللاغا قولىدىكى گۇرجەكنى بېرىپ.

«بىسمىللا» دەپ بولۇپ، ئىككى ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ گۇرجەكنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى سىزغان چەمبەرنىڭ ئىچىدىن گۇرجەكنى دەسسەپ تۇرۇپ، تۇپىنى سىرتقا تاشلىغىلى تۇردى. شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەت چېپىۋېدى، يېرىم مېتر چوڭقۇرلۇقتا بىر كۆلچەك شەكىللەندى. پېشانىسىدىن مۇنچاق — مۇنچاق تەر چىقىۋاتقان سەيدۇللا گۇرجەكنى قويۇپ، كۆلچەكتىن چىقىپ ھاردۇق چىقىرىشقا ئولتۇرىۋېدى، سادەتخان ئورنىدىن تۇرۇپ گۇرجەكنى قولىغا ئېلىپ كۆلچەككە چۈشتى. ئەر — ئايال ئىككىيلەن بىرى قويسا يەنە بىرى شۇنداق چېپىپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا كۆلچەكنى بىر مېتردىن ئاشۇرىۋەتتى. دېمەك، قۇدۇقنىڭ ئاغزى شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. سەيدۇللا سىرتقا چىقىپ دەم ئېلىپ ئولتۇردى. سادەتخان چىنە — قاچا، نان قاچىلانغان سېۋەت بىلەن چايدانىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، سەيدۇللانىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، نان، چىلانغان سەي سېلىنغان تەخسە قاتارلىقلارنى داستىخانغا قويۇپ سەيدۇللاغا تۇتتى. شۇ خىل ھالەتتە ئىككىيلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئەر —ئايال ئىككىيلەن بىرلىكتە، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەمگەك مېۋىسىدىن كېلىدىغان بەختىنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتاتتى.

ئۈلار كۆز ئالدىدا تۇرۇۋېدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇپ — سۈزۈك سۇ، پىلەك بويلاپ خەمەكلىگەن قوغۇنلار، باراڭلاشتۇرۇلغان تەكلەردە مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئۈزۈملەر، ئاق دېڭىزدەك پاختىلار ئېچىلىپ كەتكەن كېۋەزلىك، چۆگۈندەك — چۆگۈندەك باش بولۇپ دان تۇتقان ئاق قۇناق، پىششىق خىشتا سېلىنغان پىشايۋانلىق ئازادە هويلىلىق يېڭى ئۆي، تراكتور، سىيالكا قاتارلىق دېهقانچىلىق ماشىنىلىرى، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، ئۆيگە كىرىپ چىقىۋاتقان مېهمانلار، كېلىنلەر... ئىش قىلىپ شۇنداق بىر مەنزىرە گەۋدىلەنمەكتە ئىدى...

—هەي ئۇقتۇڭلارمۇ، سەيدۇللانىڭ قۇدۇقى سۇغا يېتىپتۇ.

—راستمىكەن؟

—راست بولمايچۇ، هەسەن ئاكا كۆرۈپ كەپتۇ.

—سەيدۇللا ئەمدى قانداق قىلىدىكەن؟

—نېمىنى قانداق قىلاتتى. تۈنۈگۈن قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ كەپتۇدەك.

—ئۇلار نېمە دەپتۇ؟

—يەنە ئەللىك مېتىردەك چاپىدىكەن. ئاڭلىشىمچە هەر مېترىنى 90 كويدىن دېيىشىپتۇدەك.

—سەيدۇللا ئانچىلىك پۇلنى چىقىرالامدۇ؟ يەنە ئۇنىڭغا تۇرۇبا سالمىسا بولمايدۇ، دېزىل ماتور، پولات تۇرۇبا، سۇ پومپىلىرىغا يەنە بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ — دە.

—ئۇن بەشمىڭدىن ئوشۇق پۇل كەتكىدەك.

—يىگىرمە مىڭ دېگىنە.

—ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇ؟

يۇقىرىقى گەپلەر كارىز تىلمىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى

كۆل بويىدا ئولتۇرۇشقان بىر قانچە دېھقانلار ئارىسىدا بولۇۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن:

— ئەنە سەيدۇللا ئۆزى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. ھەممىسى ئۇ دېگەن تەرەپكە قارىدى. سەيدۇللا ساپما كەشنى سۆرەپ، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، بىر قولىدا لۆڭگىنى پۇلاڭلاتقىنىچە كېلىۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. سەيدۇللا يېتىپ كېلىپ، كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى:

— نېمە پاراڭ قىلىۋاتىسىلەر؟

— سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىۋاتاتتۇق، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن.

— نېمە گېپىمنى، — سورىدى سەيدۇللا.

— سېنى قۇدۇقنى سۈيىگە يەتكۈزۈپتۇ، دەيدىغۇ؟

— شۇنداق سۈيىگە يەتتى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— قانداق قىلاتتىم، قالغىنىنى ماشىنىدا چاپقۇزىمەن.

— ئىقتىسادنى جايلاپ بولدۇڭمۇ؟

— ئاساسەن بىر گەپ بولۇپ قالدى.

— بۇ قانداق گەپ؟

— قانداق گەپ بولاتتى، ئۆزۈم ئازراق غەملىدىم، تۇغقانلاردىن ئازراق ئۆتنە ئالدىم، ھەسەن ئاكام يول مېڭىپ يۈرۈپ بانكىدىن ئون بەشمىڭنى ئوڭشاپ بەردى. ئۇزۇنغا قالماي قۇدۇقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىۋاتقاندا، سەيدۇللانىڭ ئوغلى ئۇنى چاقىرىپ كەلدى.

— ھەسەن ئاكام سېنى ئىزدەپ كەپتىكەن. مۇھىم ئىش

بار، دەيدۇ. شۇڭا، سېنى چاقىرغىلى كەلدىم،— دېدى ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ساتتار.

— ھەسەن ئاكام ئۆزىلا كەپتىمۇ؟— سورىدى سەيدۇللا.

— مەن تونۇمايدىغان بىر ئاكاش بار ئىكەن. ساڭا قاراپ قالدى، ئۇلار ھويلىدىلا قالدى،— دېدى ساتتار.

— قارىغاندا قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتىدىن ئادەم كەلگەن ئوخشايدۇ. مەن قايتاي، ھەر قايسىلىرى بېرىشىمامدىلا،— دەپ ئەتراپتىكىلەرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغاچ ئۆزرە ئېيتتى سەيدۇللا.

سەيدۇللا ئوغلى ساتتارنى يېتىلەپ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ھويلىغا كىرگەندە ھەسەن ئاكا ناتونۇش، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى بىلەن سۇپىغا سېلىنغان پالاز ئۈستىدىلا شىرەنى چۆرىدەپ، چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى.

— ھە، قايتىپ كەلدىڭمۇ ئۇكام سەيدۇللا، بۇ كىشى سۇ ئىدارىسىغا قاراشلىق قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇسالام بولىدۇ. قايسى كۈندىكى ئىككىمىزنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۇنى باشلاپ كەلدىم،— دېدى ھەسەن ئاكا سالام — سائەتتىن كېيىن.

— ياخشى كەپسىلە، ئالدىلىرىغا بارالمىدىم، يوللىرىغا قاراپلا تۇراتتىم،— دېدى سەيدۇللا ئىككىسىنىڭ چىنىلىرىغا چاي جىقلاۋېتىپ.

— يولغا قارىساڭ، كۆل بويىغا چىقىۋېلىپ، قۇرۇق پاراڭ بىلەن قارامتىڭ،— دەپ چاقچاق قىلدى ھەسەن ئاكا.

— ئەستاغپۇرۇللا، سېنى مۇشۇ گەپنى دەۋەتمىگىدى، دەپ تۇرسام ئاخىرى دېدىڭ — دە. ئوقۇمىغان ئادەم گەپنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدىكەنمىز. قېنى چايغا باقاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى سەيدۇللا.

—نېمىنى پاراڭلىشاتتۇق؟ مەن ئاساسىي مەقسەتنى دەپ بولغان. ئەمدى نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام بىلەن توختام تۈزۈشسەكلا بولىدۇ، —دېدى ھەسەن ئاكا. شۇ چاغقىچە سۆزگە ئارىلاشماي جىم ئولتۇرغان ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام سۆز قىلىپ:

—شۇنداق، ئاساسىي مەقسەتنى ھەسەن ئاكام ئارقىلىق ئۇقۇپ بولدۇق. ئەمدى باھادا پۈتۈشۈپ، توختام تۈزۈشلا قالدى، —دېدى.

—مەن تۈزۈك بىر نەرسە ئۇقۇپ كەتمەيدىغان ئادەم. سىلى بىر نېمە دېسىلە، شۇ بويىچە بولسۇن، —دېدى سەيدۇللا.

—ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ بۇ دېگەن بىر سودا ئىشى، ئىككى تەرەپ رازى بولساق بولىدىغان گەپ، —دېدى ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام.

—سىلى دېگەن يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق، ھەرگىز دېھقاننى ئۇۋال قىلىدىغان ئىشنى قىلمايلا، يەنىلا سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بولىۋەرسۇن، —دېدى سەيدۇللا.

سەيدۇللانىڭ گەپىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىدىن سەل ئەجەبلەنگەن ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام ھەسەن ئاكىغا قارىدى. ھەسەن ئاكا چىنىدىكى چاينى بىر ئوتلام ئىچكەندىن كېيىن، چىنىنى شىرەگە قويۇپ قويدى ھەم ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام بىلەن سەيدۇللاغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

—كارىزنىڭ ئەھۋالىنى سىلىگە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بولدۇم. يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق. كوللېكتىپنىڭ ھېسابىدا بىر نېمە يوق. دېھقانلارنىڭ قولىدىمۇ تۈزۈك بىر نەرسە يوق. ئارانلا جېنىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەركەزدىن سىياسەتنى قويۇپ بەرگىلى

خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بىراق، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، بولۇپمۇ كارىزلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى يار بەرمىگەچكە، دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش چوڭ بولمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىنىمىز سەيدۇللا چىشنى چىشلەپ مەيدانغا چىقتى. بىراق، بۇنىڭمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى باشقا دېھقانلارنىڭكىدىن چوڭ پەرق قىلمايدۇ. ئۆزىدە بارى بىلەن يىغىش قىلغانلىرىنى جەملەپ قۇدۇققا تۇرۇبا سېتىۋالدى، بانكىدىن ئون بەشمىڭ يۈەن قەرز بېرىشكە دېيىشىپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن دېزىل ماتور، پولات تۇرۇبا ۋە سۇ پومپىسى سېتىۋېلىپ سۇنى تارتماقچى. قۇدۇقنى ماشىنا بىلەن بۇرغىلاشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىزمۇ يوق. قېنى، ئەھۋالغا قاراپ سىلى بىر نېمە دېسىلە. شۇ بويىچە بولمامدۇ.

ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام ھەسەن ئاكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى. ئارىنى سۈكۈت باستى.

— قېنى، بىر نېمە دېمەمسىز؟ — دەپ جىمجىتلىقنى بۇزدى ھەسەن ئاكا.

— بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، مەن نەق گەپنىڭ ئۆزىنى سىلىدىن سوراپ باقاي، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام سەيدۇللاغا قاراپ، — قوللىرىدا قانچىلىك مەبلەغ بار؟

— بۇ گەپ بىلەن سەيدۇللا ئازراق مەڭدىگەن بولسىمۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ سۆز باشلىدى:

— ھازىر قولۇمدا نەق ئۈچ يېرىم مىڭ بار، ھەسەن ئاكام كېپىل بولۇپ بانكىدىن ئون بەشمىڭ ئېلىپ بەرسە، ئون سەككىزمىڭ بەش يۈز بولىدۇ.

ئەترەت باشلىقى ئابدۇسالام سەيدۇللانىڭ سۆزىنى

ئاڭلاپ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

—ئادەتتە، بىز بىر قۇدۇقنى بۇرغىلاشتا بىر مېتىرنى سەكسەن يۈەندىن — يۈز يۈەنگىچە بۇرغىلايمىز. سۇيىگە يەتكەن قۇدۇق بولسا، يىگىرمە مېتىردىن — ئاتمىش مېتىرغىچە بۇرغىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىز ئالىدىغان سۇ پومپىسى ۋە پولات تۇرۇبا ئاز دېگەندە ئون مىڭ يۈەنگە كېلىدۇ. يەنە دېزىل ماتور ئالىدىغان گەپ. مۇنداق ھېسابلىغاندا يىگىرمە مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل كەتكىدەك. ئەگەر مۇنداق بوپ كەتسە سىز بۇ قۇدۇقتىن بۇ يىلدا سۇ چىقىرالمايسىز. مۇنداق بولسۇن، بىز بۇرغىلاشنى تەننەرخ باھاسىدا بىر تەرەپ قىلايلى. شۇنىڭدا مېترى ئەللىك يۈەندىن ئاشمايدۇ. ئەگەر قىرىق مېتىر بۇرغىلىساق، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ تۆت مىڭ يۈەندىن ئاشمايدۇ. يەنە بىرسى، قۇدۇققا كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇ ئىدارىسىنىڭ ماددىي ئەشيا پونكىتىدىن ئېلىڭ. مەن ئىدارە باشلىقىغا دەپ باقاي، كىرگۈزۈش باھاسىدا بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، قولىڭىزدىكى مەبلىغىڭىز يېتىپلا قالماي يەنە تېخى سۇ چىققاندىن كېيىنكى ئىش باشلىشىڭىزغا ئازراق ئېشىشىمۇ مۇمكىن.

ئەترەت باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھەسەن ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەم سەيدۇللاغا قاراپ:

—بەللى! سەيدۇللا ئۇكام، «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، دوختۇر ئۆزى كەپتۇ» دېگەن شۇ. ئەترەت باشلىقى بەك بەلەن گەپ قىلدى. قېنى ئىككىمىز ئەترەت باشلىقىغا رەھمەت ئېيتايلى، —دېدى.

بۇ گەپ بىلەن سەيدۇللامۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىككەيلەن ئوڭ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئەترەت باشلىقى

ئابدۇسالامغا قاراپ ئىگىلىپ تۇرۇپ:

— رەھمەت! — دېدى.

## 6

— سەيدۇللانىڭ قۇدۇقىدىن سۇ چىقارغىدەك! — بۇ گەپ پۈتۈن كارىزنى تەۋرىتىۋەتتى. ئاچچىق كارىزدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماشىنىلاشقان قۇدۇق بىر يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا ئەر — ئايال، قېرى — ياش، ھەممەيلەن سوقما قوتان تەرەپكە ئاقماقتا ئىدى. سەيدۇللانىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر توپلاشقانىدى.

دېزىل ماتور قۇدۇقنىڭ ئون بەش مېتىردەك نېرىسىغا، ئوچۇقچىلىقىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ۋىكلىيۇچاتېلدىن چىققان بارماقتەك تومۇلۇقتىكى توك سىمى پولات تۇرۇبا بىلەن قوشۇلۇپ قۇدۇققا ساڭگىلىتىلغانىدى. توپلانغان كىشىلەر تۇرلۇك ئۈسكۈنىلەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى، رولى، چىدامچانلىقى، باھاسى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. قۇدۇق بېشى خېلىلا قىزىغان ئىدى.

بىر تەرەپكە كىگىز، پالاز، زىلچە — گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەرگە يوغان — يوغان ئاق سەللىلەرنى ئورىشىپ، يۇرت ئاقساقاللىرى جايلاشقان ئىدى. ئۇلارنى چۆرىدەپ باشقا كىشىلەرمۇ ئاستا — ئاستا ئولتۇرۇشۇپ جىم بولۇشقا باشلىدى. سەيدۇللا كېكىرتىكىنى بىر قىرىۋېتىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت، تۇغقانلار! بۈگۈن قۇدۇقىمىزدىن سۇ تارتىدىغان تۇنجى كۈن. شۇڭا كۆپچىلىك بۇ يەرگە يىغىلدى، بۇنىڭغا مەن ئىنتايىن خۇشال، — سەيدۇللا

بەكلا ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇنىڭ قىسقىلا نۇتقىدىن كېيىن ھەسەن ئاكا قۇدۇق بېشىغا كەلدى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلدى. ھەسەن ئاكا سەيدۇللاغا قاراپ:

— قېنى ئۇكام، دىزىل ماتورنى ئوت ئالدۇر، — دېدى.

سەيدۇللا قوزغاتقۇچنى ئېلىپ «يا بىسمىللاھىررەھ- مانۇررەھىم» دەپ كۇچەپ بىر قانچىنى ئايلاندۇرىۋېدى، دىزىل ماتور گۈركىرەپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ھەسەن ئاكا يەنە يېنىدا قاراپ تۇرغان سەيدۇللانىڭ چوڭ ئوغلىغا قاراپ:

— باللار تەلەيلىك بولىدۇ، قېنى ئوغلۇم، توك تەقسىملەش تاختىسىدىكى ئاۋۇ قىزىل كۇنۇپكىنى باسە، — دېدى.

سادىق كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، دىزىل ماتورنىڭ ئاۋازىدا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولدى ھەم ئارقىدىنلا قۇدۇققا ئورنىتىلغان پولات تۇرۇبىدىن دەسلەپتە لاي سۇ، كېيىن زۇمرەتتەك سۈپ — سۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە قويمۇ سويۇلۇپ تەييار قىلىنغان ئىدى. سادەتخان سۇنى كۆرۈپلا ئىككى چېلەكنى ئېلىپ سۇ ئالغاندىن كېيىن، يەرنى ئويۇپ ياسىغان ئۇچاققا ئېسىلغان يوغان قازاننى يۇيۇپ، پارچىلاپ تەييارلىغان گۆشنى قازانغا سالدى.

ئادەم دېگەن ئاجايىپ مەخلۇق، ئۇنىڭ ئاجايىپلىقى، بەلكىم ئۆزىنىڭ ئاڭلىق بولغانلىقىدا بولسا كېرەك. ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدا، ئاشۇ ئاڭلىق مەخلۇقلار ئىچىدە چۈشىنىش ئەڭ قىيىن بولغان بىر قىسىملىرى بولىدۇ. بۇنداقلار ھېچقاچان باشقىلارنىڭ شادلىقىغا ئورتاقلاشمايدۇ. باشقىلارنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەم بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقى، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى پەقەت بىلىپ بولمايدۇ. يىغىلغان جامائەت ئارىسىدا زۇنۇن ئىسىملىك بىر

كىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ كىم سۆزلىسە شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا جىم ئولتۇراتتى.

— ھوي، ئۇكام زۇنۇن ئاخۇن، سەن ھېچنەرسە دېمەي، بىر كاپام ئاشمۇ يېمەي شۇكلا ئولتۇرىسەنغۇ؟ سەيدۇللانىڭ سۇ چىقارغىنىدىن خاپىمۇسەن — يا؟ — دېدى ھەسەن ئاكا زۇنۇنغا، — ياكى پاتەمخان بۇگۇن سېنى تەتۇر تۇرغۇزۇپ قويدىمۇ — يا؟

بۇ سۆز بىلەن كۆپچىلىك پاراقىدە كۇلۇشۇپ كەتتى. چۈنكى، زۇنۇننىڭ «تەتۇر» دەيدىغان لەقىمى بار ئىدى. زۇنۇن قىزىرىپمۇ قويماي چىرايىنى تۇرۇپ تۇرۇپ:

— نېمىگە كۇلىسىلەر؟ بىرنىڭ بىر يېرى ئېچىلىپ قالغاندەك. سەيدۇللا قۇدۇق چاپسا، يەر ئاچسا ئۆزىگە، سىلەر بىلەن بىزگە نېمە پايدىسى، — دېدى.

— ھوي! ئۇنداق دەپ كەتمە. «پايدا بولسا يالغىنى ياخشى» دېگەن تەمسىل بار. ھەممە كىشى كۇلىۋاتسا سەن نېمانچە ئىچى قوتۇرلۇق قىلىسەن؟ — دېدى ھەسەن ئاكا.

— مەن نېمە دەپ ئىچى قوتۇرلۇق قىلغۇدەكمەن؟ بىزدە «چۆجىنى كۇزدە سانا» دېگەن تەمسىل بار. قۇدۇقتىن سۇ بىكارغا چىقمايدۇ. سەيدۇللا ئاخىرىغىچە كۇلەلىسىلا بولدىغۇ، — دېدى زۇنۇن بويىنىنى ئۇيان — بۇيان تولغاپ قويۇپ.

— ھەي! . . . سېنىزە، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىڭنى پەقەت بىلگىلى بولمايدۇ — دە سېنىڭ، — دېدى ھەسەن ئاكا بىر خىل تەئەججۇپ بىلەن. زۇنۇن بولسا گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى، دېگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، قازان بېشىدا ئىش — كۇشلەرگە ياردەملىشىۋاتقان خوتۇنى پاتەمخاننىڭ بېلىكىدىن سىلكىپ تارتىپ ئېلىپ ماڭدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىگەن پاتەمخان ۋاتىلدىغىنىچە تارتىشىپ ماڭدى. قاراپ

تۇرغانلار كۆلكىلىك بىر كومېدىيە كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل كەيپىياتقا كېلىپ قالماقتا ئىدى.

## 7

شىرە ئۈستىگە قويۇلغان پەنەر چىراغ ئۆي ئىچىنى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. شىرە ئۈستىدە يەنە نان پارچىلىرى، بىر نەچچە تەخسە چالا يېيىلگەن قورۇمىلار ۋە يېرىم بوتۇلكا هاراق، رومكا قاتارلىقلار بار ئىدى. ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئۆي ئىگىسى زۇنۇن، يەنە بىرى بانكىدا خىزمەت قىلىدىغان نۇرىدىن ئىسمىلىك كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قارىغاندا ئىچىشىپ خېلىلا قىزىپ قالغاندەك قىلاتتى.

—نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن، يا سەن بىلەن مەن ئاكا
— ئۇكا بىر تۇغقان بولمىسام، سەن ماڭا نېمە قىلىپ بېرىسەن؟—دېدى نۇردۇن.

—ئۇنداق دېمە، سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن،—دېدى زۇنۇن.

—هازىرنىڭ ئۆزىدە ساڭا بەشمىڭ كوي بېرىمەن. سەن سەيدۇللاغا بەرگەن قەرزنى ۋاقتى توشقاندا ئۇ قايتۇرالمايدۇ، سەن كېلىشتۇرىسەن، مەن قىدىن ئىسمىلىك كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قارىغاندا ئىچىشىپ خېلىلا قىزىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن، يا سەن بىلەن مەن ئاكا
— ئۇكا بىر تۇغقان بولمىسام، سەن ماڭا نېمە قىلىپ بېرىسەن؟ — دېدى نۇرىدىن.

— ئۇنداق دېمە، سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن، — دېدى زۇنۇن.

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە ساڭا بەشمىڭ كوي بېرىمەن. سەن سەيدۇللاغا بەرگەن قەرزىنى ۋاقتى توشقاندا ئۇ قايتۇرالمايدۇ، سەن كېلىشتۈرىسەن، مەن قايتۇرىدىغان بولىمەن. ۋاقتى كەلگەندە سەن تېخى كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولىسەن.

— سەن سەيدۇللاغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىسەن؟ ئۇ ساڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان تۇرسا،—دېدى نۇررىدىن.

—سەن... سەن بىلمەيسەن ئاداش، يۈرىكىمدە غۇم بار، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان غۇم بار... زۇنۇن ئەمدى يىغا ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى،—سەن... سەن يامان ئىشنى سورىدىڭ، بوپتۇ ساڭا ئېيتىپ... بېرەي... مەخپىيىتىمنى. ..چىڭ ساقلا...!

—قېنى سۆزلە ئاداش، ياردىمىم تېگىپ قالسا، قەلبىڭدىكى يارىغا دارا بولۇپ قالار،—دېدى نۇرىدىن.

—ئەمدى ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ ئا... داش، مەن ھەممىنى، ساڭا ئېيتىپ بېرەي... سەن ئاڭلاپ باقىن... ،—زۇنۇن ئۇزۇپ — ئۇزۇپ ھەم بوغۇلۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،—مېنىڭ خوتۇنۇم... ھېلىقى پاتەم... بۇ بۇزۇق ماڭا تەگكەندە قىز ئەمەس ئىكەن.

—تۇزۇك گەپ قىلغىنە ئاداش، شۇنداقمۇ قاملاشمىغان گەپنى قىلامسەن،—دېدى نۇرىدىن.

—بۇ راست!...— دېدى زۇنۇن.

—ئۇنداقتا ئەينى چاغدا نېمىشقا بىر تەرەپ بولۇشمىغانتىڭلار؟—سورىدى نۇرىدىن.

—ئۆز ۋاقتىدا ئامال يوق، چۈنكى، پاتەم ئۆگەي ئاپامغا ئەگىشىپ كەلگەن. ئەگەر مەن ئۇنى قويىۋەتسەم ئاتامنىڭ ئىشى بۇزۇلاتتى،—دېدى زۇنۇن.

—ئاتاڭ ئۇچۇن ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىپتىكەنسەن — دە،

كىمنىڭ قىلغان ئىشىكەن؟ بىلەمسەن؟ — سورىدى نۇرىدىن.

— كىمنىڭ بولاتتى، دەل مەھەللىمىزدە قۇدۇق بىلەن نامى چىقىۋاتقان سەيدۇللا بولمامدۇ، — دېدى زۇنۇن.

— ھە، ئەسلىدە قۇدۇق كولاشقا ئۇستا گۇيكەن ئەمەسمۇ بۇ سەيدۇللا، — دەپ زۇنۇننى مازاق قىلدى نۇرىدىن.

— ئادەمنى تولا مازاق قىلما، قانداق، ماڭا ياردەم قىلغىن

— ھە. مەن سەيدۇللانىڭ ئىچىدىن چىققۇسىز بىر ئىش قىلمىسام بولمايدۇ، قانداق ياردەم قىلامسەن؟ — دېدى زۇنۇن.

— چۈشەندىم. ياردەم قىلسام قىلاي، كېيىنكى ئىشلارنى قانداق ئوڭشىيالايسەن؟ — دېدى نۇرىدىن.

— بۇنى غەم قىلما. مېنىڭ كىچىك ئاتام كەنتتە بۇغالتىر ھەم كاتىپ، كەنتنىڭ تامغىسى شۇ كىشىدە تۇرىدۇ. سەيدۇللا دېگەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ بارىدىغان بىر نادان. ۋاقتى كەلگەندە قالغان ئىشنى ئۆزۈم ئوڭشاپ كېتەلەيمەن، — دېدى زۇنۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىيلەن خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇلار بەزىدە ئاۋازلىق پاراڭ قىلىشسا، بەزىدە ئېغىز — قۇلاقلىرىنى يېقىشىپ كۇسۇرلىشاتتى. شۇ تەرىقىدە باش توخۇ چىللىغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ پارىڭى تۈگىدى.

سائەتلەر — سائەتلەرنى، كۈنلەر — كۈنلەرنى ئەگىشىپ، ئايلار — ئايلارنى قوغلىشىپ، ھايت — ھۇيت دېگىچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. سەيدۇللا تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈز موغا يېقىن يەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، نان چىققۇدەك ھالغا كەلتۈردى. بۇ چاغقىچە ئەر — ئايال ئىككىسى قانچە — قانچە تۈنلەرنى سوقما قوتاندىكى قۇدۇق بېشىدا، ئېتىزلىقتا ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قانچە ئوتلاردا كۆيۈپ، قانچە سۇلاردا ئاققىنىنى ئۆزلىرى بىلىدۇ. ھەرنېمە بولسا، يىل ئاخىرىدا

بارلىق قەرزلەرنى تۆگىتىۋالالايدۇ.

بۇ يىل باھار بالدۇر كەلدى. باھارنىڭ كېلىشى ھەممە ئائىلىلەرگە، ھەممە ئادەملەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە ئوغۇت توپلاش، يۆتكەش، يەرلەرنى تۈزلەش، قىر چىقىرىش، سېرىق ئۇسا قىلىش، ئۇرۇق تاللاش دېگەندەك ئىشلارنى باشلىۋېتىدۇ. بىراق، سەيدۇللاغا ئىش ئۇنداق ئاسان توختىمىدى. باشتىلا ئىشنى قەرز بىلەن باشلىغاچقا، بۇ قەرز ئۇنىڭ يەلكىسىنى خۇددى ئېغىر يۈكتەك بېسىپ تۇراتتى. تۇغقانلاردىن يىغقاننىغۇ بىر نېمە قىلغىلى بولار. بانكىدىن ئالغان ئون بەشمىڭ يۈەننى قانداق قىلىش كېرەك. ئۈچ يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ئوتتۇرىچە مىڭ يۈەنلەپ ئۆسۈم تۆلەپ كەلدى. بۇ يىل ئىش باشلايدىغان پۇلنى قانداق قىلىش كېرەك. سەيدۇللا ساۋاتسىز بولسىمۇ، دېھقانچىلىققا دائىر بولغان ئىشلارغا كېتىدىغان ۋە ئائىلە خىراجىتى قىلىدىغانغا كېتىدىغان ئىقتىسادىي ھېساباتلارنى قىلغۇچىلىكى بار ئىدى. سادىققۇ ئىشقا ئەسقاتىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، ئەمگەك كۈچى بولغان بىلەنلا بولمايدۇ. بانكىدىن ئالغان قەرزنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان توشۇپ ئېشىپ كەتتى. پەقەت ئۆسۈمىنى تۆلەپ قويغان بىلەنلا بولمايدۇ. دېرىنىمۇ قايتۇرۇش كېرەك. سەيدۇللا مۇشۇ كۈنلەردە ئولتۇرسا — تۇرسا كاللىسىنى قاتۇرىۋاتقان مۇشۇ مەسىلىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىراق، خىيالىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايۋاتاتتى. بۇنداق بولۇپ كېتىشتىكى سەۋەب، بانكا خادىمى بىر قانچە رەت كېلىپ، قەرزنى سۈيلىگەن ئىدى.

— ھەممىلايەردە شۇ پاراڭ. ئەجەپمۇ تويغۇزدى بۇ خەق، قۇدۇق چاپقان، يەر ئاچقانغا، — دېگەنىدى سادەتخان بىر كۈنى.

— ئۇنداق دەپ كەتمە، ئىشلار مۇنداقلا بوپ كەتمەس، ئوڭشىلىپمۇ قالار، — سەيدۇللا ئايالىغا شۇنداق تەسەللىي بەرگەن بىلەن، ئۆزىمۇ دائىم پەرىشان يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۇنۇن تەتۈر سەيدۇللانى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئەمگەك دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، ئىش خۇشياقمايدىغانلاردىن بولغان بىلەن باشقا ئىشلارغا خېلى ئېپى بارلاردىن. كوللېكتىپ ۋاقتىلىرىدىمۇ بىر ئاماللار بىلەن ئەمگەككە قاتناشمايتتى. بىراق، يىل ئاخىرىدىكى ئالغان نومۇرى باشقىلاردىن قېلىشمايتتى. كۆپ ھاللاردا، ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردىن كونا ئاياق، كىيىم — كېچەك، گۇرۇچ قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ، كىشىلەرگە پۇلنى كۈزدە بېرىدىغانغا كېلىشىپ يۇقىرى باھادا ساتاتتى. تاپقان پۇلىنى كىشىلەرگە يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز بېرىپ، پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلىپ، خېلىلا ھاللىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆسۈم ئېلىشتا ئەل — بۇرادەر، قولۇم — قوشنا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاتا — ئانا، ئۇرۇق — تۇغقانلىرىغىمۇ رەھىم قىلمايتتى. «تەتۈر» دېگەن لەقەم شۇنىڭ ئۈچۈن قويۇلۇپ قالدىمۇ، بەلكىم. ئۇنىڭ سەيدۇللانى ئىزدەپ كېلىشى ھېچبىر ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمىسىمۇ، سەيدۇللا ئەر — ئايال ئىككىسى ئۇنى ئادەتتىكىچە قارشى ئالدى.

— ئاڭلىسام قىيىنچىلىقتا قاپسەن، شۇنداقمۇ؟ — زۇنۇن شىرەگە تىزىلغان ياڭاق مېغىزى، گۈلە، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنى يېگەچ سەيدۇللادىن سورىدى.

— ھەر ھالدا ياخشى، — دەپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى سەيدۇللا.

— ئۇنچىۋالا يوشۇرۇپ نېمە كەپتۇ. بانكىدىكىلەر سېنى تولا سۈيلەپ ئارام بەرمەيۋېتىپتىغۇ، قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

ھەر نېمە دېگەن بىلەن بىر كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئەمەسمۇ، شۇنداق تۇرۇپ بىرىمىز قىينچىلىق تارتساق، قالغىنىمىز ياردەم قولنى سۇنمىساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدى زۇنۇن ناھايىتى كۆيۈنگەن قىياپەتتە سەيدۇللاغا قاراپ.

— ئىشقۇ ھەقىقەتەن شۇنداق، بىراق، بىر ئامالى بولۇپ قالار، — دېدى سەيدۇللا. سەيدۇللانىڭ بۇ گېپى زۇنۇننى جانلاندۇرىۋەتتى.

— ئامال دېگەن مەندە بار. جاننىڭ ئانىسى پۇل، ناھايىتى ئازراق پۇلنىڭ ئىشىكەنغۇ، پۇل دېگەننى مۇشۇنداق چاغدا چىقارمىساق، نېمىگە لازىمى بار ئۇنداق قەغەزنىڭ. ئەگەر خالىساڭ قانچىلىك ئالىمەن دېسەڭ شۇنچىلىك ئال! — زۇنۇن چېكقىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — سەن مېنى ئەزەلدىن ياخشى دېمەيسەن. بۇ قېتىم ساڭا مەرتلىك قىلاي، بولدى، ئۆسۈم — پۆسۈم دەپ ئولتۇرمايمەن، ئالامسەن قانداق! ؟

سەيدۇللا مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئۇ پۇلغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق. لېكىن، زۇنۇننىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى، بولۇپمۇ باشقىلارنى قانداق باپلاپ قاقتى — سوقتى قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭغا شېرىن زەھەرنى ئالتۇن جامدا ئۆزىگە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەڭلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ زۇنۇنغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، ھازىرچە مۇشۇنداق ئۆتۈپ تۇراي. مۇتلەق ئامال بولمىغاندا، مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلايلى قانداق ئاغىنە، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان زۇنۇننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىپ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— «يامانغا ياغ، ئۆچكىگە تاغ ياراشماس» دېگەندەك ئادەم

ئىكەنسەن. بوپتۇ، سېنىڭدەك ئادەمگە ياخشىلىق قىلىمەن دېگەندىكىن مەنمۇ ساراڭ! —زۇنۇن شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى قاتتىق ياپقىنىچە چىقىپ كەتتى. سەيدۇللا ئەر — ئايال ئۆيدە تېڭىرقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە نۇرىدىن بانكا (كىشىلەر نۇرىدىن بانكىدا ئىشلىگەچكە ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى) نىڭ ئايىقى باشقىچە ئىتتىكلەپ كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك «بەخت» ماركىلىق موتسىكلىتى بىلەن چاپقىنى چاپقان. شۇ چېپىشنىڭ كۆپرەك نىشانى سەيدۇللانىڭ ئۆيى ياكى سوقما قوتاندىكى قۇدۇقى بولۇپ، ئۇ خۇددى سالجىدەك سەيدۇللانىڭ كەينىگە كىرىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ يەنە بىر كۆزى سەيدۇللانىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىدى.

—سەيدۇل ئاخۇن، بۇ دېگەن ئۆزۈڭنىچە سۆرەپ يۈرسىمۇ ياكى قايتۇرمىسىمۇ بولىدىغان پۇل ئەمەستە. نېمىلا بولمىسۇن ئىككى كۈن ئىچىدە بىر نەرسە دېمىسەڭ سەتلىشىپ، سوتلاردا يۈرمەيلى يەنە. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، كېيىن بىر —بىرىمىزنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان ئىش بولۇپ قالارمىكىن، —دېدى نۇرىدىن بانكا تەرىنى تۇرۇپ سەيدۇللاغا.

بۇ گەپ سەيدۇللانى مەڭدىتىپ قويدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يا زۇنۇننىڭ پاتقىقىغا دەسسەش كېرەكمۇ؟ پەقەت بولمىغاندا. . . — سەيدۇللا شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، خۇددى توك سوققۇۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ نۇرىدىنغا يەنە بىر يالۋۇرۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

—نۇرىدىن ئاخۇن، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سەن ئوبدان بىلىسەن، سىلەردىن قەرز ئالغاندىن باشقا يەنە باشقىلاردىن ئالغان قەرزلەرمۇ بار. يەرلەر تېخى ئوبدان پىشىپ بولمىغان

بولسمۇ، كېلەر يىلدىن خېلى ئۈمىد بار. ھەر ھالدا ئۆسۈم تۆلەۋاتقاندىن كېيىن، سۇرۇكنى ئازراق ئۆزارتىپ بەرگەن بولساڭ. . .

— بولمايدۇ ئاداش! ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت، ئەگەر قەرزنى بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە قايتۇرمىساڭ سوتتا كۆرۈشىمىز، — نۇرىدىن سەيدۇللانىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

سەيدۇللا لام — جىم دېيەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. نۇرىدىن بانكا خادىمى بولغاچقا، ھازىر ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ — دە. سەيدۇللا چىگىش يىپتەك بولۇپ كەتكەن خىياللىرىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، ئاچچىق موخۇركىنى كەينى — كەينىدىن چېكەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن سادەتخان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

— بولمىسا زۇنۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقامدۇق — يە؟ . . .

— بولمايدۇ! — سەيدۇللا كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى سادەتخان.

— مەن ئازراق ئويلىنىۋالاي، — سەيدۇللا شۇنداق دەپ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئىككى كۈن ھايت — ھۇيت دېگۈچە توشۇپ قالدى. كەچقۇرۇن نۇرىدىن بانكا زۇنۇننى باشلاپ سەيدۇللانىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدى.

— قانداق؟ سەيدۇللا ئاخۇن، پۇلنى تەييارلاپ قويدۇڭلار-مۇ؟ — دېدى نۇرىدىن بانكا. سەيدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ:

— كېلىڭلار ئالدى بىلەن تائام، ئاندىن كېيىن كالام دەپتىكەن، ئالدى بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىڭلار، ئاندىن باشقا گەپلەرنى دېيىشەيلى، — دېدى.

نۇرىدىن بىلەن زۇنۇن سەل پەسكويىغا چۈشۈپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. سادەتخان داستىخان سېلىپ چاي قويدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ ئۇيەر، بۇ يەردىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئاخىر سەيدۇللا بىلەن زۇنۇن ھەمكارلىشىدىغان بولدى.

— ئەمدى ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىدىغان بولدۇڭلا سەيدۇللا ئاخۇن. بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، — دېدى نۇرىدىن بانكا.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ؟ بىر قانچە كۈننى بىكار ئۆتكۈزىۋەتمەي بالدۇرراق مۇشۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى، — دېدى زۇنۇنمۇ خۇشامەتكويلۇق بىلەن نۇرىدىن بانكىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن سەيدۇللاغا بۇرۇلۇپ. سەيدۇللا ئامالسىز قالغان ھالدا بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— بوپتۇ، ئامال بولمىغاندىن كېيىن سىلەر دېگەندەك بولسۇن.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر توختام يېزىشماقچى بولدى.

— سەن ياز! — دېدى نۇرىدىن سەيدۇللاغا قاراپ.

— مەن ئوقۇمىغان، شۇڭا خەت تونۇمايمەن، — دېدى سەيدۇللا.

— سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى نۇرىدىن بانكا زۇنۇنغا بۇرۇلۇپ، — سەنمۇ ساۋاتسىزمۇ؟

— مەن ساۋاتسىز ئەمەس، يازسام يازالايمەن. بىراق، مېنىڭچە، سەن ھەم بىزنىڭ گۇۋاھچىمىز ھەم ئوتتۇرىدىكى كېلىشتۈرگۈچى. ئۇنىڭدىن باشقا، سەن بانكىر بولغاچقا بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن. شۇنداق بولغاچقا تازا بىر قاتۇرۇپ سەنلا يېزىۋەتكىنە، — دېدى زۇنۇن نۇرىدىنغا.

— ئەگەر ھەر ئىككىڭلار مۇشۇنداق قارىساڭلار مەن يېزىپ بەرسەممۇ يېزىپ بېرەي، — دېدى نۇرىدىن. سادەتخان

داستىخاننى يىغىپ ئېلىۋېتىپ ئۆنىڭ ئورنىغا شىرە قويدى. نۇرىدىن سومكىدىن قەغەز — قەلەم ئېلىپ يېزىشقا باشلىدى. سەيدۇللا بىلەن زۇنۇن موخۇركا چېكىشىپ جىم جىت ئولتۇرۇشتى. نۇرىدىن توختام خەتنى بىردەمدىلا يېزىپ بولدى.

—پۈتتى، —دېدى نۇرىدىن ئىككىسىگە مەغرۇر قىياپەت بىلەن قاراپ.

— «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەن شۇ — دە، —دېدى زۇنۇن ھىجىيىپ.

—قېنى يازغىنىڭنى بىر ئوقۇپ باقىن، بىز ئاڭلاپ باقايلى! — دېدى سەيدۇللا.

نۇرىدىن كېكىرتىكىنى ئىككى قېتىم قىرىپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

توختام تۆۋەندىكىدەك يېزىلغان ئىدى.

«توختام

بىزكى ×× يېزا ×× كەنتىدىكى سەيدۇللا («ئا» تەرەپ)، زۇنۇن («ب» تەرەپ) بولۇپ، تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى مۇددەتلىك ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە توختام تۈزۈشتۇق.

1. ئا تەرەپ ئۈچ يىل بۇرۇن يەر ئېچىش ئۈچۈن يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدىن ئون بەشمىڭ يۈەن قەرز ئالغان بولۇپ، مۇددىتى توشقان بولسىمۇ قايتۇرالمىغان. شۇڭا ب تەرەپ ئا تەرەپكە ياردەم قىلغان ئاساستا، ئا تەرەپنىڭ قەرزىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇپ تۈرىدۇ.

2. ب تەرەپ ئا تەرەپنىڭ قەرزىنى قايتۇرغاندىن كېيىن، ئا تەرەپنىڭ قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى ئاخىرلىشىدۇ.

3. ب تەرەپ ئا تەرەپنىڭ قەرزىنى قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن،

ئا تەرەپنىڭ يۈرۈشلەشكەن بىر سۇ قۇدۇقى ۋە 150 مو تېرىلغۇ يېرىنى بەش يىل تېرىپ پايدىلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئا تەرەپكە ھېچقانداق ھەق تۆلىمەيدۇ.

4. بەش يىل توشقاندىن كېيىن ب تەرەپ قۇدۇق ۋە يەرنى ئا تەرەپكە شەرتسىز قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئا تەرەپنىڭ قەرزى شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

5. بۇ توختام ئا، ب تەرەپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

توختام تۈزگۈچىلەر:

سەيدۇللا

زۇنۇن

×× يىلى × ئاينىڭ × كۈنى»

—قانداق، بوپتىمۇ؟ ئەگەر بولغان بولسا ئىككىلىلار ئىسمىڭلارنىڭ ئۈستىگە بارمىقىڭلارنى بېسىڭلار، —دېدى نۇرىدىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ. سەيدۇللا بىلەن زۇنۇن خەتتىكى نۇرىدىن كۆرسەتكەن ئورۇنغا بارماقلىرىنى بېسىپ بېرىشتى.

—ھە، ئەمدى ئىش پۈتتى. ئوبدان بولدى، بەلەن ئىش بولدى، —دېدى نۇرىدىن كېرىلىپ ئولتۇرۇپ غالىپلارچە قىياپەت بىلەن، —سىلەر ئىككىڭلار دېھقان ئادەملەر، ماتېرىيال ساقلاش سىلەرگە ئاسان ئەمەس. مەن بولسام بانكىدا ئىشلەيمەن ھەمدە سىلەرنىڭ گۇۋاھچىڭلار. شۇڭا، بۇ خەتنى مەن بانكىنىڭ بىخەتەر ئىشكابىدا ساقلاپ بېرەي، —دېدى ھەمدە سەيدۇللا بىلەن زۇنۇننىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، خەتنى قاتلاپ سومكىسىغا سالدى. ئىش مانا شۇنداق ئاخىرلاشتى. نۇرىدىن بىلەن زۇنۇن قايتقاندىن كېيىن، ئىشنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئارىلاشماي جىمجىت ئولتۇرغان سادەتخان ئېرىگە قاراپ بىر قېتىم ئۇلۇغ كىچىك

تىنىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

—زۆڭۆن ئالىجۆقا بىرنېمە، ۋاقتى كەلگەندە گېپىدە تۇرارمۇ؟

—توختام خەتنى ئاڭلىدىڭغۇ، بۇ دېگەن قانۇنلۇق نەرسە، ھېچنېمە بولمايدۇ،—دېدى سەيدۇللا.

—ئىلاھىم شۇنداق بولغاي. زۆڭۆن بىر شۇملۇق ئىشلىتىپ توختامنى ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھقا ئايلاندۇرۇپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ،—دېدى سادەتخان.

—ئاغزىڭنى ئۇششۇتمىگىنە—دېدى سەيدۇللا.

8

كۈنلەر ئايلارنى ياساپ، ئايلار پەسىللەرنى قۇراشتۇرۇپ، پەسىللەر يىللارنى قوغلاپ، ھەش — پەش دېگىچە بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىللاردا سەيدۇللا كەنتتىن ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلىرىگە ئىشلەپ غورىگۈل تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنى — كېيىندىن بوي تارتىپ قاتارغا قوشۇلۇۋاتقان سادىق، ساتتار، سەمەتلەرنى كۆرگەندە، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قالغاندەك بولاتتى. سادىق تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگىتىۋېدى، نومۇرى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆتەلمەي قالدى. سەيدۇللا چوڭ ئوغلىنىڭ «تەكرار ئوقۇيمەن» دېگەنلىرىگە پىسەنت قىلماي، كۆزىنى يۇمۇپلا ھۈنەرگە بېرىۋېدى، مانا ئەمدى خېلى ئۇستا ئاشپەز بولۇپ قالدى. ھازىر بازاردىكى خېلى داڭلىق بىر رېستۇراندا ئىشلەپ، ئائىلىنى غەمدىن خالاس قىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى ساتتار تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىۋېدى، سەيدۇللا ئۇنىمۇ ئۇدۇل ئاكىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ شاگىرت بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بەرمىسىمۇ، خوجايىن بولغان ئادەم ھەر

هالدا ئاش — تامىقىنى بىرىدۇ — دە. ئەگەر ئۆيدە بولغان بىلەنمۇ نېمە ئىش قىلىدۇ. ئېتىز ئىشىغا ئەر — ئايال ئىككىسىمۇ ئىشىپ قىلىۋاتسا.

«سەمەتنى مەن ئۆگىنىدىغان بىلىم تۇگەپتۇ دېگىچە ئوقۇتىمەن. ھازىر ھەر ھالدا كۈنىمىز يامان ئەمەس. يىل ئاخىرىدا قۇدۇقىمۇ قولۇمغا قايتىپ كەلسە، يەرگە ئوبدانراق تۇجۇپلەپ ئىشلىسەم، خېلى ھاللىنىپ قالىمىز. باللارنىڭ چوڭلىرى ئوقۇيالمىغان بىلەن، ھەر ھالدا ماڭا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ بارىدىغانلاردىن بولمىدى. سەمەتنى چوقۇم ئوقۇتۇپ، يارامىلىق ئادەم قىلىمىسام. . . » سەيدۇللا مۇشۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن ئۆز — ئۆزىنى بەزلەپ بۇ يىلنىمۇ چىقىرىۋەتتى.

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولسىمۇ، بۇ زېمىندا قۇياشنىڭ تەپتى ئاسان كەتمەيدۇ. كىشىلەر مول — ھوسۇل شادلىقىدا خۇشال. بەزىلەر ئۇنچە — مەرۋايىتتەك قۇرىغان كۆك، يېشىل ئۈزۈملىرىنى خالتا — خالتىلارغا قاچىلاپ كىچىك تراكتور، ئىشەك ھارۋىلىرى بىلەن بازارغا ئاپىرىپ ساتسا، بەزىلىرى يۇز قېتىملاپ ئولتۇرۇپ — قوپۇپ، ھەشەم قىلىپ تەييارلىغان پاختىلىرىنى ئېلىپ پاختا زاۋۇتىغا ماڭىدۇ. دېھقانلار پاختا ساتقان، ئۈزۈم ساتقان پۇللىرىنىڭ يەر بېجى، سۇ پۇلى، توك پۇلى، باشقۇرۇش ھەققى دېگەندەك ئاللىقانداق ناملار بىلەن كۆپ قىسمىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، يەنە شۇنىڭغا رازى. ھېچ بولمىغاندا، بىر يىللىق ئەجرىنىڭ مېۋىسى بولغان بىر مۇنچە نەق پۇلنى قولىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ ئالىدۇ — دە.

سەيدۇللانىڭ بۇ يىلقى ئوقتى ھەر ھالدا ئالدىنقى يىللاردىن ياخشىراق بولدى. ئۈزۈم، پاختىلىرىنى سېتىپ باج

— سېلىقلارنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بەشمىڭ كوي ئاشقان بولدى. بۇنىڭ بىلەن سادەتخانمۇ خۇش. كىچىك بالىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىدىن غەم قىلمايدىغان بولدى — دە. شۇنداق قىلىپ ئەر — ئايالنىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بولدى. بىراق، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان، تۈگىمەس بىر جېدەلنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئۇلار نەدىمۇ خىياللىرىغا كەلتۈرسۇن.

بۈگۈن سەيدۇللا بىلەن سادەتخان ئوبدان مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، سادەتخان داستىخان تەييارلىدى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئەر — ئايال بىرلىكتە زۇنۇنلارنىڭ ئۆيىگە كىردى. زۇنۇن كاڭدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. پاتەمخان ئېچىلماي قالغان بىر سېۋەت كېۋەز غوزىسىدىن پاختىسىنى ئاجرىتىپ ئولتۇراتتى. سەيدۇللا بىلەن سادەتخاننىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەر — ئايال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— كېلىڭلار، يۇقىرى ئۆتۈڭلار، — زۇنۇن سوغۇقلا قارشى ئالدى.

— ۋاي! كەلسىلە. ئەجەپ ئوبدان كىرىپلا، مەنمۇ مېھمان سېغىنىپ قالغان ئىدىم. قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، — پاتەمخان ۋىچىرلاپ سۆزلەپلا كەتتى. سەيدۇللا بىلەن سادەتخان كاڭغا چىقىپ پاتەمخان سالغان كۆرپە ئۈستىگە جايلاشقاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئا ۋە سالام — سائەتتىن كېيىن، پاتەمخان داستىخان راسلاپ چاي كەلتۈردى. ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىردەم ئۇياق — بۇياقتىن پاراڭ قىلىشقاندىن كېيىن سەيدۇللا پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەپ:

— ھە، زۇنۇن ئاداش، بۇ يىلقى دېھقانچىلىق ياخشىدۇ، — دېدى.

— ھەر ھالدا ياخشى، — قىسقىلا جاۋاب بەردى زۇنۇن. شۇنىڭ بىلەن ئارىنى قىسقا سۈكۈت قاپلىدى. زۇنۇن يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ كانايچە قىلىپ موخۇركا ئوراشقا باشلىدى. سەيدۇللاغا چېكەمسەن، دەپمۇ قويمىدى. زۇنۇننىڭ بۇ قىلىقىدىن بىئەپ ھېس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر پاتەمخان ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، سەيدۇللا بىلەن سادەتخاننى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. سەيدۇللا يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ، موخۇركا ئوراپ تۇتاشتۇردى. ئىككىيلەن چىقارغان كۆكۈش تاماكا ئىسى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەۋەت كۆكۈش پەردە ھاسىل قىلدى.

— ئاداش، نەق گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، سەنمۇ بەش يىلدىن بۇيان كۆپ جاپا چەكتىڭ. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن پايدىنىمۇ خېلى ئالدىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توختامنىڭمۇ ۋاقتى توشتى. شۇڭا، ھېسابنى ۋاقتىدا ئايرىۋەتسەكمىكىن دەپ كىرىشىمىز، — دېدى سەيدۇللا. زۇنۇن موخۇركىسىنى قاتتىق

— قاتتىق بىر نەچچە قېتىم شوراپ قالغىنىنى ئۇچاققا تاشلىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ سەيدۇللاغا قاراپ:

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن، سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئېنىق بولمىغان نېمە ھېساب بار؟ سەن گېپىنى قىلغان نېمە توختام ئۇ ۋاقتى توشقان؟ — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەيدۇللا بىلەن سادەتخان قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

9

— سەيدۇللا ئۆز ۋاقتىدا قۇدۇق بىلەن يەرنى زۇنۇنغا سېتىۋېتىپتىكەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— بەش يىللىق توختاملاشقان دەۋاتقانغۇ؟

— نۇرىدىن بانكىنىڭ بىخەتەر ئىشكابىدا توختام باردەك.

— توختام ئەمەس, تىل خەتتەك.

— كىم بىلىدۇ، تېخى باشقا نەرسىمۇ ئۇ.

كوچىدىكى پاراڭ تېمىسى پۇتۇنلەي سەيدۇللا بىلەن زۇنۇننىڭ يەر ماجراسى ئۇستىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. ئىككى ئادەم بىر يەرگە كەلسىلا مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشەتتى. ئاشۇ قېتىمقى، زۇنۇننىڭ ئۆيىدىكى ئىشتىن كېيىن، زۇنۇن «مەن قۇدۇق ۋە يەرنى ئون بەشمىڭ يۇەنگە سېتىۋالدىم» دېگەندە چىڭ تۇردى. سەيدۇللا ئاخىرى نۇرىدىن بانكىنى ئىزدەپ تاپتى.

— شۇ ۋاقىتتىكى بىردىن — بىر گۇۋاھچى سەن ئىدىڭ. ھەتتا، توختامنىمۇ سەن يازغان. ساقلاشقىمۇ سەن مەسئۇل بولغان ئىدىڭ. زۇنۇن ئىشنى مۇرەككەپلەشتۇرىۋەتتى. ئەمدى توختامنى ئېلىپ سەن ئوتتۇرىغا چىقمىساڭ بولمىدى. بۇ ئىشنى سەن ئادىل ئاجرىتىپ قويغان بولساڭ،— دېدى سەيدۇللا نۇرىدىنغا. نۇرىدىن بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان قوڭغۇراقتەك شىرىڭشىپ تۇرىدىغان بىر چاڭگال ئاچقۇچ ئىچىدىن ئەزمىلىك بىلەن ئىزدەپ، بىر تال ئاچقۇچنى ئېلىپ بىخەتەر ئىشكاپنى ئاچتى. بىر مۇنچە ھۆججەت — ماتېرىياللارنى نېرى — بېرى قىلىپ، بىر چاغدا دەپتەر قېتىغا قىستۇرىۋالغان بىر پارچە خەتنى ئالدى. بۇنىڭغا بەتنىڭ يېرىمىغا كەلگىچە خەت يېزىلغان، ئاستى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تامغا، ئۇنىڭ ئاستىغا ئېگىز — پەس قىلىپ ئىككى كىچىك تامغا بېسىلغان ئىدى. سەيدۇللا بۇنى كۆرۈپ تەئەججۇپلەندى.

—بۇ ئەمەستەك تۇرىدىغۇ؟ —دېدى ئۇ.

—مۇشۇ شۇ. مەن ئۆزۈم ساقلىغان نەرسىنى نېمىشقا ئۆزۈم بىلمەيدىكەنمەن! ؟ —دېدى نۇرىدىن. ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ يەنە سەيدۇللاغا قاراپ دېدى، —بۇنى يالغۇز ساڭىلا بەرسەم بولمايدۇ. سەن هازىر بېرىپ زۇنۇننى چاقىر. ئىككىڭلار بار يەردە قايتىدىن ئوقۇپ قولۇڭلارغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن. ئاندىن قانداق قىلىشساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى. مېنىڭ ۋەزىپەم ئاخىرلاشتى. سەيدۇللا نۇرىدىن بانكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ زۇنۇننى ئىزدەپ تېپىپ كەلدى. نۇرىدىن بانكا هېلىقى خەتنى بۇلار ئىككىسىگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

—ئاغىنىلەر، ئەمدى مېنىڭ بىلەن بولغان بارلىق ئىشىڭلار ئاخىرلاشتى. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاۋارە قىلماڭلار جۇمۇ، —دېدى.

—ئۇنداقتا، ماۋۇ توختامنى بىزگە بىر ئوقۇپ بەرگەن بولساڭ، زۇنۇن بىر ئاڭلاپ باقسۇن، —دېدى سەيدۇللا.

نۇرىدىن بانكا كۆزىنىڭ پاختىسىنى كۆرسىتىپ، بىر ئالىيىپ قويۇپ، خۇشياقمىغان هالدا خەتنى قولىغا ئالدى ۋە «ئوقۇپ بېرەي، شۇنىڭ بىلەن هەر ئىككىڭ قايتىسەن» دېدى هەم خەتنى دۇدۇقلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. خەت ئوقۇلۇپ بولغىچە سەيدۇللا ئۆز قۇلىقىغا پەقەتلا ئىشەنمەي قالدى. باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۆز كۆڭلىدە بولسا «بۇ زادى قانداق ئىش، جاهان نېمە بولۇپ كەتتى» دېگەننىلا ئويلايتتى. ئۇ ئېسىگە كەلگەندە بولسا، نۇرىدىن بانكا ئاللىقانداق بىر نېمىلەرنى هېسابلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ يەردىن

قانداق چىققىنىنى، نەگە قاراپ ماڭغىنىنى بىلەلمىدى. سادەتخان ئۇنى تۇرتۇپ تۇرۇپ: «قانداق بولدى؟» دەپ سورىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

—باشتىلا مەن زۇنۇننىڭ قارا قورساق، ئالا كۆڭۈللىكىنى بىلگەن. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ —دېدى سادەتخان.

سەيدۇللانىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بولسا «ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق ئېنىق يېزىلغان يەرنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش توختامى نېمە ئۇچۇن يەرنى سېتىش — سېتىۋېلىش تىل خېتىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا نەدىكى تامغا ئۇنىڭغا باسىدىغان؟ بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت ئارىلاشمىسا، زۇنۇن بىلەن ئىككىمىز قول باسساق، نېمە ئۇچۇن تامغىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ مەن بۇ ئۆمرۈمدە تامغا دېگەننى ئەسلا ئىشلىتىپ باقمىغان تۇرسام.» دېگەنلەر بار ئىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تالا — تۈزگە تولا چىقمىدى. چىققاندىمۇ ھېچكىم بىلەن گەپلەشمىدى. گەپ قىلغانلارغا جاۋابمۇ قايتۇرمىدى. ھەپتە ئۆتكەندە ھەسەن ئاكا كىرىپ كەلدى.

—بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ سەيدۇللا، قەددىڭنى رۇسلا. ھۆكۈمەت بار، تەشكىل بار، ھەرىكەت قىلىپ باقساڭ بولمامدۇ؟! —دېدى ھەسەن ئاكا. ئايالى سادەتخانمۇ بىرمۇنچە سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن سەيدۇللا ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ كەنت كومىتېتىغا باردى. سېكرېتار بۇ ئىشلاردىن تولۇق بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يېزىدىن كەلگەن سېكرېتار ئىدى.

—قارىسام، زۇنۇن بىلەن ئىككىڭلار سودىدا

كېلىشىپسىلەر، تامغاڭلارمۇ بار ئىكەن. شۇڭا، گۇۋاھلىق ئۈچۈن كەنت كومىتېتىنىڭ تامغىسىنى مەن بېسىپ بەرگەن، — دېدى كەنت مۇدىرى.

سەيدۇللا ئەمدى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولدى، «كەنت مۇدىرى ئەسلى زۇنۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ. بىرلىشىپ ماڭا قىلتاق قۇرۇپتىكەن — دە، بۇ گۇيلار» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى سەيدۇللا. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇدۇل يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ يېزا باشلىقىنى تاپتى.

— بىز ئەھۋالدىن ئازراق خەۋەر تاپقان. بۇگۇن سىلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدۇق. ھەقىقەتەن مەسىلە بار ئىكەن. سىلى خاتىرجەم بولسىلا، بىز چوقۇم تەكشۈرۈپ توغرا بىر تەرەپ قىلىپ بېرىمىز، — دېدى يېزا باشلىقى، سەيدۇللا تونۇشتۇرغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن.

سەيدۇللا خۇددى نىجات يۇلتۇزىنى تاپقاندەك خۇش بولۇپ قايتتى. «ئۆزى ياش بولغان بىلەن خېلى دېتى بار يىگىتكەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، مىيىقىدا كۇلۇپمۇ قويدى. بىر نەچچە كۇندىن كېيىن يېزا باشلىقى كەنت كومىتېتىغا كېلىپ كەتتى. سەيدۇللا يېزا باشلىقى بىلەن كەنتتە كۆرۈشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى يۇمشاق پوزىتسىيە، سىپىلىق مۇئامىلىسىنى ئەسلەپ، چاڭ چىقىرىپ كېتىپ بارغان يېزا باشلىقىنىڭ ماشىنىسىنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يېزىغا ماڭدى.

— سىنىڭ دەۋايىڭ بولغان بىلەن خەقنىڭ قولىدا پاكىتى بارىكەن. ئىشنىڭ ئاقمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگۇچى بولما! سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايدىغان ۋاقتىم يوق!

—يېزا باشلىقى ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن سەيدۇللانى ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقاردى. «توۋا خۇدايىم، بىر ئوبدان گەپ قىلىشۋېدى، بىر نەچچە كۈندە بىراقلا ئۆزگىرىپ كېتىپتا» دەپ ئويلايتتى سەيدۇللا.

سەيدۇللا شۇ مېڭىشتا پەقەتلا توختىمىدى. يېزىلىق سوتخانىغا باردى. سوتخانا ھەق — تەلەپ دەۋا ئىشلىرى تەرتىپى بويىچە مۇرەسسە قىلدى. زۇنۇن رازى بولماي ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى. ناھىيىلىك سوت ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، دەلىل — ئىسپاتلارنى تولۇق ئىگىلەپ، سوت قىلىش ئارقىلىق قۇدۇق ۋە يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ سەيدۇللاغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. ئەمدى كېسىم چىقارسىلا بولىدىغان يەرگە كەلدى.

10

شۇنداق ھالقىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىمى چىقماي قالدى. «نېمە بولدىكىنا، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن — تەرتىپلىرىدىنمۇ ئۈستۈن ھوقۇقلۇق ئەرباپلار بار بولسا، زۇنۇن ئاشۇنداق بىر يەرلەرنى تېپىۋالغانمىدۇ — يا؟» سەيدۇللا بۇ سىرلارنى يېشىشكە ئاجىز ئىدى. مېڭىش، سۆيلەش، كۈتۈش بىلەن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم شۇ بىر خىللا جاۋابقا ئېرىشەتتى: «ساقلاپ تۇرۇڭ». سەيدۇللا مېڭىش جەريانىدا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ھازىر

ئۆزىنى ئادەتتىكى بىر دېھقان ئەمەستەك، بىردىنلا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى، بۇ دۇنيا نېمە دېگەن مۇرەككەپ. ئىنسان دېگەن نەرسىنىغۇ پەقەت چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ پەقەت شۇ كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈنمۇ؟... دېگەنلەرنى ئويلىسا، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بەزىسىگە جاۋاب تاپقاندەك قىلاتتى. توغرا، ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. بىراق، زور كۆپ ساندىكى ئىنسانلار ھالال تەر تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئىنسانلار بار، ئۇلارنىڭ جىسمى رەزىللىك، ئۆكتەملىك بىلەن يۇغۇرۇلغانمىكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ھەرقانداق ھىيلە قىلىشتىن يانمايدۇ، بولمىسا...

## 11

بۇ رېستۇران ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ، ناھىيە بازىرىدىكى بىردىن — بىر ئۇيغۇر تائاملىرى رېستۇرانى بولغاچقا، خېرىدارى خېلى بار ئىدى. بىر قانچە كۈندىن بېرى تۆت نەپەر سىرلىق خېرىدار پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۈچ ۋاق تاماقنى مۇشۇ رېستۇراندا يەيتتى. غىزالىنىشى ئاددىي ھەم تەرتىپلىك ئىدى. ئۇلار كىشىلەرگە گەپ قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىمۇ ئاز سۆزلىشەتتى. يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي چېچەن، ئايىقى سىياق ساتتار بۇ مېھمانلارغا دىققەت قىلىپ قالدى.

— ئاكا قارىغىنە، — دېدى ساتتار قورۇما تەييارلاۋاتقان ئاكىسى سادىققا چوڭ زالنى ئىشارە قىلىپ پەس ئاۋازدا، — ئاۋۇ تۆت مېھمان باشقا جايدىن كەلگەندەك قىلامدۇ نېمە؟

— سادىق زال بىلەن ئاشخانىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توساقتىكى دېرىزىدىن زالنىڭ بۇلۇڭىدىكى شىرەدە تاماق كۈتۈپ ئولتۇرغان تۆت ئادەمنى كۆردى.

— نېمە تاماق بۇيرۇتتى؟ — سورىدى سادىق ئىنىسىدىن.

— گۆش باسقان پولو، — دېدى ساتتار.

سادىق تېزلىك بىلەن تۆت تەخسىگە گۆش بېسىلغان پولونى ئۇسۇپ ساتتارنى ئەپچىقىپ بېرىشكە بۇيرىدى.

ساتتار تۆت تەخسە گۆش بېسىلغان پولونى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تېزىپ قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ھەربىر مېھماننىڭ چىنىسىگە چاي لىقلاپ قويدى. مېھمانلار ساتتارنىڭ چاققان ھەرىكىتىگە قىزىقىپ قالدى بولغاي، ئارىدىن بىرى:

— ھوي، بالا نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى مېھمانلاردىن چوڭى.

— ئون بەشكە، — جاۋاب بەردى ساتتار.

— مەكتەپتە ئوقۇمامسەن؟

— ياق، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ بولدۇم.

— يەنە ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟

— ياق!

— نېمىشقا

— . . .

شۇ ئارىدا سادىق بىر تەخسە ئىنچىكە توغرالغان خام تۇرۇپ، يەنە بىر تەخسە ياپىلاق توغرالغان تەرخەمەك سەيىنى

كۆتۈرۈپ چىقىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

—پاھ! ماۋۇ بالىلارنىڭ ئوخشاشلىقىنى، ئاكا — ئۇكىمۇ نېمە سېلەر؟—دېدى مېھمانلارنىڭ بىرى.

—شۇنداق. بۇ مېنىڭ ئۇكام،—جاۋاب بەردى سادىق.

—ئىسمىڭ نېمە؟

—سادىق.

—ئۇكاڭنىڭچۇ؟

—ساتتار.

—نېمىشقا ئۇكاڭنى ئوقۇتمايسىلەر؟

سادىق سەل خىجالەت بولغاندەك ۋىلىلدە بىر قىزاردى ۋە ئارقىدىن ئاستا ھەم ناھايىتى ئىخچام قىلىپ قۇدۇق، يەر دەۋا ئەھۋالىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئائىلىدە قىيىنچىلىق بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مېھمانلار سادىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزئارا مەنىلىك قارىشىپ قويدى. ھېلىقى گەپ سورىغان مېھمان قول سومكىسىدىن بىر ئىسىم كارتۇچكىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى يازغاندىن كېيىن سادىققا بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

—كەچتە بىزنى ئىزدىگىن—دېدى.

—ماقۇل،—دېدى سادىق.

—بولىدۇ، ئۇنداق بولسا كەچتە كۆرۈشەيلى!—دېدى گەپ سورىغان مېھمان.

سادىق قولىدىكى ئىسىم كارتۇچكىسىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە، غىزالىنىپ بولۇپ قايتقان بۇ سىرلىق مېھمانلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

## 12

سەيدۇللا ئەتىگەندە سادەتخان تەييارلىغان ناشتىلىق بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ ھەسەن ئاكىنىڭ كەنجى ئوغلى كىرىپ كەلدى ۋە ئىشىك تۈۋىدىلا:

— سەيدۇللا ئاكا، سادىق تېلېفون بېرىپتۇ، مۇھىم ئىش بار دەيدۇ، — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

سەيدۇللا ناشتىنى قىلىپ بولۇپ، ھەسەن ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىردى. دېگەندەك ئۇ كىرىشىگە تېلېفون جىرىڭلىدى.

سەيدۇللا ئوغلى سادىق بىلەن خېلى ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن، تۇرۇپكىنى قويۇپ ئارتۇق گەپ قىلماي‌لا ھەسەن ئاكا بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە سادەتخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، سەيدۇللانى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى سادەتخان سەيدۇللادىن.

سەيدۇللا پەس ئاۋازدا، ئوغلى تېلېفوندا دېگەن گەپلەرنى ئاياليغا ئېيتىپ بەردى.

— يۇقىرى ئەۋەتكەن مەخسۇس دېلو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىدە مەخپىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى خېلى بوپتىكەن، ئۇلار بۈگۈن كېچىدە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىكەن...

سادەتخان ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز چاناقلىرى نەملەشتى، بۇرنى ئاچچىق ئېچىشقاندەك بولدى. سەيدۇللا جىمجىت ئولتۇرسىمۇ، گويا سۇبھىدە چاقنىغان تاڭ نۇرىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولىۋاتاتتى.

ياسىن نىياز

# بوشلۇق

ئۇنى مۇنچە يۇزسىزلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن. ئۇيالماستىن دېگەن گېپىنى قارا! « ئون نەچچە ئاشنىسى بار، قورسىقىدىكى بالا كىمدىن بولغان، بەلكىم ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەس...» ھەي، نومۇسنى بىلمەيدىغان! سەن قوڭۇڭنىڭ تېرىسىنى يۈزۈڭگە چاپلاپلا، ھەممە ئىشتىن قۇتۇلماقچىمۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. خالىغىنىڭنى قىلىۋېلىپ، ئەمدى تېنىۋالماقچىكەنسەن — دە؟ كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ شۇ گەپنى دېگىنە قېنى، ئاشۇ بالاتەگكۈر ئاغزىڭنى نېمە قىلىۋېتىمەنكىن. تالاي قېتىم مېنى سۆيگەن شۇ ئاغزى بىلەن مېنى ھاقارەتلەيدۇ — تېخى.

— ھەي، قىزچاق! ئۆلگىڭىز كەلدىمۇ؟ يېشىل چىراغ يانغاندا چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

«كىمگە گەپ قىلىۋاتىدىغاندۇ؟» بېشىمنى كۆتۈرسەم، قاتناش ساقچىسى مېنى يەۋېتىدىغاندەك يامان ئەلپازدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپىمغا قارىسام، چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپتىمەن. ئالدى — كەينىمدىن ماشىنىلار ئۆتۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى قاياققا ماڭسام، ھەر ئىككىسى ئوخشاش. ئالدىمغا قاراپ كېتىۋاتسام، قاتناش ساقچىسى يەنە ۋارقىرىغاندەك قىلدى:

— ھەي قىزچاق! سىزنى دەيمەن! ساراڭمۇ نېمە بۇ.

مۇشۇ تاپتا قاياقىلا ماڭسام ماشىنا تۇرسا، شۇنىمۇ بىلمەمدىكىن؟ ئۆزۈڭ سارالڭ! قاسقان بۆكنى كىيىۋالساڭ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايسەن. سەنمۇ ھېلىقى يۈزسىز ئەبلەخكە ئوخشاشلا ئەركىشى. يوغان گەپ قىلغىنىڭ بىلەن سەنمۇ شۇنداق ھەرقاچان...

يول بويىدىكى سوغۇق ئىچىملىك ئىچىدىغان شىرەگە كېلىپ ئولتۇردۇم.

— سىزگە نېمە كېرەك؟

— بىر بوتۇلكا قىزىل ئۈزۈم ھارىقى.

قوشنا شىرەدىكى نەچچە ئەركىشى ماڭا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ھاراق بۇيرۇتقانلىقىمدىن ھەيران بولۇۋاتقانسىلەر تايىنلىق. سەنلەرمۇ ھېلىقى نومۇسسىز ئەبلەخكە ئوخشاشلا ئەسكى بىر نېمىلەر. كىم بىلمەيدۇ، كۆزۈڭلار تومپىيىپ تۇرغان مەيدەمدە، كاسامدا. چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويسام، ھازىرلا يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىسەن، ئۆيۈمدە ئايالىم قالغان دەپ بىرىڭمۇ يادىڭغا ئېلىشمايسەن. ھەممىڭ بەز ئىزدەپ يۈرگەن مۆشۈك. كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ ھېجىيىپ قاراپلا تۇرغىنىنى ئاۋۇ قىسماقلارنىڭ.

بىر ئىستاكانغا قىزىل ئۈزۈم ھارىقى قويدۇم. ئۆزۈممۇ ئەخمەق، ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلگەندىكىن نېمىشقا ئۆزۈمنى چەتكە ئالمىغاندىمەن؟ بىز قىزلارنىڭ راستىنلا ئەقلىمىز كالتىمۇ؟ بىز ئەرلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، شۇنچە ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىكەنمىز — ھە؟ ئەمما، بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ ھېساب — كىتابى بار. مېنىڭ ئون نەچچە ئاشنام بارمىش. مېنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تاپقان گېپىڭنى قارا! تېخى بۇ گەپنى تەپتارتماستىن ئاغىنىلىرىڭنىڭ ئالدىدا

دەپسەن. مەن تېخى قىز بالا تۇرسام، ماڭا يۈز كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئاغىنىلىرىڭ بۇ گەپلىرىڭگە ئىشىنىدۇ. ئىشەنمىگەن تەقدىردىمۇ ھەممە يەرگە تارقىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ مېنىڭدىن ھوزۇر ئالغۇسى بار — دە، ئۇلار ھوزۇرلىنىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئەمدى ئۇلار قاندۇرالمىغان ئىستەكلىرى ئۈچۈن سېنىڭ بەتناملىرىڭغا ئىشىنىدۇ. ھەممە يەردە سۆزلەپ، نامىمنى سېسىتىدۇ. مەن كەلگۈسىدە كوچىغا چىقىپ كەتسەم، كۈنلەردىن بىر كۈنى بىز ئۇدۇل كېلىپ قالساق، ھېچ بولمىسا شۇ چاغدا بولسىمۇ بىر قېتىم پاقىسىنى قاندۇرىۋالسا، مىرادى ھاسىل بولىدۇ. كىم بىلمەيدۇ ئۇلارنىڭ نىيىتىنى، ئاياللار ئۈچۈن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەن... قورسىقىمدىكى بالىنىڭ كىمدىن بولغانلىقىنى بىلمەسمىشمەن. مۇشۇ كۈنىنىڭ ئەرلىرى قانداق بولۇپ قالغان — ھە؟ كۆيدۈم، پىشتىم دېگەن قىزلىرىنىغۇ تاشلىۋەتسۇن، تېپىپ قويغان بالىسىدىنمۇ تېنىۋالامدىكىنە؟! قاراپ تۇر، مۇشۇ بالىنى نېمە بولمىسۇن تۇغۇپ، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمەيدىغان بولسام. شۇ چاغدا مېنىڭدىن قۇتۇلالامسەنكىن، خۇتۇنۇڭغا نېمە دەيسەنكىن. دۈپپامچىلىك كىچىك شەھەر تۇرۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى ئەجەپ بىلمەپتىمەن. كېيىن بىلىپمۇ يەنە ئۆزۈمنى تارتماپتىمەن. شەيتان، ھەممىسى ئاشۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولدى...

— دەردىڭىز باردەك قىلىدۇ، يېنىڭىزدا بىردەم ئولتۇرۇپ ھەمراھ بولسام قانداق دەيسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرسەم، قوشنا شىرەدىكى ھېلىقى داپيۈزدىن بىرى يېنىمدا دىۋەيلەپ تۇرۇپتۇ. غەزىپىم غۇژژىدە ئۆرلىدى. ماۋۇ خەق ماڭا نېمىشقا ئارام بەرمەيدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ

كۆزلىرىگە سوغۇق نەزەر تاشلىدىم.

— مېنى تونۇمسىز؟

— ئەمدى... ئەمدى تونۇشساقمۇ بولىدىغۇ؟

مېنى نابۇت قىلغان ھېلىقى ئەبلەخمۇ باشتا ماڭا مۇشۇنداق دېگەن ئىدى. ئەنە شۇ تونۇشۇشنىڭ كەينىگە يامان غەرەز يوشۇرۇنغان، ماۋۇ نېمىنىڭ يېنىمدا شالۋىقىنى چاچرىتىپ تۇرۇشىدىكى مەقسىتىمۇ ماڭا ناھايىتى ئايان. ئاغزىدىكى گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى، بىر ئادەم بىلەن تونۇشقان ھالەتتىمۇ، بەرىبىر ئۇنى تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ — دە. مەن ئۆزۇمنى زورىغا بېسىۋېلىپ:

— ئاكا، رەنجىمەي ئاستا كېتىۋېلىڭ، — دېدىم.

— يالغۇز ئولتۇرسىڭىز، زېرىكىپ قالىسىز، — ئۇ ئۇدۇلۇمدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، — كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قويىمەن.

ماۋۇ رۇدىپايدىن ھەجەپ قۇتۇلالمىدىمغۇ. ئۇ كىمنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ قويماقچىكىنە؟ مەن بەك زېرىكىپ كەتتىم. سىز بىلەن... كۆڭلۇمنى ئېچىۋالاي دېمەكچىغۇ ئۇ. بۇ ئەر خەقلەر مېنى يەنە نېمە قىلىمەن دەيدىغاندۇ؟ سۆيۇپ يۇرىكىمنى سۇمۇرىۋالسا، سىيلاپ گۆشۇمنى سويىۋالسا، قۇرۇق سۆڭىكىمنى قويسا، ئاندىن بولدى قىلارمۇ؟ ئورنۇمدىن چاچراپ قوپتۇم.

— كۆزۇمدىن يوقۇلۇڭ! ئۆيىڭىزگە بېرىپ، خوتۇنىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ قويۇڭ!

— ماقۇل... ماقۇل... كۆڭلۇمنى خاتا چۇشىنىپ قالدىڭىز،

— ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۇزى تاتىرىپ كەتتى، — ئەجەپ پەيلى يامان قىزكىنە بۇ؟

ئۇ سالپايغىنىچە ھەمراھىنىڭ يېنىغا كەتتى. كۆڭلۇمنى

خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز دېگىنچە، غەرىزىمنى بىلىپ قالدىڭىز، دېسەڭچۇ؟ مەن بىلمەيدىغاندەك سىپايىگەرلىك قىلىپ كەتكىنىمنى...

— ئەجەپ جاجىسىنى بەردىڭىز ئۇ لالمىنىڭ،— دېدى سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچى يېنىمغا كېلىپ ھىجىيىپ،— قىزىلدىن يەنە بىرنى ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟ بېشىڭىزغا دەرد كەلگەندەك تۇرىدۇ. جىقراق ئىچىپ، ئۇنتۇپلا كېتىڭا بۇنداق غەملەرنى.

ئايالغا ھومىيىپ قاراپ قويدۇم. بىرسىنى قوغلىسا، يەنە بىرسى كېلىپ قونىدىغان بىزەڭ چىۋىندەك ماۋۇ خەقتىن ئەجەپ قۇتۇلالمىدىمغۇ؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ سەن ھەرگىز دەردىمگە ھېسداشلىق قىلمايسەن. مېنىڭدىن كۆپرەك پايدا ئالسام دەيسەن. سېنىڭچە، خۇدۇمنى يوقاتسام، يانچۇقۇمدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالساڭ — ھە؟

نىكاھسىز تۆرەلگەن بۇ بالىنى تۇغسام، جاھاننىڭ نەرىگىمۇ سىغدۇرارمەن؟ ئاتىسى بالىسىنى ئېتىراپ قىلمىدى. تۇغۇلماي مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا، تۇغۇلغاندىن كېيىن قانداق كۈنگە قالار؟ بۇ جاھاننىڭ ئارزۇلىغىدەك يېرى قالمىدى. تۆرەلمىگەن، تۆرەلسىمۇ تۇغۇلماي ئۆتۈپ كەتكەن تۇزۇك. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ قارا يۈز. ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالىنى تۇغۇپ، ئۆزۈمگە بىر ئۆمۈر يۈك قىلىۋالىمەنمۇ ئەمدى؟ تۇغمايمەن، بۇ بالىنى ھەرگىز تۇغمايمەن! ئۇ ئوغۇل بولۇپ قالسا، چوقۇم ئاتىسىغا ئوخشاش ۋاپاسىز بىر نېمە بولۇپ چىقىدۇ. ئاتا — بالا ئىككىسىنى ئۆتمۈشكە تاشلىۋېتىش كېرەك.

ئاخىرقى بىر ئىستاكان ھاراقنى قولۇمغا ئالدىم. مۇبادا بۇ ئىستاكاندىكىسى زەھەر بولۇپ قالغان بولسا — ھە؟ ئۇ چاغدا

مۇھەببەتمۇ، نەپرەتمۇ، دۇنيامۇ ھەممىسى تۈگەيتتى. مەن ئۇنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئىچىۋەتكەن بولسام... ئۇ ئاشۇ چاغدا مۇزلاپ كەتكەن جەسىدىمنى قۇچاقلاپ يىغلارمۇ؟ ئۇ ئۆزى سۆيگەن بىر قىزچاقنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، داۋاملىق ئويۇنچۇق قاتارىدا ھوزۇرلىنىدىغان بىر گۈزەل تەنىنىڭ تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ. بۇ ھەرگىز ھەسرەت يېشى ئەمەس. شېرىن، زۆھرەلەر ياشىغان ئاشۇ زامانلار نەلەردە قالغاندۇ — ھە؟ چىن سۆيگۈ قالمىغان بۇ زاماندا ئادەمنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ھازىرقى زاماننىڭ ئەرلىرى قىزىل گۈل ئىشقىدا بىر ئۆمۈر سايرايدىغان شەيدا بۇلبۇل ئەمەس، ھەممە گۈللەردىن شىرنە يىغىش ئىستىكىدە ھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان ھەسەل ھەرىسىمۇ ئەمەس. مۇنۇ ھاراق ئادەمنىڭ قېنىغىلا ئوخشايدىكىنە؟ بۇ راستىنلا ئۇنىڭ قېنى بولۇپ قالسا، بۇنى ئىچىۋەتسەم، ئۆلىدىغان ئادەم مەن بولماي، ئۇ بولغان بولسا ... بىر قىزنى ئالداپ نابۇت قىلغان ئادەم ئۆلۈمگە لايىق. مەن بۇنى ئىچىۋېتەي، ئۇ ئۆلسۇن... ئۆلسۇن... ئىستاكاننى قويۇۋاتقان ۋاقتىمدا بىر نەرسىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. پىچاق!؟ شىرەدە راستىنلا بىر پىچاق سوغۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇنى مۇشۇ چاغقىچە ئەجەپ كۆرمەپتىكەنمىنا؟ ھېلىراقتىكى قان تەسەۋۋۇرىنى مۇشۇ پىچاق قوزغىتىپتىكەن — دە؟ بۇ بىر بىشارەت، بۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئەتىگىنى ئال دەپ ئالدىمغا پىچاقنى تاشلاپ قويىسىمۇ يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىمەن؟ ئۇ مۇشۇ تاپتا چوقۇم ئىدارىسىدا. گالىستۇكىنى تاقاپ، چېچىنى مايلاپ، مېنىڭ ئازابلىرىمدىن بىخەۋەر خۇشال ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قاملاشقان چىرايىنى دەسمايە قىلىپ، چوقۇم يەنە بىر قىزنىڭ

پېيىغا چۈشتى. ئۇ قىزلارنىڭ بەختىگە چۈشكەن چىرايلىق مىتە! بۇ مىتىنى ھازىرلا كۆزدىن يوقىتىش كېرەك...

سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچى ئايال خېرىدار كۈتۈپ، ئاللىقاياقلارغا قاراپ تۇراتتى. پىچاقنى سومكامغا ئاستا سېلىۋالدىم. ئىچىملىك پۇلىنى شىرەگە قويۇپ، ئورنۇمدىن ئالدىراپ تۇردۇم. ھازىرلا ئۇنىڭ ئىدارىسىغا بېرىش كېرەك. ئۇمۇ ئىزا — ئاھانەتنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا رەسۋالارچە ئۆلسۇن...

— ھەي، سىڭلىم! توختاڭا.

يەنە نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ئايال؟ ئاپلا، پىچىقىنى ئېلىۋالغانلىقىمنى بىلىۋاپتىمۇ نېمە؟ ئوغرى دەپ ئېسىلىۋالسا، پىچاقنى سېتىۋالارمەن.

— ماۋۇ... ئاشقان پۇلىڭىز، ئېلىۋېلىڭ.

ئۇندىمەستىن كېتىۋەردىم. ئۇ ئايالنىڭمۇ مەندە ھەققى قالمىسۇن. ئاشقان پۇلنى پىچاقنىڭ ھېسابىدا ئېلىۋالسۇن.

ئۇنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن. يۈرىكىمدە پەقەت بىرلا ئىستەك. تۈرمىگە سولىنىپ كەتسەممۇ مەيلى. ھەتتا مېنى بىر پاي ئوقتا ئېتىۋېتەر، مەن ھەممىگە رازى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئەنتىمنى ئالسام، نېمە بولسام مەيلى. ئەتراپىمدىن ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ئىچىمدا باش كۆتۈرگەن ئادەم ئۆلتۈرۈش خىيالىدىن قىلچە خەۋەرسىز. ئەمدى يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن، چىرايلىق، ئوماق بىر قىزنى قاتىللىق قىلىدۇ دېسە، كىم ئىشىنىدۇ؟ سارغۇچ چاچلىرىم شامالدا يەلپۈنمەكتە. كۆكۈچ كۆزلىرىم دۇنياغا سوغۇق نەزەردە باقماقتا، يۈرىكىم ئەرلەر دۇنياسىنى پارتلىتىۋەتمەكچى بولغاندەك دۈپۈلدەپ سوقماقتا. قېنى ئۇنىڭ مېنى سۆيىمەن دېگەنلىرى؟ قېنى ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن قەسەملىرى؟ ئۇ باشتا

مېنى ئالداپ، خوتۇنى، بالىسى بارلىقىنى يوشۇرۇپتۇ. بۇنداق ئادەملەر بۇ دۇنيادا ياشاشقا مۇناسىپ ئەمەس! مەن ئۇنىڭ ئاياق — ئاستى قىلىشىغا ئۇچراپ، ئاندىن خوتۇنى، بالىسى بارلىقىنى بىلدىم. شۇ چاغدا نېمىشقا ئۇنىڭ ئەپتى — بەشىرىسىنى خوتۇنى ئالدىدا ئېچىپ تاشلىمىغاندىمەن؟ ھارامدىن تۆرەلگەن بالا ۋاقىتسىز چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن قىلچە ھەسرەت چەكمىدىغۇ؟ ئۇنىڭدا ئادىمىيلىك سۈپەت دېگەن نەرسە بارمىدۇ؟ مەيلى ھارامدىن تۆرەلسۇن، يەنىلا ئىككىمىزنىڭ بالىسى ئىدىغۇ؟ مۇبادا ئۇنىڭ ئائىلىسى بولمىغان بولسا، مېنىڭ ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالغان بولسا، مېنى رەنجىتىپ ئازابلىمىغان بولسا، ئۇستەلنى كۆتۈرمىگەن بولسام، ئۇ بالا ھەرگىز چۈشۈپ كەتمەيتتى. مەلۇم مەزگىل رەنجىپ يۈرۈپ، ئاشۇ ھايۋاننىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا يەنە تىز پۈككىنىمچۇ؟ خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سېنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دېسە، يەنە ئالدىنىپ كەتكىنىمچۇ؟ مانا ھازىر ئىككىنچى قېتىم بويۇمدا قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ مېنى تەل — تۆكۈس تاشلىۋېتىش ئۈچۈن تاپقان گېپىنى قارا؟ تېخى بىر نەچچە ئەمەس، ئون نەچچە ئاشنام بارمىش. ھەي، ئىست، ئادەمنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەك نېمانچە تەستۇ — ھە؟ توختاپ تۇرسۇن، ھازىرلا قارنىنى يېرىپ، يۈرىكىنى كۆرۈپ باقمىسام ...

ئۇ ئىشلەۋاتقان ئىدارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىناغا نەپرەت بىلەن باقتىم. ئۇ چىرايىغا، ياخشى خىزمەت ئورنىغا، بايلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە خوتۇنىمۇ ھېچقانچە نەرسە ئەمەس. ئىش يامىنىغا ئۆرۈلسە، باشقا خوتۇن ئېلىشمۇ تەس ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە قىزنى دەپسەندە قىلىپ تاشلىۋېتىش ئادەتتىكىلا بىر ئىش. ئۇ، مېنىڭ مۇشۇلا چىرايىم

بولىدىغان بولسا، يەنە ئەخمەق بولىدىغان قىزلار چىقىپ تۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزۈمنى نابۇت قىلدىمغۇ؟ بەزى ئەرلەردىكى قاملاشقان تەن، ئات، ئېشەكلەردىمۇ بارغۇ؟ ئۇلاردىكى قويۇق قاش، قاپقارا بۇرۇت پەقەت شۇ تۈكقۇ؟ ئاھ، بىچارىلىك، بىز قىزلار شۇ قەدەر نادانمىزكى، باشتا ئەرلەرنىڭ قاش — كۆزىگە، ساقال — بۇرۇتلىرىغا مەپتۇن بولۇپ، چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، كۆڭلىدە نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئىنتىلمەيدىكەنمىز. كۆڭلىدىكىنى بىلگەن ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىپ بولىدىكەنمىز. بۇ دۇنيادا نۇرغۇن جىنايەتلەرگە قانۇني جازا بار ئىكەن — يۇ، بەزىلەر خالىغىنىنى قىلىپ بولۇپ، يەنە ئەركىن يايراپ يۈرسە بولىۋېرىدىكەن. ئۇنداق ئىش يوق. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ پىچىقى قىزلىقىمغا سانجىلغان ئىدى. بۈگۈن مېنىڭ پىچىقىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىدۇ.

دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا مېنى ھېچكىم توسمىدى. سومكامنى تۇتۇپ باقتىم، قولۇمغا پىچاق ئۇرۇنىشى بىلەن تومۇرلىرىمدا چىڭقىلىپ تۇرغان قانلىرىم مېڭەمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. پۇتلىرىم سۇس تىترىگەندەك قىلدى. چىشلىرىم ئۇۋۇلۇپ كېتىدىغاندەك كىرىشىپ، ئىككى قۇۋۇزۇم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ كەتتى. بىناغا قەدەم باستىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئۈچىنچى قەۋەتتە ئىدى. ئاخىرقى مىنۇتلاردا قارارىمدىن يېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھېچقانداق خىيالنى قىلماسلىققا تىرىشتىم. ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدۇم. ئېڭىمغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن خىيالدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ ئىشخانىسىدا بارمىدۇ؟ بارلا بولسا، چوقۇم ئۆلىدۇ. يوق

بولۇپ قالسا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالارمۇ؟ ياق! ئۇ چوقۇم بار. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەجىلى توشقان كۈن! ئۇ بار، چوقۇم بار. ئۇنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ… ئالدىراپ سومكامغا قول سالدىم.

ئىشخانا ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئەر — ئايال خىزمەتداشلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈنى بىردىنلا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. پىچاقنى مەھكەم تۇتقىنىمچە ئۇنىڭغا ئېتىلدىم:

— ھەي، قارا يۈز، نامەرت! سەنمۇ ئوغۇل بالىمۇ؟ سېنىڭ ئاغزىڭ بىلەن قوڭگۇڭنىڭ نېمە پەرقى! سەن ئۆلۈمگە لايىق! سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن. بالا تەگكۈر ئاغزىڭنى جىمىقتۇرىۋېتىمەن، قىزارماس يۈزۈڭگە قېنىڭنى سۈركەيمەن، قىزلارنى ئالدايدىغان جىسمىڭنى توپىغا كۆمۈۋېتىمەن. سېنى چايناپ، چايناپ پۈركۈۋەتسەممۇ ئەنتىم چىقمايدۇ.

ئىشخانا ئىچىدىكىلەر ئۇيۇر — تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى. ئارىدىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نامان، ئۆزۈڭنى قاچۇر! ئەستا، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟

ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كۆزۈمگە ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە پىچاقنى شىلتىدىم.

— نوچى بولساڭ، بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمدا ئېيت! مېنىڭ ئون نەچچە ئاشنام بارلىقىنى بىلىدىكەنسەن، قېنى دېمەمسەن؟ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىرمۇ بىر ئېيتە! ھەتتا سەن قورسىقىمدىكى بالاڭدىنمۇ تېنىۋاپسەنغۇ؟

— مېنى كەچۈرۈڭ، مەلىكەم. ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ دەپ ساپتىمەن، — ئۇ ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، بۇلۇڭغا دۈمبىسىنى يېقىۋالغان ئىدى.

— ئاغزىڭنى يۇم! كىم سېنىڭ مەلىكەڭكەن؟ مەن سېنى تالاي قېتىم كەچۈرگەن. بۇ قېتىم ھەرگىز كەچۈرمەيمەن.

— مەلىكەم! قىزىققانلىق قىلماڭ، ئويلۇنۇپ ئىش قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. مېنى ئۆلتۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ ساق قالمايسىز.

— مېنى ئۆلۈمدىن قورقىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ سەن مېنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈپ بولغان. ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى.

ۋاراڭ — چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، قوشنا ئىشخانىدىكىلەرمۇ كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالاق — جالاق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر نەچچىسى مېنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. مەن ۋەھشىيلىكى تۇتقان چىشى يولۋاستەك ئۇلارغا ھۆرپەيدىم.

— يېقىن كېلىشمە! مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، مەن ماۋۇ قارا يۈزدىن ئەنتىمنى ئالىمەن.

— مەلىكەم... مەلىكەم... ئۇنداق قىلماڭ... ھاراق ئىچكەندەك تۇرىسىز.

— ھاراق ئىچىشنىمۇ ماڭا سەن ئۆگەتكەن. سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم! سەن بۇ دۇنيادا ياشاشقا مۇناسىپ ئەمەس!

پىچاقنى ئۇنىڭ قورسىقىغا سانجىدىم.

— ۋايجان!

ئۇنىڭ قولىدىن قان تامچىلاپ ئېقىۋاتاتتى. قىپقىزىل قاننى كۆرۈپ، بېشىم پىرقىرىدە قايدى. پىچاق قولۇمدىن تاراقلاپ يەرگە چۈشتى. خۇدۇمنى-يوقىتىپ، سول تەرەپكە قىيسايدىم، بېشىم ئۈستەل قىرغىقىغىمىكىن قاتتىق تەگكەندەك قىلدى...

ھوشۇمغا كەلسەم، دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. بېشىمدا ئاتام بىلەن ئاپام تۇرۇپتۇ. كۆزۈمنى ئاچقىنىمنى كۆرۈپ، ئاتامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ئاپامنىڭ كۆزلىرى غىلىلدە ياشقا تولۇپ، چىرايىغا يىغا ياماشتى. قۇياش ئالتۇن

نۇرلىرىنى ياتاقتا سېپىپ تۇراتتى. بۇ يەردە قانچە كۈن ياتقاندىمەن؟ ئۇ ئەبلەخ ئۆلگەنمىدۇ؟ جىنايەتچىلەر بالنىستتا ياتسىمۇ قولىغا كويزا سېلىپ قويىدىغان، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرسام، قولۇمدا ئەجەپ كويزا يوق تۇرىدىغۇ؟ بۇ قاتىللىقتىن ساقچىلار ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولدى. ئۇلار مېنىڭ ھوشۇمغا كېلىشىمنى كۈتۈپ، كارىدوردا ساقلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى مېنى ئېتىۋەتسىمۇ ئارمىنىم يوق...

ئۆلۈم كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئۆزۈمنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. سېنىڭ دەردىڭنى قاچانغىچە تارتىمەن؟ قولۇم قېنىڭ بىلەن بويالدى. مەن ياش تۇرۇپلا قاتىلغا ئايلىنىپ قالدىم. ئاھ، دەردىمەي... سەن مېنى چىن دىلىڭدىن سۆيگەن بولساڭ، سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭنى كەچۈرەتتىم ئەمەسمۇ؟ سەن ئاخىرىدا نېمىشقا شۇ گەپلەرنى قىلغانسەن؟ مەن سېنىڭ قەلبىڭنى بىلمەي، مېنى سۆيىدىكەن دەپلا يۈرىۋەرگەن بولسام بولماسمىدى؟ رەھىمسىز رېئاللىقنى بىلىش نەقەدەر ئازابلىق — ھە؟ بۇ دۇنيادا ئالدىنىپ يۈرۈشمۇ بەخت. ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا نابۇت قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. مەن نېمىشقىمۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى بىلىپ قالغاندىمەن؟ سەن بەربىر ئۆلەتتىڭ. سېنى مەن ئۆلتۈرمىسەم، باشقا بىرسى ھامان ئۆلتۈرەتتى...

ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئەنتىمنى ئالغان ئىدىم. ئەمما، دوختۇرخانىدا ياتقان شۇ كۈنلەردە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى ئازابلاپ، يەنە ئارامىمدا قويمىدى.

※ ※ ※

ئۇنى تۈنجى قېتىم بىر تويدا ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇ مېنى

كۆرۈپلا كۆزىنى پەقەت ئۈزەلمەي قالدى. ئۇ مېنىڭدىن بىرئاز چۆچۈدەك كۆرۈندى. ئۇ ھەدېسە مېنى تانىسىغا تەكلىپ قىلاتتى. مېنىڭ تېخى يۈرگەن يىگىتىم يوق ئىدى. مېنى ئەرلەردىن قورۇيدىغان ئادەم بولمىغاچقا، كىم تانىسىغا تارتسا بەھوزۇر ئويناۋەردىم.

ئۇ نېمىشقا ماڭىلا قارايدىكىنە؟ مەن چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا كۆز تاشلىدىم. ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى، قاپقارا بۇرۇتى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. خىجىللىقتىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم. ئەمدى قارىماسلىقىم كېرەك. ئۇ نېمە دەپ قالدۇ؟ كۆڭلۈم تۈيۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا مېنىڭدە. بوپتۇ، ئۇ قارىسا قاراۋەرسۇن. مېنى ئاران تۇرغان قىز ئىكەن دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟

ئۇ شۇنچە قىزنىڭ ئارىسىدىن يەنە مېنى تانىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ مېنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم تانىسا ئوينىغان چاغدا ئۇنىڭ قولىنى، مۈرىسىنى تۇتۇپتىمەن — يۇ، چىرايىغا زەن سېلىپ قارىماپتىمەن. ئېڭىمدا مۇزىكا رېتىمى، كۈيى بولۇپ، ھېچقانداق سەزگۈ، تەسىرات قالمىغانىكەن. ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، مېنى قىزىقتۇرغان، ماڭا قىزىقىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگىنىدە بىرئاز ئۇڭايسىزلاندىم. تانىسا دېگەنمۇ خۇددى چۈشتىكىدەك خالىغان ئادەمنىڭ قولىنى، مۈرىسىنى تۇتىدىغان ئىشكەن. ئادەتتىكى چاغدا مۇشۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لەپپىدە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمە دەۋاتقاندۇ — ھە؟ خۇمارلاشقان، ھېسسىيات تولۇپ تاشقان كۆزلەر… ئۆزىمۇ قاملاشقان يىگىت ئىكەن. ئىككىمىزمۇ خېلى ماسلاشقۇدەكمىز. ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىچۇ. مۇشۇنداق

بىرەرسى بىلەن توي قىلىپ قالسام، بالىلىرىمىزمۇ ئېگىز، چىرايلىق بولاتتى... ئەخمەقلەرچە نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىم — ھە؟ ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ئۇنىڭدىن قانداقمۇ سورىغىلى بولسۇن؟ بۇنداق قاملاشقان يىگىتلەرگە ھەر چىرايلىق قىزلار ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرماي. ئۇنىڭ مەندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغىنىغا قارىغاندا، مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكىنە؟ تونۇشۇپ قالسام بولاتتى. نەدە ئىشلەيدىغاندۇ؟ ئۇ مەن بىلەن تۇنجى قېتىم تانسا ئوينىغان چاغدا ئۆزىنى نامان دەپ تونۇشتۇرغاندەك قىلغان. زامان دېدىمۇ يا، مېنىڭ خىيالپەرەسلىكىمنىزە، ئۇنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماپتىمەن...

— ئىسمىڭىز... مەلىكەممۇ؟

قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ خىياللىرىمنى بىلىپ قالغاندەك يۈزۈم چىمىلداپ كەتتى. بەزىدە ئادەمنىڭ ئويى بىلەن يېنىدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئويى ئوخشاش چىقىپ قالىدىكەن. بىر گەپنى قىلاي دەپ تۇرسا، يېنىدىكى ئادەمنىڭ ئاغزىدىنمۇ شۇ گەپ چىقىدىكەن. ھازىر مەن ئويلىغان ئىشلارنى ئۇمۇ ئويلىغانمىدۇ؟ ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى سېزىپ قالغان بولسا — ھە؟ ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرمىغىنىغا قارىغاندا ھېچنېمىنى سېزەلمىگەندەك تۇرىدۇ. ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى سېزىۋالمىسا، ئىسمىمنى سورامدۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى كىملەردىن سوراپ بىلىۋالغاندۇ؟ ئۇنىڭغا رەنجىگەندەك قاراپ قويدۇم. خەق نېمە دەپ قالىدۇ؟ كۆڭلىدىلا بىلمەي... ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر سىلىق، يېقىملىق ئىدى. مەن لام — جىم دېمىدىم. بىلىپ تۇرۇپ، يەنە سورىغىنىنى...

مېھمانلار تويدىن تارقىغان چاغدا ئۇ كەينىمدىن ئەگىشىپ چىقتى. ئۇ مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. مەن قىز

دوستلىرىم بىلەن بىللە قايتىدىغانلىقىمنى دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىرايلىقچە رەت قىلدىم. ئۇ موتىسىكلىتقا مېنىپ، شەھەر كوچىسىدا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. نۇرغۇن قىزىل چىراغلار ئارىسىدىن بىر قىزىل چىراغ خېلىغىچە كۆزۈمدىن يۈتمىدى.

بۇ يەردە ئەتىياز پەسلىدە بوران تولا چىقىدۇ. بۈگۈنمۇ چۈشتىن باشلاپ چىققان بوران كەچكىچە توختىمىدى. مۇشۇنداق چاغدا يول مېڭىش ناھايىتى تەس ئىدى. ئىدارىدە قونۇپ قالغۇدەك ياتاق بولمىغاچقا، نېمىلا بولمىسۇن ئۆيگە قايتمىسام بولمايتتى. كوچا ئاپتوبۇسى بولمىسا، تاكسى كىرا قىلارمەن. خىزمەتداشلىرىم بىللە كېتىۋالغان بولسامچۇ. ئۆيگە تېلېفون ئۇرسام، ئالىدىغان ئادەم يوق. ئاتام بولغان بولسا، مېنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ كېتەتتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەم… نامان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ۋاقتى بولسىلا مېنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىمنى كۈتۈپ دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىمىغانغا قويماي، موتىسىكلىتى بىلەن ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قوياتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بوران گۈرۈلدەپ چىقماقتا. ئاسمان — پەلەك كۆتۈرۈلگەن توپا— چاڭ جاھاننى مالىماتاڭ قىلماقتا. نامان بورانغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەدەپ ئالدىغا سەنتۈرۈلەتتى. بىچارىنىڭ كۆزىگە توپا كىرىپ ئېچىشىپ كەتكەندۇ — ھە؟ ئۇ مېنى دەپلا قاتتىق بورانغا پەرۋا قىلماي سىرتتا تۇراتتى. شۇلارنى ئويلاپ، ئىچىم ئىسسىق بولدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

بىنا ئىشىكىدىن چىقىشىمغا توپا — چاڭ، ئەخلەت — چاۋىلارنى ئۇچۇرۇپ كەلگەن بوران شىددەت بىلەن ماڭا ئۇرۇلدى. پەلەمپەيگە يىقىلماقچى بولۇپ، نەچچە سەنتۈرۈلۈپ

ئۆزۈمنى تەستە ئوڭشىۋالدىم. بەدىنىم قەغەزدەك يەڭگىللەپ كەتكەن بولۇپ، بوران مېنىمۇ هازىرلا ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئىككى قولۇم بىلەن يۈز — كۆزۈمنى ئېتىپ، بىر قەدەم — بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىدىم. بوران هاۋانى تېز سۈرئەتتە ئېقىتىپ كېتىۋاتقاچقا، نەپەسىممۇ يېتىشمەيتتى. يېنىمدىلا موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. كۆزۈمنى ئاچسام، نامان ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇپتۇ.

— چاپسان بولۇڭ!

بۇرۇنقىدەك يېنىچە ئولتۇردۇم.

— بوران قاتتىق! بۇنداق ئولتۇرسىڭىز، كەينىڭىزگە ئۇچۇپ كېتىسىز!

ئالدى تەرەپكە قاراپ ئولتۇردۇم. ئالدىراشلىقتا تۇتقىدەك يەر تاپالماي، ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتتۇم. مۇشۇنداق چاغدا خىجىل بولۇپ تۇرغىدەك ئىمكانىيەت بارمۇ؟ موتسىكلىت ئىككىمىزنى ئېلىپ، بوراننى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ھەر قېتىم تورمۇزلانغاندا كۆكسۈم ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالاتتى. ئاشۇنداق چاغدا ئىللىق بىر سېزىم پۈتۈن بەدىنىمگە تارقىلاتتى. گاھ ئاستىلاپ، گاھ تېزلاپ تۇرىۋاتقان هاۋا ئېقىمىدا موتسىكلىت هازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. قاتتىق بوراندا يەرنىڭ تارتىش كۈچى ئاجىزلاپ كېتەمدۇ قانداق، موتسىكلىتنىڭ چاقى يەرگە تەگمەي، ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

— مەن كەلمىگەن بولسام… قانداق قىلاتتىڭىز؟

— نېمە دېدىڭىز؟! ئاڭلىيالمىدىم!

ئۇ كەينىگە قايرىلىپ ئۇنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— سىزنى ئالغىلى كەلمىگەن بولسام، قانداق قىلاتتىڭىز دەيمەن!

— يولىڭىزغا قاراپ ئولتۇراتتىم!

— چاقىرغۇ نومۇرۇمنى دەپ بەرسەم بولغىدەك. سىز گىمۇ بىرنى ئېيسىپ قويايمۇ — يا؟

— بوينۇمغا نۇختا سالاي دەمسىز؟

ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەندەك قىلدى. كۆڭلۈمدە ئىشخانىدىكى غەم — ئەندىشىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. شۇ پەيتتە مەن قۇچاقلاپ كېتىۋاتقان بۇ تەن شۇ قەدەر كۈچلۈك، سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئىيۇلنىڭ مەلۇم بىر شەنبە كۈنى. خېلى كەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، باغچىدا ئادەملەر شالاڭلاپ قالغان ئىدى. ئىككىمىز قېيىقتا ئۈزۈپ يۈرگىلى يېرىم سائەتتىن ئاشتى. كۆلنىڭ ئارام — بەخش هاۋاسى قېيىقنىڭ يەڭگىل لەيلەپ تەۋرىنىشى، تەشنا يۈرەكلەردىن چىقىۋاتقان شېرىن سۆزلەر مېنى ئاستا — ئاستا خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كىردى. مەن بارلىق غەم — ئەندىشىلىرىمنى ئۇنتۇپ، بەختىيارلىق ئىلكىدە گۈلدەك ئېچىلىپ يايراپ كەتتىم، نازلىنىپ تولغىناتتىم، ساراڭلاردەك توختىماي كۈلەتتىم.

مەن قېيىقنىڭ باش تەرىپىدە، ئۇ ئاياق تەرىپىدە بىر —بىرىمىزگە ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر تاش بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. چىرايى شۇنداق غەمكىن، كەيپىياتى بەكمۇ مىسكىن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بىز يېڭى تونۇشقان چاغلاردا ئۇ مۇنداق ئەمەس ئىدى. ئارىلىقىمىز يېقىنلاشقانسېرى ئۇ غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نېمىگە شۇنچە قايغۇرىدىكىن؟ بۇگۈنكىدەك چاغلاردا ئۇ خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ پالاقنى تاشلاپ قويۇپ، بىردەم — بىردەم تاماكا چېكەتتى. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن قېيىق

كۆلنىڭ سىمونت قىرىغا يەڭگىل سوقۇلدى. كۆل بويىدىكى مەجنۇنتال شاخلىرى خۇشاللىق مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان تېنىمنى سىيلاپ ئۆتتى.

— كېچىدە قېيىققا چۈشسە، ئەجەپ رومانتىك بولىدىكەن — ھە؟

— مەنمۇ شۇنداق دەي دەپ تۇراتتىم، — دېدىم بوشقىنە شىۋىرلاپ.

سۆزلىرىمىز يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. قانداق قىلسام ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەلەيمەن؟ نەزىرىم ئۇنىڭ چىرايىدىن يۆتكۈلۈپ، بېلىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە توختاپ قالدى. ئىككىمىز روبىرو ئولتۇراتتۇق، تىزلىرىمىز تېگىشەيلا دەپ تۇراتتى. ئاھ... نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر ئازابلىق مىنۇتلار — ھە؟ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋالغۇم، قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتقۇم كېلىپ كەتتى. ئۇ شۇ پەيتتە قېيىقنى لەپەڭلىتىپ، شېرىن خىياللىرىمنى قوچۇۋەتتى. مېنىڭ ئالاقزادە بولغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. مەن نازلىنىپ:

— ئەسكى — ... دېدىم — دە، ئۇنىڭ پۇتىنى چىمدىپ قويدۇم.

ئۇمۇ قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ، يەنە تېزلا تارتىۋالدى. ئۇ خېلىغىچە گەپمۇ قىلماستىن، ماڭا مەستۇ — مەستانە بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ياغاچتەك قېتىپلا ئولتۇرىدىغان ھېسسىياتسىز ئادەمكەن دەپ ئويلاپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىمۇ قانداق، ماڭا چاقچاق قىلماقچى بولدى. ئۇ كۆل سۈيىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، ئېگىزگە ئاتتى. قايتىپ چۈشۈۋاتقان مونچاق — مونچاق سۇنى ئالقىنى بىلەن كەينىگە ياندۇرۇپ ئۇردى. بىزنىڭ قېيىقتىكى شادىمان دۇنيايىمىزغا يامغۇر ياغدى. مەن تۈگۈلۈپ، ئىككى قولۇم

بىلەن بېشىمنى قامالىۋالدىم. قوڭغۇراق ئۈنىدەك شوخ كۈلكەم ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ھەرىكىتىم، كۈلكەمدىن خۇشال بولۇپ، سۇنى بوينۇمغا، ئاندىن يوتامغا چاچقىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ مۇزدەك بارمىقى تېقىمىمغا تېگىپ كەتتى. شۇ نۇقتىدىن تارالغان شېرىن سېزىم يۈرىكىمگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن بىر قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش تەشنالىقىدا تاقىتىم تاق بولۇپ توختىماستىن تولغاندىم. ئەمما، ئۇ ئالدىمدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. يۈرىكىمنىڭ تەشنالىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزۈمنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ قېيىققا يۆلۈنۈپ ياتتىم. ئېھتىمال، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى يېتىلگەن بىر جۈپ كۆكسۈمدىدۇ ياكى... تۇيغۇمدا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەس بىر توساق باردەك قىلاتتى. لېكىن، بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم ئىدى. ئاران ئېرىشكەن بۇ گۈزەل كېچىدە ئىككى يۈرەكنىڭ ئارماندا قېلىۋاتقانلىقىنى تەن ئېلىپ، ئەتراپىمغا مەيۈسانە باقتىم. بىر — بىرىمىزگە مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇرىۋېرىشتىن بىردىنلا يۈرىكىم سىقىلغاندەك بولدى.

— كۆلدە بىزلا قالغاندەك تۇرىمىز، چىقىپ كەتسەك قانداق دەيسىز؟

ئۇ شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىتائەتمەنلىك بىلەن قېيىقنى قىرغاققا ھەيدەپ ماڭدى. باغچىدا ئادەملەر ئاز قالغان ئىدى. مەن ئۈن — تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. مېنىڭ باغچىدىن چىقىپ كەتكۈم يوق ئىدى. مۇمكىن بولسا، مۇشۇنداق گۈزەل، شېرىن دۇنيادا مەڭگۈ ياشاپ قالغۇم كېلەتتى. باغچا ئىشىكىدىن چىقساقلا مېنىڭ بۇ دۇنيايىمنى رەھىمسىز دۇنيا يۇتۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى تۇيغاندەك

يول بويىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا قاراپ ماڭدى. ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى بىر — بىرىمىزگە تەلپۈنۈپ، هاياجان ئىلكىدە سوقماقتا ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز قولۇمنى كاپپىدە تۇتۇپ، يۈتىسى ئۈستىگە ئالدى. توك تەپكەندەك ئەندىكىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىيا باقتىم. ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنداق غەمكىن، بەكمۇ مىسكىن ئىدى. شۇ ئەسنادا ئالدىمىزدىن ئىككى ئادەم ئۆتۈپ كېتىۋېدى:

— كەچۈرۈڭ، قولىڭىزنى تۇتۇپ، هۆرمەتسىزلىك قىلدىم، — دېدى ئۇ دەردمەن ئادەمدەك چوڭقۇر ئۇھسىنىپ،

— خاپا بولماڭ، مەنمۇ بىر ئوغۇل — دە. سىز بىلەن ئىككى سائەت بىرگە بولۇپ، قولىڭىزنىمۇ تۇتماي كېتىپ قېلىشتىن خىجىل بولدۇم.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدىم بېشىمنى چايقاپ. ئۇنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەپۇ سورىشى تامامەن هاجەتسىز ئىدى. ئۇ هازىرغىچە مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەپتۇ — دە. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ئەخلاقسىز نېمىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، مۇشۇنداق ئېغىر — بېسىق، پەزىلەتلىك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قەلبىدە ماڭا بولغان مۇهەببەت هېسسىياتى پەيدا بولمىدىمۇ — يا؟ بولمىسا ئۇ نېمىشقا مېنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ؟ سىز بىلەن ئىككى سائەت بىرگە بولۇپ، قولىڭىزنىمۇ تۇتماي كېتىپ قېلىشتىن خىجىل بولدۇم دېگىنى نېمىسى؟ ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى تازا بىر لامزەللە نېمىكەن دەپ ئويلاپ قالماسلىقىم ئۈچۈنلا قولۇمنى تۇتقانمىدۇ ياكى ماڭا بولغان ئىنتىلىشىنى باسالماي قولۇمنى تۇتۇپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراۋاتامدىغاندۇ؟

يۈرىكىم چاڭقاق هالەتتە باغچىدىن قايتىپ چىقتىم. چوڭ كوچىدا يەنىلا ئادەملەر كۆپ ئىدى. كۈندۈزدەك يورۇق

كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئۇ بىر ئاز قورۇنغاندەك قىلدى. ئۇ ھەدەپ ئەتراپىغا قارايتتى. ئۇ بىرەر تونۇشىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتسا كېرەك. ئۇ تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىشىۋاتقان نومۇسچان قىزدەك نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئەسلىدە مەن خىجىل بولسام بولاتتى. ئۇ تا ھازىرغىچە بىرەرمۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان تارتىنچاق يىگىت ئوخشايدۇ...

بىز چوڭ يولدا بىرئاز مېڭىپ، بىر تار كوچىغا قايرىلدۇق. بۇ كوچا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يورۇق چوڭ يول بىلەن ماڭماي، مېنى بۇ قاراڭغۇ، توپىلاڭ يولغا باشلاپ ماڭغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ تونۇش — بىلىشلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتسا كېرەك. مەن ئىمكان قەدەر ئۇنىڭغا يېقىنراق مېڭىپ، بەدىنىمنى ئۇنىڭ بەدىنىگە سۈركۈشىلىش ئىستىكىدە بولاتتىم. ئۇنىڭ قولىنىڭ قولۇمغا، يانپېشىمغا، كاسامغا تېگىشىنىڭ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ماڭاتتىم. بىراق، ئۇنىڭدا ھېچبىر ھەۋەس، ئىشتىياق قوزغالمىغاندەك بىرلا خىل ھالەتتە كېتىپ باراتتى. مەن بۇرۇنمۇ بۇ كوچىدىن بىر نەچچە قېتىم ماڭغان ئىدىم. بۇ كوچا شۇ قەدەر ئويمان — چوقۇر، پاسكىنا ئىدى. ئەمما، بۈگۈن كېچە ماڭا شۇنچە سىلىق، پاكىزە تۇيۇلۇۋاتاتتى. بىر دۇقمۇشتىن قايرىلىشىمىزغا چاقناپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى كۆرۈندى. ئەڭ ئاخىرقى سۆيۈملۈك مىنۇتلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. چوڭ يولغا تۇتاشقان بۇ قاراڭغۇ، خىلۋەت كوچا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن قىسقىراپ باراتتى. دوزاخقا كىرسەڭمۇ مەيلى، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سال، قانغىچە سۆيۈۋال. ئۇ سەندىن شۇنى كۈتكىلى نەۋاق. چاپسان بول! بۇ كېچە ئۆتۈپ

كەتسە، مەڭگۈ بىرگە بولالماسەن تېخى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما… قەلبىم شۇنداق نىدا قىلىۋاتقان چاغدا مېڭەمدىن تارقالغان دۇلقۇنلار ئۇنىڭمۇ مېڭىسىدە ئاشۇنداق خىياللارنى پەيدا قىلغان بولسا كېرەك. ئۇ ئىختىيارسىز مېڭىشتىن توختىدى. مەنمۇ ھېچبىر ئىلتىجاسىزلا توختاپ، بېشىمنى سالغانچە تۇرۇپ قالدىم. بىردىنلا ئۇنىڭ چىڭقىلىپ كەتكەن قوللىرى نازۇك بېلىمگە چىرماشتى…

يۇرىكىم ھېلىراقتىكى سۆيۈشۈشنىڭ لەززىتىدە تېپچەك ئۇرۇپ، كۆكرەك قەپىزىمگە پاتمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم سۆيۈشكەن شۇ پەيتتە خىجىل بولۇپ چىرايىغا قارىيالمايتتىم. ئۇ مېنىڭ ھالىتىمدىن خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغاندەك تۇراتتى.

— خاپا بولۇۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ يالۋۇرغاندەك تەلەپپۇزدا، — بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن. يۈزۈمگە چاڭگىدە بىرنى سېلىڭە! خۇش بولۇپ كېتەي، ئۇرىڭە! ئەستا … مۇنداق قىلمىسام بولاتتى…

ئەخمەق، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغاندۇ — ھە؟ بۇ سۆزلەرگە جاۋابەن، گەپ قىلماستىن ئۇنىڭ قويىنىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، بويىنىغا مەھكەم گىرە سالدىم. مېنىڭ كۆڭۈل — كۆكسۈمدىن خالاپ قۇچاقلىغىنىمدىن ئۇنىڭ غەم — ئەندىشىلىرى يوقاپ كەتكەندەك قىلدى. ئۇ مېنى ئىشتىياق بىلەن سۆيۈۋاتقان شۇ پەيتتە ئۇنىڭ تېنىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

— مېنى ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ—… دېدىم مەن يالغاندىن باتناپ، — نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟

— مەن ئەمەلىي ھەرىكىتىمدە ئىپادىلىسەملا بولىدىغۇ. ھازىر مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېسەممۇ ئىشىنىشىڭىز

ناتايىن. شۇڭا سۆزۈمگە ئەمەس، ھەرىكىتىمگە قاراڭ.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلالمىدىم. شېرىن دەقىقىلەر ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. يۈرەكلەر تېخى بىر — بىرىگە قانمىغان ئىدى. ئۇ تويۇنمىغان لېۋىمنى ئۆزىگە قاراتتى. خۇمارلاشقان كۆزلەر يەنە يۇمۇلدى... ئارقا تەرەپتىن ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىرەيلەن كېكىرتىكىنى قىرىپ يۆتەلدى. ئۇ ھېچقانداق تىۋىشنى ئاڭلىمىغاندەك مېنى قويۇپ بەرمەيتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاستا سىيرىلىپ چىقتىم — دە، چوڭ كوچىغا قاراپ يۈگۈردۈم. كەينىمدىن ئۇنىڭ ئىلتىجاسى ئاڭلاندى:

— ئەمدى قاچان كۆرۈشىمىز؟

— مۇشۇنىڭغا رازى بوپ تۇرۇڭ!

چوڭ يولغا چىقىپ دۇقمۇشتىن قايرىلىدىغان چاغدا ئىختىيارسىز كەينىمگە قايرىلدىم. ئۇ ئورنىدىن قوزغالمىغان بولۇپ، ھەدەپ تاماكا چېكىۋاتاتتى.

ئۆيگە بەك كەچ قالسام، ئاتام ئاچچىقلايتتى. بۈگۈنمۇ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولدى — دە. ئۆيگە يېقىنلاشقانچە جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. بۈگۈن ئاخشامقى ئىشنى ئاتا، ئاپام بىلىپ قالىدىغاندەك ئۆزۈمچە ئوڭايسىزلىناتتىم. لېۋىمدە ئۇنىڭ لېۋىنىڭ ئىزى قالغاندەك تۇيۇلاتتى. قول ياغلىقىم بىلەن لېۋىمنى نەچچە قېتىم سۈرتتۈم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە يەنە ئەندىشە...

ئۆيلەر قاپ — قاراڭغۇ ئىدى. چىراغنىمۇ ياندۇرماستىن، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، ئاستا يېتىۋالماقچى بولدۇم.

— قەيەرگە باردىڭىز، قىزىم؟ — دېدى ئاتام مېنىڭ كىرگەنلىكىمنى تۇيۇپ. ئۇ ئورنىدىن قوپقاندەك قىلدى، — قىز

بالا دېگەن مۇشۇنداق يېرىم كېچىلەردە سىرتلاردا يۈرسە قانداق بولىدۇ؟

— بىر دوستۇمنىڭ... ئۆيىگە بارغان. قايتاي دېسەم تۇتۇۋېلىپ...

— تېلېفون ئۇرۇپ، بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ قارىڭا، سائەت ئون بىر بولاي دەپ قاپتۇ. بۈگۈن سىزگە ئېنىق دەپ قوياي، بۈندىن كېيىن كېچىدە سىرتقا يالغۇز چىقماڭ!

ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. بۈگۈن ئاتام ئەجەپ ئاچچىقلاپ كەتتى — ھە؟ ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيدىمۇ نېمە؟ ئاتامنىڭ قاتتىق گەپلىرىدىن قىلچە رەنجىمىدىم. ئۇنىڭ ئاتىلىق سالاھىيىتى بىلەن ماڭا ئاشۇنداق تەلەپ قويۇشى يوللۇق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مېنى ئاخشىمى سىرتقا يالغۇز چىقمايسىز دېگىنى بىرئاز ئېشىپ كەتتى. كۈنلەر ئۇزۇن، ياشلارنىڭ ئاتا — ئانىسىدىن مەخپىي تۇتىدىغان ئىشلىرى بولمامدۇ.

نامان ھەدېگەندە ئۆيگە تېلېفون ئۇرىدىغان بولىۋالدى. شۇنداق چاغدا تېلېفوننى ئاتام يا ئاپام ئېلىپ قالمىغىدى دەپ يۈرىكىم سۇ. كىم بىلىدۇ، ئۆيدە مەن يوق چاغلاردا ئۇلار سۆزلىشىپ قالدىمۇ تېخى. ئاتامنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا سۆز ئاچمىغىنىغا قارىغاندا ئۇنداق ئىش بولمىغاندەك تۇراتتى.

بۈگۈن يېرىم كېچىدە تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. كېچىدىكى تىمتاسلىقتا تېلېفوننىڭ ئۈنى شۇنداق قاتتىق ئاڭلاندىكى، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىگەن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ ياتتىم. ئاتام ئورنىدىن قوپۇپ، تىروبكىنى ئالدى.

— ۋەي؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ...

— ۋەي! سىز كىم؟

— تىت، تىت، تىت ...

— يېرىم كېچىدە ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ — ... دېدى ئاتام تىرويكىنى تاراقشىدە قويىۋېتىپ.

نامان بولمىغىدى — ھە؟ ئەتە ئۆنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ، قاتتىق گەپ قىلمايدىغان بولسام... ئاپامۇ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى.

— كىمكەن؟ — دېدى ئۇمۇ نارازى بولۇپ.

— تاڭەي؟ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قويىۋەتتى. مۇشۇ كۈندە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان غەلىتە تېلېفونلار جىقلاپ كەتتىغۇ تاڭ؟

بۇ چوقۇم نامان. ئۇ ئاتام بىلەن سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ — دە، جېنىنى ئالمىغاندىكىن گەپ قىلسا بولمامدۇ، يا بىز خاتا ئىش قىلمىساق. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاتام، ئاپامغا ئۇقتۇرسام قانداق بولاركىن؟ شۇ چاغدا ئاخشاملىرى مېنىڭ سىرتقا چىقىشىمنى چەكلەپ كەتمەيتتى. ئۇ مېنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئالغىلى كەلسە، قايتىشىمىزدا يەنە ئەكېلىپ قويسا، بىخەتەر بولاتتى. ئاتام، ئاپاممۇ غەم قىلىپ ئولتۇرمايتتى. لېكىن، خىجىل بولماي، بۇ گەپنى ئاغزىمدىن قانداقمۇ چىقىرارمەن؟ مېنى ئەرگە تېگىشكە شۇنچە ئالدىراپ كەتتىڭمۇ دېمەمدۇ؟ ھېلىمۇ يىگىرمە ياشقا كىرىپ قالدىم. ئاتامغۇ ئېغىز ئېچىشنى ئەپسىز كۆرسۇن، ئاپاممۇ پۇتۇشكەن لايىقىڭ بارمۇ دەپ ئەجەپ سوراپمۇ قويمايدا. ئۆگەي ئانا دېگەن، بەربىر ئۆز ئانىسىغا يەتمەيدۇ — دە. ئاتاممۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراپ يۈرگىنى يۈرگەن. مۇشۇ قىزىمنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ قوياي

دەپ خىيالمۇ قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ كۈندە ياخشى يىگىتلەرنى تاپماق تەس بولۇپ كەتتى. ھەممىسىنى بىر — بىرىدىن چىرايلىق قىزلار ئىگىلەپ بولغان. قايسىسىنى سۈرۈشتۈرسە، ھەممىسىنىڭ ئىگىسى بار. سەللا پەخەس بولمىسا، قولىدىكى يىگىتىنىمۇ تارتىپ كېتىدىغاندەك، نامانىنىڭ ئۆزى قاملاشقان، خىزمەت ئورنى ياخشى، مائاشىمۇ يۇقىرى. ئۇنى ھەر ئامال بىلەن چىڭ تۇتمىسام، باشقىلار تارتىپ كېتىشى مۇمكىن...

يېرىم كېچىدە كەلگەن تېلېفوننىڭ كاساپىتىدىن تۇزۇك ئۇخلىيالمىغاچقا، سەھەردە ھارغىن ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىشخانىغا كېلىپمۇ ھېچ ئىشقا قولۇم بارمىدى. ئىشخانىدا يالغۇز قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، نامانىغا چاقىرغۇ قىلدىم. مىنۇت ئۆتمەي، ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى.

— ۋەي، نامانما؟

— ھەئە، مەن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشى ئەمەس. يېرىم كېچىدە تېلېفون ئۇرۇپ ئادەمنى ئۇخلاتمىدىڭىز، قانداقمۇ ياخشى بولسۇن. ئەدەپسىز، شۇنداقمۇ قىلامسىز؟

— ھا ... ھا ... ھا ... كەچۈرۈڭ. ئاخشام بىر تويغا بېرىپ قايتىشىمدا مەست بولۇپ قېلىپ، شۇنداق بولمامدۇ. سىزنى سېغىنىپ دەڭا.

— دائىم مەست بولغاندا ياد ئېتەمسىز؟ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. ئەمدى ھەرگىز ئۆيگە تېلېفون ئۇرماڭ. بولۇپمۇ كېچىسى ئۇرماڭ. سىزمۇ ھەدېسە ئۆيگە تېلېفون ئۇرىدىغان بولىۋالدىڭىز. چوڭلار قانداق ئويلاپ قالىدۇ ... نېمە بولدىڭىز، گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— سىزنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. كەچتە ئىشتىن

چۈشكەندە ئالغىلى بارىمەن. كەتمەي تۇرۇڭ — ھە.

— بولمايدۇ، ئىدارىدىكىلەر بىلىپ قالىدۇ. ئىككىمىز توي قىلغىچە ھېچكىم ئۇقماي تۇرسۇن. خوش ئەمىسە.

ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. ئىشخانىغا بىرەرسى كىرىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، تىروپكىنى ئالدىراپلا قويىۋەتتىم. ئۇنىڭمۇ ماڭا ئېيتىدىغان سۆزلىرى يىغىلىپ قالغان بولغىيتتى.

ئۇ مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن گەپنى دەپ باقمىدى. ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى يوق بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ تازا قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئاتامنىڭ مېنى ئاخشىمى سىرتقا چىقمايسەن دېگىنى يامان بولدى. كۈندۈزى خىزمەت بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كەتكەن. ئاخشىمى خۇش ياقسا — ياقمىسا، تېلېۋىزۇرغا قاراپ ئولتۇرغان. كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتىۋەرسە، ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسسىيات سۇسلىشىپ كەتمەسمۇ؟ ئۇنى باشقا بىرەر قىز ئۆزىگە قارىتىۋالماسمۇ؟ ئۇنىڭ بۇرنىغا نوختا سېلىشنىڭ بىرەر ئامالى يوقمىدۇ؟ ئاتا — ئانىڭىز ئۆيىمىزگە داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ قويسۇن دېگەن گەپنى ئاغزىمدىن قانداق چىقىرىمەن؟ ئۇ ھازىرغىچە توي قىلىش توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى. ئەگەر ئۆيگە سولىنىپ ئۆتىۋېرىدىغان بولسام، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا ياكى يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ، ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشۇم كېرەك.

مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ بىلەن پەقەت تېلېفوندىلا كۆرۈشەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆيدە تېلېفون جىرىڭلىسا، يۈگۈرۈپ بېرىپ مەن ئالىمەن. تېلېفون كېلىپ قېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىمەن. ھەرقانداق چاغدا تېلېفون

جىرىڭلىسا، ئالدى بىلەن يادىمغا ئۇ يېتىدۇ. ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭغاچاقىرغۇ بېرىپ ئۇزاقتىن — ئۇزاق سۆزلىشىۋالىمەن. تېلېفوندا سۆزلىشىش يەنىلا يۈزتۇرانە كۆرۈشۈشكە يەتمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنسېرى سېغىنىشىم، مۇھەببىتىم كۈچىيىپ باراتتى.

بۈگۈن شەنبە. ئاتام، ئاپاملار ئۇكىلىرىمنى ئېلىپ ئەتىگەندىلا يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە تويغا كەتكەن ئىدى. مېنىڭ يازىدىغان ماتېرىيالىم بولغاچقا، ئۆيگە قارىغاچ قېپقالغان ئىدىم. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. جاھان قاراڭغۇلاشتى. تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى بىلەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. چوقۇم ئۇنىڭدىن كەلدى. بۇمۇ ياخشى بولدى. مېنى ئۆيگە ئالغىلى كەلسە، بىردەم كوچا ئايلانساق ...

— ۋەي، نامانمۇسىز؟

— كىمۇ نامان دېگەن؟ قىزىم، مەن ... ئاتىڭىز.

— ھە! ؟ مەن ... مەن ...، — ئاپلا! ماۋۇ چاتاقنى. ئاتامنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ سالدىم ئەمەسمۇ؟ ئۇ گۇمانلىنىپ قالدىغان بولدى — دە، — قاچان قايتىپ كېلىسلەر؟

— تۇغقانلار قويۇپ بەرمىدى. بىز بىلەن بىرگە كەلسىڭىز ياخشى بوپتىكەن. ئۆزىڭىز ئۇنىماي تۇرۇۋالدىڭىز. سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم، قىزىم. ئۆيدە يالغۇز ياتماڭ. ھازىر جەمئىيەت قالايمىقان، يامان ئادەملەر كۆپ، گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىدىم.

— خوش ئەمىسە، قىزىم.

— خوش، ئاتا ...

ئاتام قىلغان بىرمۇنچە نەسىھەتلەر مېنىڭدە ئۇنىڭ

ئەكسىسىنى قىلىپ بىقىشتەك شەيتان ۋەسۋەسىسىنى ئويغاتتى. سىرتقا چىقسام نىمە بوپتۇ. خەق مىنى ھاپلا قىلىپ يۇتىۋەتمەس. ھىلىمۇ ئىشخانا بىلەن ئۆيدىلا ئولتۇرۇپ زىرىكىشتىن ئۆلەي دىدىم. ئۇنىڭغا خەۋەر قىلايمۇ قانداق؟ بىر قارارغا كىلەلمەي، خىلىغىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاخىرى ئۇنىڭ چاقىرغۇسىغا «مەن ئۆيدە يالغۇز، كىلەمسىز!» دەپ سۆز قالدۇردۇم.

يىرىم سائەت ئۆتە — ئۆتمەي، ئىشىك ئالدىدا ئادەمنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سىلىشقا باشلىدى. ئاياق تىۋىشى ئىشىك ئالدىدا توختىدى. كەلدى، چوقۇم شۇ. ئىتتىك بىرىپ، ئىشىكنى ئاچتىم — يۇ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئىشىك ئالدىدا نامان ئەمەس، ئاتام، ئاپاملار تۇراتتى.

— نىمە؟ كۆزىڭىز چەكچىيىپ كەتتىغۇ؟ سىزنىڭ يالغۇز قالىسىڭىز مۇشۇنداق قورقىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، قايتىپ كەلدۇق،— دىدى ئاتام ئۆيگە كىرىۋىتىپ،— سىزگە تىلىفون بىرىۋىتىپ تۇرساق، شەھەرگە كىرىپ كىتىدىغان تەييار ماشىنا چىقىپ قالدى. سىزدىن خاتىرجەم بولالمىدىم. سىزنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، قانداقمۇ ئۇيقۇم كەلسۇن.

ئاتامنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. پۈتۈن ئەس — يادىم ناماندا ئىدى. ئۇمۇ ھازىرلا يىتىپ كىلىدۇ. قانداق قىلسام بولار؟ ئۆيدىن تىلىفون ئۇرغىلى بولمايدۇ. چاپسان سىرتقا چىقىپ، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىۋىتەي ... شۇ خىيالدا كوچىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بۈگۈن ئاخشام خۇدايىم بىر ساقلىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا ئاتاملار كىلىپ قالغان بولسا، قانداقمۇ قىلاتتۇق — ھە؟ ئاتام بىر ئاخشام بولمىساق، قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭىزنى قاراڭ دىمەمدۇ؟

ئۇ چاغدا نومۇستىن ئۆلمەمدىم؟ بىر ئەركىشىنى ھەمراھلىققا چاقىردىم دېگىلى بولامتىمۇ؟ بۇگۈن ئىككى قېتىم ئاتام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تويۇپ، مېنى پەرىشتىدەك قوغداۋاتسا كېرەك. بۇگۈنكى ئىشنى نامانغا كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويارمەن ...

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشسەم، نامان ئىدارىنىڭ ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپىمغا بىر قۇر قارىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ كەيپىياتى يەنىلا شۇنداق سولغۇن، بەكمۇ مىسكىن ئىدى. ئۇ نېمىشقا ھەر دائىم مۇشۇنداقتۇ؟ ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر دەرد — ھەسرىتى باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە نېمە كەملىك قىلىۋاتىدىكىنتاڭ؟ مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىدا سۈس تەبەسسۇم پەيدا بولدى — يۇ، يەنە ئۆزىنىڭ غەمكىن ھالىتىگە قايتتى. مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىش ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشى كېرەك ئىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بارغانسېرى ئېغىر مۇڭ — ھەسرەتنىڭ ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن قانداق قىلسام، ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇ ھەسرەت تۇمانلىرىنى تارقىتىۋېتەلەرمەن؟ ئۇن — تىنسىز ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. موتسىكلىت ئىككىمىزنى ئېلىپ، شەھەر كوچىسىدا يۈرۈپ كەتتى.

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟

— سىزدىن نېمىشقا رەنجىيتتىم.

— ئەمىسە ... چىرايىڭىز نېمىشقا سولغۇن؟

ئۇ چوڭقۇر ئاھ ئۇرۇپ:

— بۇنى سورىماڭ — ... دېدى ھەسرەتلىك ئۇندە.

ئۇ راستىنلا مېنىڭدىن بىر ئىشنى يوشۇرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ نېمىشقا ھەر دائىم مۇشۇنداق پەرىشان يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ بىرەر خەتەرلىك كېسىلى بارمۇ يا؟ ئادەم

دېگەننى ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. كېسەل ياش — قېرى دەپ ئايرىپ تۇرمايدۇ ... خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، نەگە كېلىپ قالغىنىمىزنى تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ مېنى بىر ناتونۇش ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

— بۇ بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيى، — دېدى ئۇ مېنىڭ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، — ئۇ بالىلىرىنى ئېلىپ سەھراغا كەتكەن. سىز بىلەن بىردەم — يېرىم دەم پاراڭلىشارمىزمىكىن دەپ ... ئاچقۇچنى ئېلىۋالغان.

— ئاتام ... مەن ...

ئۇ ھويلا ئىشىكىنى ئېچىپ، موتسىكلىتىنى يېتىلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ تېخىچە كوچىدا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ:

— چاپسان بولسىڭىزچۇ!؟ — دېدى ئالدىرىتىپ.

— مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇڭ — ... دېدىم تارتىنىپ.

نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ناتونۇش ئۆيگە كىرىشكە كۆڭلۈم تارتمايتتى. بۇ ئۆيگە كىرسەملا مېنى بىر پالاكەت باسىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. بۇرۇنمۇ كۆڭلۈم تارتمىغان بىرەر ئىشنى قىلسام، كۆڭلۈم تارتمىغان يەرگە بارسام، ئۇنىڭ نەتىجىسى خەيرلىك بولمىغان ... ئۇ يېنىمغا كېلىپ:

— بىزنى بىرەرسى كۆرۈپ، سۆز — چۆچەك قىلسۇن دەمسىز؟ — دېدى — دە، يېڭىمدىن تارتىپ، ھويلىغا ئېلىپ كىردى.

كۆز ئالدىمدا باغ — ۋارانلىق چىرايلىق ھويلا نامايان بولدى. باغدا ئۈرۈك، چىلان، نەشپۈت دەرەخلىرى بۈككىدە ئۆسۈپ كەتكەن. ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە خىش يېيىتىلغان بولۇپ، پاك — پاكىزە تازىلانغان. ئۈزۈم بارىڭى سايىسىگە ياغاچ كارىۋاتلار قويۇلغان. تام ياقىلىرىغا رەڭگا — رەڭ گۈللەر

ئېچىلغان تەشتەكلەر تىزىلغان ... بۇ چىرايلىق باغلىق هويلىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۆيگە بوسۇق ئاتلاپ كىرىپ، ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ياغاچ پول سىرلىۋېتىلگەچكە، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىك، دېرىزە، تاملىرى چىرايلىق بېزەلگەن ئىدى. تاملاردا رەڭگا — رەڭ گىلەملەر ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. تورۇسقا قىممەت پۇللۇق زىننەت چىراغلىرى ئورنىتىلغان ئىدى. هەممە ئۆينىڭ پەگاسى، دېرىزە تەكچىسىدە بۇككىدە ئايىنىغان، ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ... پاھ! بۇ، داچىنىڭ ئۆزىلىكەنغۇ ... بۇ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان خەقلەر قانچىلىك بەختلىكتۇ — هە؟

— قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — قانداق تەسىراتتا بولىۋاتىسىز؟

مەن هەيران بولغانلىقىمنى قىلچە يوشۇرمىدىم:

— دوستىڭىز بەك باي ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق ... ئەمما ... ئۇ بەختلىك ئەمەس ... ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بوش، قۇپقۇرۇق. ئەگەر بار دېسە، تەنهالىق دەردى — ھەسرىتىلا بار ... ئۇ ئايالىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ ئۆيلەرگە قارىسىڭىز، پادىشاھنىڭ قەسرىدەك شۇنچە هەشەمەتلىك، لېكىن، ئىنتايىن قۇرۇق هەم سوغۇق. مۇھەببەت بولمىغان ئۆينى قانچە قىلىسىڭىزمۇ، بەرىبىر تولمايدىكەن، ئىللىمايدىكەن، — ئۇ تاماكىسىنى نەچچە قېتىم كۈچەپ شورىدى، — بولدىلا، كۆڭۈلنى غەش قىلىپ، مۇنداق گەپلەرنى دېيىشمەيلى ...

ئۇ يەنە شۇ سۇلغۇن، غەمكىن هالىتىگە قايتتى. مەن ئۇنىڭ چوڭقۇر هەسرەت بىلەن تىنغانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى سۆزلەۋاتامدىكىن دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ نەدىمۇ مۇنچىلىك ئۆيى بولسۇن. ئۇ ماڭا ئايالىنىڭ

بارلىقىنى ئېيتمىغان. مەن گۇمانىمنى يوشۇرالماي:
— بۇ ... ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى ئەمەستۇ — ھە؟ — دەۋەتتىم.
— مېنىڭ ئۆيۈم؟! — ئۇ غەمكىن ھالىتىنى بۇزۇپ، خۇددى تىمتاسلىقتا بومبا پارتلىغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — مېنىڭ ئۆيۈم ... مېنىڭ بۇنچىلىك ئۆيۈم بولغان بولسا، بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى. بوپتۇ، شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، قېنى دەڭا، بۇنى مېنىڭ ئۆيۈم دېسەم، ئىشىنەرسىزمۇ؟ قەتئىي ئىشەنمەيسىز. قارىڭا سىزنى، نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭىز. تەسەۋۋۇرغا بەك بايكەنسىز جۇمۇ؟ مەن سىزگە قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتارمەنمۇ؟
ئۇ تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا بېسىپ مىجىۋەتتى — دە، ئورنىدىن تۇردى.
— بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرىڭە، قاراپ باقاي، ئىچكىدەك بىر نەرسە بارمىكىن، — ئۇ ئىشىك تۈۋىدە توختاپ، كەينىگە قايرىلدى، — قىزىل ھاراقتىن ئازراق ئىچىپ قويامسىز؟
مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.
— ياق، ياق ... بولمايدۇ. دەرھال قايتمىسام، ئاتام ئەنسىرەپ كېتىدۇ.
— ئاتام، ئاتاملا دەيدىكەنسىز، بىزنىمۇ ئازراق ئويلاپ قويسىڭىز بولامدۇ؟ ھېلىمۇ بىز كۆرۈشمىگىلى نەۋاق؟ مەن بۇنداق يۇرۇشكە چىدىمىدىم. ئاخشىمى ئۆيىڭىزدىن سىرتقا چىقمىسىڭىز، سىزنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كېتىدىكەن. بۈگۈن ئاران بىر كۆرۈشكەندە يەنە كېتىمەن دەپ ئالدىراۋاتىسىز. بۇنداق قىلسىڭىز ... كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. ھە راست، ئۆيىڭىزگە تېلېفون ئۇرۇپ قويسىڭىز بولامدۇ؟ قاراڭ، تېلېفونمۇ يېنىڭىزدىلا تۇرامدۇ.

قانداق قىلسام بولار؟ ئۇنىڭ مەندىن ئاغرىنىشى ئورۇنلۇق ئىدى. مۇشۇ تاپتا كېتىپ قالسام، ئۇ چوقۇم رەنجىيدۇ، ئازراق كېچىكىپ قالسامۇ ھېچنېمە بولماس. بىر ەر باھانە كۆرسىتىپ، ئاتامنىڭ سورىقىدىن ئۆتۈپ كېتەرمەن ...

— ئۇرمامسىز؟ كېلىڭە، مەن ئۇلاپ بېرەي، — ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستى، — مەڭ.

— ۋەي، ۋەي؟ سىز كىم؟

تېلېفوندىن ئاپامنىڭ ئۇنى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەمدى تىروپكىنى ئالمىسام بولمىدى.

— مەن ... مەلىكە. ئاتام بارمۇ؟

— تېخى قايتىپ كەلمىدى.

— مۇنداق ئىشتى، ئاپا. يولدا بىر دوستۇم ئۇچراپ قېلىپ، ئۆيىدە بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ دەپ تۇتىۋالدى. ئاتام كەلگەندە دەپ قويىسىز، كەچ قالىدىغان بولدۇم. خوش ئەمىسە.

— ئەمدى ياخشى بولدى، خاتىرجەم ئولتۇرىدىغان بولدۇق تە، — ئۇ مەڭزىمگە سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۆيدىكى نەرسىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ھەممە نەرسە جاي جايىدا شۇنداق رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تەرتىپلىك ئۆتسە كېرەك. بىراق، نامان باشقىچىلا بىر گەپلەرنى قىلىدۇ — ھە؟ گۈلدەك ئۆيى بار ئادەممۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلامدىكىنا؟ نامان توغرا دەيدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى كۆڭۈل. كۆڭۈل تويۇنمىسا، ئۆينى مىڭ ياسىغان، بايلىقلا تولدۇرۇۋەتكەن بىلەنمۇ بىكار. بىچارە خوتۇن ... پەقەت ئۆينى سۈرتۈپ، رەتلەپ، گۈللىرى بىلەن سىردىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرسا كېرەك. ئۇ ئايالغا مۇنچىلىك قىلىپ

نىمە كەپتۇ. مۇھەببەت بولمىغان مۇنداق سوغۇق، چىرايلىق دوزاخنى تاشلاپ چىقىپلا كەتمەي. نەچچە يىل تۇتقان ئۆيى — دە، بەلكىم، يەنە شۇ باللىرىغا تارتىشىدىغاندۇ. خۇددى پەرىشتىدەك ئېرىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇققانلىقىغا چىدىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى باللار ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل ...

— خىيالچان ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە ئاران مۇشۇ نەرسىلەر بار ئىكەن.

ئۇ شىرەگە مېۋە — چېۋىلەرنى تىزدى. بىر بوتۇلكا ئاق هاراق، بىر بوتۇلكا قىزىل هاراقنى تىكلەپ قويدى. ئالدى بىلەن ئۆزىگە بىر رومكا ئاق هاراق قويدى، ئاندىن بىر رومكا قىزىل هاراق قۇيۇپ، ماڭا سۇندى.

— كەچۈرۈڭ! — دېدىم رومكىنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ.

— ئىچمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. يۈزۈمنى قىلىڭ!

هازىر شەھەرلىك قىز — ئاياللار ئۇچۇن قىزىل هاراق ئىچىش مودا. بۇنى كىشىلەرمۇ ئانچە ئەيىپ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى، رومكىنى ئېلىڭە!

— مېنى خىجىل قىلماڭ.

— ئىچمىسىڭىز رەنجىپ قالىمەن جۇمۇ؟! مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمامسىز؟

تەڭقىسلىق ئىچىدە ئىككىلىنىشكە باشلىدىم. ئىچىپ كۆرۈپ باقايمۇ يا؟ هازىر نۇرغۇن قىز — چوكانلار ئىچىپ يۈرمەمدۇ؟ ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىلا شاللاق، بۇزۇق ئەمەسقۇ؟ مەست بولغىدەك ئىچمىسەملا بولمىدىمۇ؟ ئۇ داۋاملىق زورلاپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا خۇددۇمنى بىلمەي، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويسام، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىمۇ ئاشۇنداق نىيەتنى يوق دېگىلى

بولاتتىمۇ. بىر رومكا، پەقەت بىر رومكىلا ئىچىپ توختاپ قالاي... قولۇمنى سۇنماقچى بولۇپ، دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بىر رومكا ھاراق ئۆتكەن گالدىن يەنە بىر رومكىمۇ ئۆتمەي قالمايدۇ...

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟ قولىڭىزغا غاچچىدە ئېلىڭە، سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي.

— نېمانداق زورلاۋېرىسىز؟! مۇنداق قىلىدىغان ئىشىڭىز بولسا، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ!

— بولدى، بولدى، رەنجىمەڭ، — ئۇ ئالدىراپ يېنىمغا كېلىپ، ئىككى مۇرەمدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، —ئاچچىقىڭىز خېلى باركەن جۇمۇ؟ ئۇنداق بولسا، مەن يالغۇز ئىچەي، ئاپلا! سىزگە تېخىچە چايمۇ قۇيمىغىنىمنى قاراڭ. چەينەكنى ئوچاقا قويۇپ ئۇنتۇپلا قاپتىمەن. سىز مېۋىلەردىن يېگەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ — ھە.

ئۇ ئالدىراپ — تېنەپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئاشخانىدىن قاچىنىڭ يەرگە چۈشۈپ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم — دە، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم. ئىشىكتە ئىككىمىز دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. مېنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە... ھېچنېمە بولمىدىم. نەگە بارىسىز؟

— قولۇمنى يۇيۇۋېتەي.

قولۇمنى سۇرتىۋېتىپ، دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان ئىككى قۇتا دورىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قىزىقىپ ئۇنى قولۇمغا ئالدىم «ئەندىڭ»، «سۇكېيەن» بۇ ھەر ئىككىسى ئۇيقۇ دورىلىرىغۇ؟

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ئۇنىڭ كىر گىنىنى تۇيماي قاپتىمەن. ئۇ ئىشىكتە ھاڭ — تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى.

— ئاغىنىڭىز ئۇخلىيالمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق... كۆرۈۋاتىسىز. ئاغىنەم مۇشۇنداق باي بولغىنى بىلەن دەردى تولا، ئۇ ماڭا ھەدېسە ئاخشىمى ئۇخلىيالمايمەن دەپ قاخشاپ بېرىدىغان.

ئۇنىڭغا ئىككى قۇتا دورىنى سۇندۇم. ئۇ ئىككى قۇتىنى بۇرۇنقى ئورنىغا قويۇپ قويدى.

— بۇ دورىلارنى سىز قانداق بىلىسىز؟

— ئۆتكەندە ئاتامىز بىر نەچچە ۋاق ئىچكەن.

ئاشخانىدىن قايتىپ چىقىپ، شىرە ئالدىغا كەلدۇق. ئىككى رومكا ھاراق ئۆز جايىدا تۇراتتى. ئىككى پىيالىگە چاي قۇيۇپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ھاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ رومكا تۇتقان قولى تىترەيتتى. ئۇ بوتۇلكىنى ئېلىپ، رومكىغا ھاراق قويىۋاتقان چاغدا قولى تېخىمۇ قاتتىق تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر تەپچىرەپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىنچى رومكىنى قولىغا ئالدى.

— خوش دېيىشىپ بەرمەمسىز؟ پىيالىنى ئېلىڭە. چېقىشتۇرۇپ ئىچىۋېتەيلى. چاينىغۇ ئىچەرسىز؟ خوشە!

پىيالىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ رومكىسىغا سوقۇشتۇردۇم. چاي سوۋۇپ ئىچكىدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ رومكىسىغا سوقۇشتۇرۇپ قويغاچقا، ئەدەپ يۈزىسىدىن بىراقلا ئىچىۋەتتىم. ئاغزىمدا دورىنىڭ تەمى قالدى. كۆڭلۈمگە بىردىنلا گۇمان چۈشتى. مېنى مۇگدەك باسقىلى تۇردى. نېرۋىلىرىم تورمۇزلىنىشقا باشلىدى. كۆز

ئالدىمدا چۈشتىكىدەك غۇۋا بىر مەنزىرە··· نامانمۇ، ئۆيمۇ توختىماستىن چايقىلاتتى. مېنى تۇتىۋېلىڭ! ئەجەپ ئۇيقۇم كەلدى··· بەكمۇ چارچاپ كەتتىم··· بولدىلا، كارىۋات قەيەردە؟ مەن ئۇخلايمەن··· ئۇخلايمەن. شۇنداق··· ئاشۇ كارىۋاتتا··· ئۇ مېنى ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇھ··· نېمانچە راھەت···

قانچە ۋاقىت خۇدۇمنى يوقاتقانلىقىمنى بىلمىدىم. ئۇيغۇنۇپلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. دېرىزە پەردىسى، گىلەم، ئىشكاپ، گۈل··· ھەممە نەرسە ناتونۇش. پەقەت قاچاندۇر بىر يەردە كۆرگەندەكلا. يېنىمدا بىر ئەركىشى يالىڭاچ ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ كىم؟ نامان!؟ قانداقلارچە ئىككىمىز بىر كارىۋاتتا ئۇخلاپ قالغان بولغىيتتۇق؟ مەن ئاندىن تۇغما ھالەتتە يېتىپتىمەن. ئاھ! خۇدا··· بۇ نېمە ئىش!؟ كىيىملىرىمىز ئەتراپقا قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان. ئۇ··· ئۇ مېنىڭ نومۇسۇمغا تەگكەن ئوخشىمامدۇ؟! ئەدىيالنى ئىتتىك قايرىدىم. كۆرپىدە قىزغۇچ قان دېغى··· تۇگەشتىم، قىزلىق قىممىتىم تۇگىدى. ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— ئۆھۆ··· ئۆھۆ···، — ئۇنىڭ نەپىسى سىقىلىپ، تېپىراپ ئويغاندى، — نېمە··· قىلىۋاتىسىز··· قويۇپ بېرىڭ···

ئۇ گېلىدىن قولۇمنى تارتىپ ئاجراتتى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، توختىماستىن يۆتىلەتتى. ئۇ چىرايىمغا قارىيالماي، بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇگۈن تۇنجى قېتىم كۆزۈمگە ئىنتايىن يىرگىنىچلىك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ···

— كەچۈرۈڭ!؟ سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى قانداقمۇ كەچۈرگىلى بولسۇن؟! سەن ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان ۋەھشى ھايۋانكەنسەن. سەن ياخشى كۆرگەن قىزىڭنى

مۇشۇنداق دەپسەندە قىلامسەن؟ سېنىڭغۇ مېنى ياخشى كۆرىمەن دېگىنىڭ يالغان! ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ھېچكىم مۇنداق خورلىمايدۇ. سەن نېمىشقا مېنىمۇ ئازراق ئويلاپ قويمايسەن!؟

— سىز بىلەن توي قىلسامىلا بولمىدىمۇ.

— نېمە؟ مەن بىلەن!؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن. ئەمدى بولدى، سېنىڭ قانداقلىقىڭنى بىلدىم. ساڭا بىر ئۆمۈر ئالدىنىپ يۈرۈشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن. سەن ھازىر مۇشۇنداق قىلدىڭ، كەلگۈسىدە قولۇڭدىن يەنە نېمە بالالار كەلمەيدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇستات ئالدامچىكەنسەن. ماڭا ئۇيقۇ دورىسى بېرىپ، نومۇسۇمغا تېگىپسەن. نوچى بولساڭ، رازىلىقىمنى ئېلىپ، ئويغاق ۋاقتىمدا قىلساڭ بولمامدۇ؟ ئوغۇل بالا ئەمەسكەنسەن. ئىست، ئىست... بۇ ئىشلار ئۆزۈمگىمۇ ئاز، ساڭا نېمانچە ئىشىنىپ كەتكەندىمەن؟ ئاخشام ئاشخانىدا ئۇيقۇ دورىسىنى كۆرۈپمۇ سېنىڭ يامان نىيىتىڭنى ئەجەپ بىلمەپتىمەن.

مېنىڭ پاكىزە بەدىنىم ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئاچكۆز، رەزگى نەزەرلىرىنى قاندۇرغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا قورۇنۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ كارىۋاتتىن شۇ يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇپ، كىيىملىرىمنى تېرىشتۇردۇم. ئۇنىڭ ئىشتىنىنى ئېلىپ، يۈزىگە قارىتىپ ئاتتىم.

— چاپسان قوپە! ساقچىغا بارىمىز.

ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا ئالدىراپ — تېنەپ كىيىملىرىنى كىيدى. ئالدىمدا تىزلىنىپ، ئىككى پۇتۇمنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇ بىچارىلارچە كۆزۈمگە تەلمۈرۈپ قاراپ:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسىڭىز...، — دېدى.

— سەن مېنىڭ يالۋۇرۇشلىرىمغا پەرۋا قىلغانمىدىڭ؟ سەن مەقسىدىڭگە يېتىش ئۈچۈن ئۇيقۇ دورىسى ئىچكۈزۈپ، مېنى بىھوش قىلىۋەتتىڭغۇ؟! سەن مېنىڭ رازىلىقىمسىز ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا كۆزۈمدىن ئىپادىلىنىۋاتقان نارازىلىق، يالۋۇرۇشلارغا نەزىرىڭنى سېلىپمۇ قويمىدىڭغۇ؟! سېنىڭ ئالدىڭدا مېنىڭ شۇنچىلىك قەدىر — قىممىتىم يوقمۇ؟! نەپسىڭنى دەپ، مۇشۇنداق خالىغىنىڭنى قىلساڭ بولامدىكەن؟! مېنىڭ ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىمنى، بەربىر دورىنىڭ كۈچى تۈگەپ ھوشۇمغا كېلىدىغانلىقىمنى، سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭدىن ھېساب ئالىدىغانلىقىمنى يادىڭغا كەلتۈرمىدىڭمۇ؟! تولا لاۋزىلاشماي تۇرە ئورنۇڭدىن!

— ساقچىغا مەلۇم قىلمايدىغانغا ۋەدە بېرىڭ.

— سەن نېمانچە بىچارە؟ سەن مۇشۇنچىلىكمىدىڭ؟

ئۇ سولىشىپ ئورنىدىن تۇردى. چېچىلىپ ياتقان كىيىملىرىنى تېرىشتۇرۇپ كىيدى. ساقچىغا مەلۇم قىلسام، ئۇنىڭغۇ تۈرمىگە سولىتىۋېتەرمەن، ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالارمەن. ئۇ قىلغان قىلمىشىغا لايىق جازاغا تارتىلىدۇ. لېكىن، مېنىڭچۇ نامىم سېسىيدۇ. ئۇ چاغدا تېخىمۇ يامان كۈنگە قالىمەن. قىزلىق ئىپپىتىمدىن ئايرىلدىم. ئەمدى باشقا بىر يىگىتنى تاپسام، ئۇ بۇنى بىلىپ قالسا، نە كۈنلەرگە قالارمەن؟ ئۇ ھازىر مەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمدى ماڭا ئۇنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلماقتىن باشقا نە چارە؟ ئۇ مېنى ئاياق — ئاستى قىلغان تۇرسا، يەنە قانداقلارچە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشارمەن؟ ئىپپەت — نومۇسۇمدىن ئايرىلىپ، بىردىنلا ئاجىزلاپ قالغانىدەك، قىممىتىممۇ قالمىغانىدەك سەزمەكتىمەن. ئەسلىدە بىز قىزلارنى ئۆزىمىزگە ئىشەندۈرگەن، چوڭ سۆزلەتكەن نەرسە ئاشۇ قىزلىق ئىپپەتكەن

ئەمەسمۇ؟ بىردىنلا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئىختىيارسىز يىغا تۇتتى. باياتىنقى ئەسەبىيلىكىم يوقاپ، كارىۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئاقتى. بىز قىزلار نېمانچە ئاجىز، نېمانچە بىچارە؟ بىزنىڭ قىممىتىمىز ئاشۇ قىزلىقىمىزغا باغلىق بولۇپ قالسا — ھە؟

— مېنى كەچۈرۈڭ. ئەسلى مەن بۇنداق قىلمىسام بولاتتى،— دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،— مەن مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزنى ئۆزۈمگە باغلىۋالماقچى بولدۇم. ئۇسۇلۇم توغرا بولماي قالدى. شۇنىڭغا ئىشىنىڭ، سىز بىلەن چوقۇم توي قىلىمەن. سىز مېنى تازا چۈشەنمەيسىز. مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئىنتايىن زېرىكىشلىك، سىز مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭىز. ئەمدى ئۆلسەممۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن.

ئۇ مېنى ئۆزىگە تارتتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، نېرى كەتتىم. يۈزى قىلىن، ئۇيالماستىن يەنە مېنى قۇچاقلىماقچى بولىۋاتقىنىنى؟ ئۇنى بۇنداق ئاسان كەچۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ نەچچە ئېغىز يالغان — ياۋىداق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، قايتىدىن قوينىغا ئۆزۈمنى ئاتسام، قىممىتىمنى تېخىمۇ چۈشۈرگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇ مېنى قىلچە كۆزگە ئىلماستىن، رازىلىقىمنىمۇ ئالماستىن، ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدىغۇ؟ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگىمۇ ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ھازىرقى ئادەملەر ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن قىلچە ئۇيالماستىن يالغان ۋەدىلەرنى بېرىۋېرىدۇ. ھەتتا خۇدانىڭمۇ غەزىپىدىن قورقماي، ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەملەرنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇ مەن بىلەن توي قىلىش ۋەدىسىدىنمۇ يېنىۋالارمۇ؟ ھەممە ئىش ئۇنىڭ ۋىجدان، ۋاپاسىغا باغلىق. ئاھ! خۇدا، كېيىن نېمە ئىشلار بولۇپ

كېتىدۇ، بۇ پەقەت ساڭىلا ئايان. مەن بىچارىگە ئۆزۈڭ باشپاناھ بولغايسەن…

بىردىنلا ئاتام، ئاپاملار يادىمغا يەتتى. سەھەردە ئويغانغاندىن بېرى ئۆزۈمنىڭلا قايغۇسىدا قېلىپ، ئۇلارنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. ئۇلار مېنىڭدىن ئەنسىرەپ، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغاندۇ — ھە؟ ئاتام دوستلىرىمغا تېلېفون بەرگەندۇ، ھەتتا كوچىغا چىقىپ ئىزدىگەندۇ. ئۇلار مېنى مۇشۇ قاۋاننىڭ قويندىن قانداقمۇ تاپالىسۇن؟ ئەمدى ئۆيگە قانداق كىرىمەن؟ ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئاتام مېنىڭ چىرايىمغا، ئۇستى — بېشىمغا قاراپلا ئۆز قىزىنىڭ ئىپپەت — نومۇسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالارمۇ؟ ئۇ نېمانچە بىچارە، بەختسىز — ھە؟ چۈنكى، ئۇنىڭ قىزى بۈگۈن ئاياق — ئاستى قىلىندى. ئاتام بۇنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى تۈرمىگە سۇلىتىۋەتمىگىچە، ھەتتا قىيما — چىيما قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگىچە بولدى قىلمايدۇ. ئاتامغا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۆلۈۋېلىش… شۇنداق، ئۆلۈم ئارقىلىقلا شەنىمگە چۈشكەن بۇ داغنى يۇيۇشۇم كېرەك. ئاتا — ئانام بەرگەن قىزلىقىم، خۇدا بەرگەن پاكلىقىم قېنى؟ مەن مۇشۇنداق چاغدىمۇ توي قىلىشنى، ياشاشنى تەسەۋۋۇرۇمغا قانداق سىغدۇرالايمەن؟ بىچارە ئاتامغا، جېنىم ئاتامغا بەكلا ئۇۋال بولدى. ئاپام ياپياشلا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ يۈرەك باغرى پارە — پارە بولغان ئىدى. ئۇ مېنى ئاپامنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان ھەمراھى، تەسەللىيسى، كۆڭۈل خوشى بىلىپ، مېھرى بىلەن ئۆستۈرگەن ئىدى. پەقەت مەنلا ئۇنىڭ غېرىب كۆڭلىگە خۇشاللىق، مۇھەببەت، ئۈمىد ئاتا قىلاتتىم. ئاتام ئەمدى قىزىدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمۇ؟ ياق… ياق… ئاتام تۈگىشىپلا كېتىدۇ. بەرداشلىق بېرىشىم، ئاتام ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىم

كېرەك. ئۇ مېنىڭدىن ئاجايىپ زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى. پەقەت مېنى دەپلا نەچچە يىلغىچە توي قىلماي يۈرگەن ئىدى. مەن ئاتامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدىم. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي ئىچ پۇشۇقىمدا مۇھەببەت داستانلىرى، رومانلارنى تولا ئوقۇپ رومانتىك قىزغا ئايلىنىپ قالمىغان بولسام، بۈگۈنكى ئىشلار قانداق بولار بولغىيتتى — ھە؟ ئادەم كىتابلار ئارىسىدىلا ياشاۋەرمەي، رېئاللىقىمۇ يۈزلىنىشى زۆرۈر ئىكەن. كىچىككىنە بىر شەھەردە بىرگە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟

شۇ ئىشتىن كېيىن ئاسماندىن يەرگە تاشلىنىۋەتكەندەك مەندە قىلچە ئىشەنچ قالمىدى. ئۆيدىمۇ، ئىشخانىدىمۇ قورقماستىن ئىككى ئېغىز گەپ قىلالمايمەن. كوچىدا باشقىلارغا باش كۆتۈرۈپ قارىيالمايمەن. مەندەك ئىپپەت — نومۇسنى يوقاتقان قىزنىڭ چوڭچىلىق قىلغۇدەك نېمىسى قالدى؟ بۇغۇ ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن بولغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ چۈشەندۈرگەن ھالەتتىمۇ، پەقەت ھېسداشلىقا ئېرىشكىلى بولار. لېكىن، بۇرۇنقىدەك قەدىرلەشكە ھەرگىز ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھەر قېتىم ئاشۇ كېچىدىكى ئىش يادىمغا يەتسە، نامانغا باشقىدىنلا ئۆچلىكىم قوزغىلىدۇ. ئۇ بىر كېچىدىلا مېنى نابۇت قىلىپ، ئەرزىمەس لاتا قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدىغۇ؟ ئۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مېنى ئۆزىگە باغلىۋالماقچى ئىكەن. ئۇ مەقسىدىگە يەتتى. ئەمدى مەن نەگە بارالايمەن؟ مەنمۇ بىرەر ئىش كۆرمىگەن يىگىتنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە، قەدىرلىشىگە ئېرىشىشىم مۇمكىن. بىراق، مەن شۇنى قاملاشتۇرالايمەنمۇ؟ شۇنىڭغا يۈزۈم چىدامدۇ؟ نامان نېمىشقا مۇھەببەت، ساداقەت بىلەن ئەمەس، نومۇسۇمغا

تېگىش ئۇسۇلى بىلەن مېنى ئۆزىگە باغلىۋالماقچى بولىدۇ؟ يۈرىكىم ئاللىبۇرۇنلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ يوقلىقىنى سەزگەن ئىدى. ئۇ مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيسە، ھەرگىز مۇنداق قىلمىغان، مېنىڭ پاكلىقىمنى مۇقەددەس بىلىپ، تاكى توي كېچىسىگىچە قوغدىغان بولاتتى. ھازىر مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار ئىچىدە بەزى يىگىتلەر قىزلىرىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەنمەي، توي قىلىشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈپ باقارمىش. بۇمۇ نامانىنىڭ مېنى تەكشۈرۈپ باقىنىمۇ يا؟ ئەگەر ئۇنىڭ راستىنلا مەن بىلەن توي قىلىدىغان نىيىتى بولسا، بۇ ئىشنى مېنىڭ رازىلىقىم بىلەن قىلاتتى. مەن شۇنى ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلىش نىيىتىمۇ يوق. مەن ئۆزۈمنى ئالداپ نېمە قىلىمەن؟ ئۇنىڭ قىلچە قەدرىمنى قىلماي، مېنى ئاياق — ئاستى قىلغانلىرىمۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭغا قۇچىقىمنى قانداقمۇ ئاچالايمەن؟ قەلبىمدىن ئورۇن بېرەلەيمەن؟ شۇنداق قىلالمىسام، ئۆزۈمنى يەنە ئۇنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا، خورلىشىغا تاشلاپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەتسەم يەنە بولمىسا، ئۇنىڭ رايىغا بويسۇنۇپ ياشىسام ۋىجدانىم كۆتۈرمىسە، ئۇھ ... زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ مېنى ئۆزىگە باغلىۋالىمەن دېگىنى مۇشۇ ئىكەن — دە...

كۈندىلىك خاتىرە مېنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىم بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا دەرد — ھەسرىتىمنى تۆكۈپ بېرىمەن. ئۇ مېنىڭ نومۇسلۇق مەخپىيەتلىكىم بىلەن يۈزىگە تامچىلىغان كۆز يېشىمنى يۇغۇرۇپ، ئۆز قوينىدا مەھكەم ساقلايدۇ. مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قەلبىمگە كۆمۈۋېتەلىگەن بولساممۇ، بۇ قېتىمقى دەپسەندە قىلىنىشتەك دەھشەتلىك خورلۇقنى

يۈرىكىمگە پەقەت سىغدۇرالمىدىم. تۈگىمەس دەرد — ھەسرەت، بىسىلماس قەھرى — غەزەپتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا. بىر قىز بالا ئۇچۇن قاباھەتلىك كېچىدىكى نومۇسلۇق ئاشۇ ئىشنى بىراۋغا ئاشكارىلاش مۇمكىنمۇ؟ ئىپپەت — نومۇسنىڭ يوقالغىنى — قىز بالىنىڭ تۈگەشكىنى ...

تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ، يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سېلىپ كەتتى. بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپتىمەن. كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بىرەر شۇم خەۋەر ئاڭلايدىغاندەك يۈرەكزادە بولغان ھالدا تېلېفونغا قول ئۇزاتتىم.

— ۋەي، مەلىكەمما؟

يەنە شۇ داپيۇز! ماڭا مەڭگۈ تېلېفون ئۇرما دېسەم، يەنە ئۇرغىنىنى. قۇلىقىمغا يېقىنقىلىق تىروپكا ئۇنىڭ ئاغزىدەك، بۇ يىرگىنچلىك ئېغىزدىن تۈكۈرۈكلەر چاچراپ چىقىۋاتقاندەك ئۇنى تاشلىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ ۋارقىرىغاندەك قاتتىق سۆزلىرى قۇلىقىمغا يىڭنىدەك سانجىلاتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ تىنىقىڭىزدىن سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىۋاتىمەن. ھېلىمۇ بىز كۆرۈشمىگىلى بىر ئايدىن ئاشتى. بۇ ئىشلارنى تولا ئويلاپ، ئېلىشىپ قالاي دېدىم. مېنى كەچۈرۈڭ. ئۇسۇلۇم توغرا بولماي قالدى. ماڭا رازىلىق بېرىڭ. مەن بىلەن توي قىلىڭ. بۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز، مەنمۇ بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىدا قالىمەن.

— نېمە دېدىڭ!؟ — دېدىم ئۆزۈمنى باسالماي، — يالغان

— ياۋىداق سۆزلىرىڭنى بولدى قىل! مۇشۇ تاپتىمۇ ئۆتۈم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. سەن ۋىجدان ئازابىدىن سۆز ئېچىۋاتامسەن؟ قۇسقۇمنى كەلتۈرمە. سېنىڭدە ۋىجدان دېگەن

نەرسە بارمۇ؟ سېنىڭ يۈرىكىڭمۇ بىر نېمىدىن ئازابلىنامدۇ؟ سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. ئۆلۈپ كەتسەم، تىرنىقىم كانىيىڭدا قالىدۇ. ساڭا يەنە ئېيتىپ قوياي، ماڭا توي ھەققىدە ئەمدى ئېغىز ئاچما.

— گەپنى مۇنداق چۈرتلا ئۈزىۋەتمەڭ، سىز بەزى ئىشلارنى ئۇقمايسىز. مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى چوڭقۇر چۈشەنمەيسىز. بۇرۇن مەن سىزدىن بەزى ئىشلىرىمنى يوشۇرغان ئىدىم. ئەمدى دېمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىتتىك — ئىتتىك تىنىشلىرىدىن، قانداقتۇ، مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايدىغاندەكلا تۇراتتى. ئۇ يەنە نېمىنى يوشۇرۇپ يۈرىدىكىنە؟ قەلبىمدىكى غەزەپنىڭ ئورنىنى بىردىنلا قىزىقىش، قورقۇنچ ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكى ماڭا تەسەللىي بېرىش ياكى مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئازابقا مۇپتىلا قىلىپ، پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋېتىشى مۇمكىن. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقتىن كەلگەن بىشارەت تۇيغۇسىدىن سەسكىنىپ ئۆتتى. ماڭا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەن ئادەمدىن ئەمدى خۇشخەۋەر ئاڭلىشىم ناتايىن. ئادەم كۆپرەك يامان ئىشلىرىنى سىر قىلىپ ساقلايدۇ، ياخشى ئىشلىرىنى باشقىلارغا تېزراق بىلدۈرگىسى كېلىدۇ. ئۇنىڭمۇ مېنىڭدىن تا ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلگىنى چوقۇم قورقۇنچلۇق بىر ئىش. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ ئاللىبۇرۇن ماڭا دېمەي قالمايتتى. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكىنى بىلمەيلا قالاي... شۇ خىيالدا تىروپكىنى تاراققىدە قويۇۋەتتىم. ئەمما، تېزلا پۇشايمان قىلدىم. رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ نېمە قىلاي؟ خۇشخەۋەر ياكى شۇم خەۋەر بولسۇن، ئاڭلاپ بېقىشىم كېرەكتىغۇ؟ شۇم خەۋەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا چېقىش يولى

كۆرستىپ بېرىش ئىھتىماللىقىمۇ بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇنىڭدىن قايتا تېلېفون كېلىپ قالامدىكىن دېگەن ئۈمىدتىمۇ بولدۇم، چاقىرغۇ بېرەيمىكىن دېگەن خىيالدىمۇ بولدۇم. تىروپكىنى ئالدىراپلا قويۇۋەتكىنىم ئۇنىڭمۇ ئارزۇسىدەك بولغاندۇ. ئەگەر ئۇ بۈگۈن راستىنلا بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش قارارىغا كەلگەن بولسا، چوقۇم قايتا تېلېفون ئۇرىدۇ. مەن بەش مىنۇتتەك ساقلىدىم. ئۇ نېيىتىدىن يېنىۋالغاندەك قىلدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى بىز كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي، ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق، ئۇ ئالدىمنى توسىۋالدى.

— ئۆتكەندە تېلېفوننى گەپ تۈگىمەيلا قويۇۋەتتىڭىز، — دېدى ئۇ مېنىڭ كېتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، — ۋاقتىڭىز بولسا، بىردەم سۆزلەشكەن بولساق.

— ئوتتۇرىمىزدا سۆزلەشكۈدەك نېمە گەپ قالدى؟ — دېدىم قوپاللا. ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرىمىزدا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇن گەپلەر بار ئىدى. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ ئاشكارىلىماقچى بولغان مەخپىيەتلىكىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىمۇ بار ئىدى. مەن ئەڭ قورقىدىغان ھېلىقى ئىش ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولدى. ئەمدىكى مەخپىيەتلىك ھەرقانچە بولسا ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بولماس.

— قەيەردە پاراڭلىشىمىز؟ — دېدىم بىرئاز يۇمشاپ.

— بۇ قېتىم سىز تاللاڭ، — دېدى ئۇ ماڭا يول قويۇپ.

ئۇنىڭ «بۇ قېتىم» دېگەن گېپى دەرھال ئۆتكەنكى قېتىمقى ئىشنى يادىمغا سالدى. غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىق مېڭەمنى قاماللىدى. ئۇنىڭ يۈزىگە نەچچە شاپىلاق سالماقچى بولدۇم — يۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

— مەن كوچا — كويدا يۈرمىگەندىكىن، قەيەرنى بىلەتتىم.

— ئۇنداق بولسا…، — دېدى ئۇ بىردەم توختاپ، — باغچىغا كىرەيلى. شۇ يەر خالىيراق.

باغچىدىكى قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز يول بويىدىكى قوش كىشىلىك ئورۇندۇققا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. يېرىم يىل ئىلگىرى دەل مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇنجى قېتىم تۇتقان ئىدى. ئاشۇ چاغدىكى تەسىرات ھازىرغىچە يۈرىكىمدە ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ. مەن شۇ ئىشتىن كېيىن ھەر قېتىم باغچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغلىرىمدا مۇشۇ ئورۇندۇق كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. باغچىغا كىرگەن كۈنلىرىم مۇشۇ ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. كېچىدە ئىككىمىزنىڭ بىللە ئولتۇرغىنىمىز، ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ يوتىسى ئۈستىگە قويغىنى كۆز ئالدىمدىن كېچىپ ئۆتەتتى. شۇ چاغدا مەن ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان پاك قىز ئىدىم. مانا ئەمدى پاكلىقىم بۇلغىنىپ، نە ھالغا كېلىپ قالدىم؟ ئويلاپ باقسام، مۇشۇ ئورۇندۇق مېنىڭ بەختسىزلىكىم باشلانغان جاي ئىكەن. مۇشۇ ئورۇندۇقتا يەنە نۇرغۇن قىز — يىگىتلەر ئولتۇرغاندۇ، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكەندۇ. ئاشۇلارنىڭ قايسىلىرى بەختلىك، قايسىلىرى بەختسىز بولۇپ قالغاندۇ — ھە؟ بۇرۇن كۆزۈمگە ئاجايىپ ئىللىق، سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان بۇ ئورۇندۇق بۈگۈن شۇ قەدەر سوغۇق، يىرگىنچلىك كۆرۈندى…

— بۇ يەردە ئولتۇرساق… قانداق دەيسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرسەم، قويۇق دەرەخلەر كەينىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. بۇ ئورۇندۇق

بەختسىزلىكىمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغاندەك نەپرەت بىلەن قاراپ قويدۇم. نېرىدىكى ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز — يىگىت دۇنيانى ئۇنتۇغان هالدا سۆيۈشۈۋېتىپتۇ. ئازابلىق شۇ مىنۇتلاردا ئۇلارنىڭ بەختىيار هالىتى يۈرىكىمگە پەقەت سىغمىدى. ئۇلارمۇ بىر — بىرگە نەپرەتلىنىپ ئولتۇرغان بولسا، ماڭا قانچىلىك تەسەللىي بولاتتى — هە؟ ئۇلار يېنىغا بىركىمنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ، ئەتراپىغا قارىدى. بىزگە بىزار بولغاندەك قاراپ قويۇپ، نېرى كەتتى. بىز سۆيۈشمىگەندىكىن ئوچۇقچىلىقتا ئولتۇرماي، نېمىشقا باشقىلارغا دەخلى قىلىپ، بۇ يەرگە كەلگەن بولغىيتتۇق — هە؟ كۆزۈمدىن يوقىلىشە بىزەڭلەر! كۆڭلۈم غەش بولغان هالدا ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم.

ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپلا تاماكىغا ئوت ياقتى. تاماكا تۈتۈنى كۈچ، غەيرەت ئاتا قىلىدىغاندەك ئۈزمەي چېكەتتى. ئۇ تۇرۇپ — تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپ قوياتتى.

— گەپنى نەدىن باشلىسام بولار... دېدى ئۇ يەنە چوڭقۇر تىنىپ،— بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىشىمۇ ناهايىتى تەس كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى مەن دېمىسەممۇ، بەرىبىر باشقىلاردىن ئاڭلايسىز، ئەسلى... ئەسلى مېنىڭ...

ئۇنىڭ كانىيىغا سىرتماق سېلىنىپ قالغاندەك قوللىرى كىرىشىپ، چىرايى قىزىرىپ، بەدىنى چىڭقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا ئاستا قاراپ قويۇپ بېشىنى ساڭگىلاتتى.

— ئەسلى مېنىڭ... ئايالىم بار ئىدى. بىر بالامۇ...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، قۇلىقىمغا دەهشەتلىك گۈلدۈرماما ساداسىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. يەر — جاهان پىقىراۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، بېشىمنى قاماللاپ تۇتتۇم — دە، ئورۇندۇققا تاشلىنىپ ياتتىم...

كۆزۈمنى ئاچسام، ئۇ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ.

— كېتىمەن! — دېدىم ئورنۇمدىن چاچراپ قوپۇپ، بېشىم ھېلىمۇ پىقىراۋاتاتتى، — كۆزۈمگە ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن، يېنىڭدا بىردەممۇ تۇرغۇم يوق!

ئۇ يېڭىمگە ئېسىلىۋېلىپ:

— گېپىمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ باقمامسىز؟ — دېدى.

— سېنىڭ ئاغزىڭدىن يەنە نېمە گەپ چىقماقچى؟ ھېلىمۇ مېنى نابۇت قىلىپ بولدۇڭ. ئايالىڭ، بالاڭ بار تۇرۇقلۇق مېنى ئالداپ كەلگىنىڭنى قارا؟ نومۇس قىلساڭچۇ؟ ۋىجدانىڭ يوقكەن سېنىڭ. ھەي! قارا يۈز، ئايالىڭغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟ بالاڭغا قانداق يۈز كېلەلەيسەن؟ يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا گەپ قىلىۋاتىسەن؟

ئۇنىڭ ئاغزى ئۇمچىيىپ كۆزلىرىدىن نەچچە تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. يېڭىمنى قويۇۋېتىپ، جايىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى — دە، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ تۇتتى. ئۇ بارغانچە كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، ھازىرلا شەكىل ئۆزگەرتىپ، سېسىق، يىرگىنىشلىك پاقىغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى.

— ھەممە ئادەم شۇنداق ئويلايدۇ. لېكىن، ھېچكىم مېنىڭ ئازابىمنى چۈشەنمەيدۇ. سىزگە راست گەپنى دېسەم، نەچچە يىل بولدى، ئايالىمغا قىلچە كۆڭلۈم قالمىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ھەرگىز توي قىلماسكەنمەن. ھەي… نېمە ئامال، ھازىر ئوتتۇرىمىزدا بىر بالا بار. پەقەت شۇ بالىنى يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دەپلا چىداپ يۈرۈۋاتىمەن.

ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن كۆز تاشلىدىم. مېنىڭ ئالدىمدا يەنە

ئويۇن قويۇشقا باشلىدىڭمۇ؟ ئازابلىنىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ھالىتىڭ پۈتۈنلەي ساختا، كۆز يېشىڭنى ئېقىتىپ تۇرۇپ دېگەن گەپلىرىڭنىڭمۇ ھەممىسى يالغان. شۇنداق قىلسام، سەن مېنى كەچۈرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— بۇ دۇنيادا بىرلا قېتىم ياشايمەن. مەن بالامنى دەپلا ئاشۇ ئايال بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتمىدى. سىزمۇ ھازىرلا مېنى ۋىجدانسىز، نومۇسسىز دەپ تىللىدىڭىز. بۇ ئىشتا باشقىلارمۇ مېنى شۇنداق دەپ ئەيىبلەيدۇ. نىكاھتىن ئاجراشساق، بالا يا مەن بىلەن، يا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرار. بالام چوڭ بولۇپ بۇ ئىشلارنى ئۇققاندا، دەسلەپ ماڭا نەپرەتلىنىشى مۇمكىن. كېيىن ئۇمۇ توي قىلىپ، تۇرمۇشنى چۈشەنگەن چاغدا مېنى ئەپۇ قىلار.

ئۇنىڭ چىرايى ئىنتايىن غەمكىن تۈس ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا غەمكىن يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇ راستىنلا بالىسىغا قىيمايۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئاشۇ ئانا — بالىنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغان ئوخشىمامدىمەن؟ مەنمۇ بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى. ئۇ ئايالىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ماڭا ئوچۇق ئېيتىشى كېرەك ئىدى. مەن شۇ چاغدىمۇ ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن بولسام، بۇ ئىشلار ئۆزۈمنىڭ شورىدىن بولاتتى. بىراق، ئۇ تا ھازىرغىچە بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ كەپتۇ. بۇ ئالدامچىلىق بولماي نېمە؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىغا كۆڭۈلسىزلىكنى دەپلا، باشقىلارنى خالىغانچە ئالدىسا بولمايدۇ — دە.

— كىشلەرنىڭ مېنى ئەيىبلىشى بىلەن كارىم يوق. مېنىڭ قايغۇرىدىغىنىم— بالامنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى.

نىكاھتىن ئاجرىشىش ئايالغا بىر مەھەل ئېغىر كېلىدۇ. نىكاھتىن ئاجراشماي تۇرۇپ، سىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىمدىن خورلۇق ھېس قىلىدۇ. سوتنىڭ بالىمىزنى ئاپىسىغا بۇيرۇيدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ تېخى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ. مەنغۇ ھەر ئايدا تۇرمۇش راسخودى بېرىپ، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ تۇرارمەن. ئەمما، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئايال مېنى كەچۈرمىسە، بالامنى ماڭا ئۆمۈرلۈك نەپرەت ھېسسىياتى بىلەن تەربىيىلىشى مۇمكىن. ماڭا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى مۇشۇ.

ئۇ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ماڭا قاراپ، يېنىنى ئىما قىلدى. غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدۇم. سېنىڭ گەپلىرىڭگە يۈرىكىم ئەمدى ئېرىمەيدۇ.

— مەن مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان ئەر — خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملىق ساقلاپ، سىرتلاردا كۆڭلۈم خالىغان ئىشنى قىلىپ، قەلبىمدىكى بوشلۇقنى ئازراق تولدۇرۇشۇم مۇمكىن. بەزىلەر ماڭا مۇشۇ يولنى تەۋسىيە قىلدى. شۇ چاغدا مەن ئايالىمنىمۇ، بالامنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويمايدىكەنمەن. بۇنداق قىلىش ئايالىمنى ياخشى كۆرگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشىم، خىيانەت كوچىلىرىدا قاتراپ يۈرۈپ، ئۆيدە ساداقەتمەن ئەر بولۇۋېلىشىم، ئۆزۈمنىڭ ھەم ئايالىمنىڭ ھېسسىياتىنى ئالدىشىم ئىكەن. بىر ئائىلىدە داۋاملىق مۇشۇنداق نىقاپ ئىچىدە ياشاش نەقەدەر ئازابلىق. مەن ئالدامچىلىق قىلماي، كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتكەنلىكىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ نىكاھتىن ئاجراشسام، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلسام، ئايالىمنى، بالامنى بەختسىز قىلىپ قويىدىكەنمەن. كىشىلەر ئۆزۈمنى ھەم ئايالىمنى ئالداۋاتقان ۋاقتىمدا مېنى ئالدامچى دېمەي، ئۆزۈمنى ھەم ئايالىمنى ئالدىمايدىغان ئىشنى

قىلاي دېگەن ۋاقتىمدا ئالدامچى دەيدىكەن. ھەي··· بۇ تەتۈرلۈكنى···

ماۋۇ كاززاپ تولا سۆزلەپ، ئەجەپ ئىمانىمنى ئۇچۇردىغۇ. ئۇنىڭ قېشىدا يەنە نېمە دەپ تۇرىمەن؟ ئۇ چىرايلىق گەپلىرى بىلەن ماڭا يەنە تور توقۇۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭغا قىلچە مۇھەببىتىم قالمىدى. ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى سىز ئىگىلىدىڭىز. بۇنى پەقەت سىزگىلا ئاشكارىلاۋاتىمەن، ئۇنىڭغا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدمەن. بۇ گەپنى ئاڭلاش ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. ئۇغۇ بۇنى ئاللىقاچان سەزدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى يوق. ئۇمۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ ياشاۋاتىدۇ. ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئاغزىمدىن سېنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن سۆزنى ئاڭلاشقا تەشنا. ئۇ بۇنىڭ يۈرىكىمدىن چىقمىغانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى ئالداپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. بۇنداق ئالدامچىلىق نەقەدەر زېرىكىشلىك — ھە؟ بۇنىڭغا قاچانغىچە بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ؟ مەن ھەقىقەتەن چىدىمىدىم.

ئۇ يۈرىكىمنى تۇتۇپ بېقىڭ دېمەكچى بولغاندەك قولۇمنى مەيدىسىگە قويدى. سەسكەنگەن ھالدا قولۇمنى تارتىۋالدىم. ئەمدى يۈرىكىڭنى چۈشىنىشمۇ ماڭا بىھاجەت.

— يۈرىكىم ھەقىقىي مۇھەببەتكە تەشنا ئىدى. شۇنداق چاغدا تەقدىر مېنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇردى. روھىم ئاچ، قەلبىم سۆيگۈگە ئىنتىزار بولغاچقا، سىزنى ئۇچرىتىپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بەلكىم، مەن توي قىلغان ئادەم بولغاچقا، توي قىلىپ تۇل قالغان خوتۇنلارنى ياخشى كۆرۈشۈم زۆرۈردۇ. كۆڭۈلنى زورلاپ تاڭغىلى بولمايدىكەن. ئۇ ھامان گۈزەللىككە ئىنتىلىدىكەن··· سىزنىڭ مۇھەببىتىمنى قوبۇل

قىلماسلىقىڭىزدىن ئەنسىرەپ، توي قىلىپ بولغانلىقىمنى يوشۇرغانلىقىم راست. شەيتان ۋەسۋەسىسى، ھەي··· راستىنلا شەيتان ۋەسۋەسىسى. ھازىر قاتتىق پۇشايمان قىلىمەن. بۇ ئىش ئاشكارىلانغىچە سىزنى ئۆزۈمگە باغلىۋېلىش ئىستىكىدە ھېلىقىدەك ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ قويدۇم. شۇنىڭغا قەسەم قىلىپ بېرىمەن، مەقسىدىم ھەرگىز سىزنى ئاياق — ئاستى قىلىپ تاشلىۋېتىش ئەمەس. سىز بىلەن چوقۇم توي قىلىمەن. ئەمدى بۇ ئىشنى ئاشكارىلايدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. بۇنىڭغا ئالدى بىلەن سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئېلىشىم كېرەك. سىز مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلارسىزمىكىن؟

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى راستەك قىلاتتى. شۇ پەيتتە ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇشكۈل تاللاشقا دۇچ كەلگەن ئىدىم. مەن قاراپ تۇرۇپ ماڭا ئوخشاش بىر ئاجىزەنىڭ ئېرىنى، گۇدەك بالىنىڭ ئاتىسىنى تارتىۋالارمەنمۇ؟ مۇبادا، ئۇ توي قىلمىغان ياش يىگىت بولغان بولسا، بىر قارارغا كېلىشىم ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلسە، قانچىلىك ئازابلىنار — ھە؟ ئۇ ئايالىغا ئاشۇ قىز بىلەن بىر كېچە بىرگە بولغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئايالىنىڭ ئېرىمنى ئازدۇرۇپسەن دەپ گۇناھنى ماڭا ئارتىشى تۇرغان گەپ. ئۇ ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشقا قوشۇلماسلىقى، بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن. ۋاي، خۇدايىم، مەن قانداقلارچە توي قىلىشنى خىيال قىلىپ قالغاندىمەن؟ مەندە نېمە گۇناھ. مەن باشتا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان، مۇھەببەتلەشكەن چاغدا ئايالىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ مېنى ئازدۇرۇپ، بۇ ئائىلىگە باشلاپ كىردى،

ئىپپەت — نومۇسۇمنى بۇلغىدى. ئوتتۇرىمىزدا شۇنچىۋالا ئىش يۈز بېرىپ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ھەممە ئەيىب مۇشۇ ناماندا. ئۇ ھەممە ئىشقا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى قىيناپ يۈرىمەن؟ مەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن گالۋاڭ. نېمىشقا تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ توي قىلغان — قىلمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىگەندىمەن؟ ھەي... مۇھەببەت دېگەن ئادەمنىڭ كۆزىنى قارىغۇ، قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ھازىر ئۇ ئايالىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. شۇنداقكەن، ئۇلار نىكاھتىن ئاجراشسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى مەن بۇزمىدىم، نامان بۇزدى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىشىم كېرەك. مەن مۇشۇ ھالىم بىلەن قايسى يىگىتنىڭ ئالدىغا ئىشەنچلىك بارالايمەن؟ ماڭا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقتىن باشقا يول يوق ئوخشايدۇ. كەلگۈسىدە ئۇ مەندىنمۇ زېرىكىپ، يەنە باشقا بىرسىنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئىشلارغا ھازىر بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق...

باغچىدىن قايتىپ چىقىۋاتقان ۋاقتىمدا بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزدا ئۇ مەندىن:

— بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— داۋاملىق ئويلىنىپ باقاي، ئايالىڭىز بۇ ئىشنى ئۇقماي تۇرسۇن، — دېدىم يەنە خاتىرجەم بولالماي.

باغچىدىكى سۆھبەتتىن كېيىن تۈگۈنلەر يېشىلىپ كۆڭلۈمدىكى غەم — ئەندىشىلەر تارقاپ كەتكەندەك بولدى. ئۇچرىشىشىمىز بارغانسېرى كۆپەيدى. قەلبىمدىكى نەپرەتنىڭ ئورنىنى بارا — بارا مۇھەببەت ئىگىلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى ھەر كۈنى كۆرمىسەم

چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. قىزلىقىم بىلەن خوشلاشقان ئاشۇ ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر نەچچە كېچە بىرگە بولدۇم. بۇ پۈتۈنلەي ئۆز رازىلىقىم بىلەن بولدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئىش مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سىرلىق، قورقۇنچلۇق تۈسىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى پات — پاتلا خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. بىر ئەردىن ئۇ ئاشكارا بەھرىمەن بولسا، مەن يوشۇرۇن بەھرىمەن بولىۋاتاتتىم. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىسا، بىر تۇرۇپ ئۆچلىكىم كېلەتتى. كۆڭلۈمدە ئاستا — ئاستا نامانىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىش خىيالى باش كۆتۈردى. شۇندىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىشخانىدا ئولتۇرسام، بىر ناتونۇش ئايال ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆرە تۇرغان پېتى ئۇستى — بېشىمغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدىم مۇلايىملىق بىلەن.

— سىز… مەلىكە بولامسىز؟

ئۇ مېنى بۇرۇنلا تونۇيدىغاندەك، بۇ سۇئالنى سورىشىمۇ ئورۇنسىزدەك تۇيۇلدى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ھەئە، مەن شۇ. قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدىم ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، — مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟

ئۇ ئىشخانىدىكىلەرگە بىر قۇر قاراپ قويۇپ:

— شۇنداق، — دېدى قىلچە تەپتارتماي، — سىرتقا چىقىپ پاراڭلاشساق قانداق؟

باشقىلارنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدىغان قانداق گەپكىنە ئۇ؟ بۇ ئايال نامانىنىڭ خوتۇنى بولمىسۇن يەنە؟ تېزلىكتە ئۇنىڭ ئۇستى — بېشىغا قاراپ چىقتىم. ئۇ ئوتتۇرا بوي،

خۇشپىچىم، سىپايە ئايال بولۇپ، ئايىقى چاققان، ئاۋازى يېقىملىق ئىدى. ئۇ بىلىنەر — بىلىنمەس قوپاللىق ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. كۆڭلۈمگە شەك چۈشۈپ، ئولتۇرالماي قالدىم. مېنىڭ خىيالپەرەسلىكىم، ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ نېمە قىلارمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىنانىڭ ئالدىغا چىقتىم. ئۇ توختىماستىن كوچىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلۈمگە يەنە گۇمان چۈشتى.

— سىز… كىم بولىسىز؟

ئۇ كۆزۈمگە بىر ھازا مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىردەمدىلا پەرىشتىدىن ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ئىشخانىدىكى مۇلايىملىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

— مەن نامانىڭ خوتۇنى! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئوتى يېلىنجاپ تۇراتتى.

بىر كىم مۇزلاپ كەتكەن قولىنى تۇيۇقسىز بەدىنىمگە ياققاندەك، شۇنچە قەھىرلىك ھەم ئىنتايىن قوپال ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن شۈركۈنۈپ كەتتىم. ھېلىراقتا ئۇنى نامانىڭ خوتۇنىمىكىن دەپ گۇمان قىلمىغىنىمدا تاسادىپىي يولۇققان بۇ زەربىدىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھىم بولمىغاندىكىن نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟ ئۇنىڭ ئېرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئازدۇرغىنىم يوق. ئۇ مېنىڭ نومۇسۇمغا تېگىپ، بۇ ئايال بىلەن كۈشەندە قىلىپ قويدى. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ، بۇ ئايال ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلسام بولامدىكەن؟ مەن نامانىڭ ئايالى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئازدۇرغان بولسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ھېسابلىسام بولاتتى. مەن قىلچە ھودۇقماستىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ

قارىدىم.

— قەيەردە سۆزلىشىمىز؟

ئۇ مېنىڭ روھىي ھالىتىمنى كۆزىتىپ تۇرىۋاتاتتى. بەلكىم، ئۇ مېنى قورقىنىدىن پۇت – قولىدا جان قالمايدۇ دەپ ئويلىغاندۇ. ئۇ مېنىڭ يەنىلا مەغرۇرانە ھالىتىمنى كۆرۈپ، بىرئاز پەس كويغا چۈشتى.

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ پاراڭلاشساق قانداق دەيسىز؟ — دېدى ئۇ ئۆتۈنگەندەك تەلەپپۇزدا، — ئائىلىدىكى سەتچىلىكلەرنى سىرتقا ئاشكارىلىغۇم يوق.

بىردىنلا ئىچىمگە قورقۇنچ چۈشتى. بۇ ئايالنىڭ كۆڭلىدە نېمە خىياللارنىڭ بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

— ئۆيىڭىزگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — دېدىم ئەندىشىلىرىمنى بىلدۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىپ، — بىرەر رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساقمۇ بولىدىغۇ؟

— تۆت تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، مەن بۇ ئىشلارنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مەن ھاراق — تاماكىنىڭ سېسىق پۇرىقى سىڭىشىپ كەتكەن ئۇنداق سورۇنلارغا ئۆچ، — ئۇ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە تۇسى بەردى. ئۇ ئەسلىدىنلا مېھرىبان ئايالدەك تۇراتتى، — ئۆيىمىزگە بېرىشتىن غەم قىلىۋاتقاندەك تۇرىسىز. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۈگۈن سىز بىلەن چىرايلىقچە سۆزلەشمەكچى.

ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى قانداق بىلىۋالغاندۇ — ھە؟ ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئوقۇغان، بىرەر ئىدارىدا خىزمەت قىلىدىغاندەك ئالامەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلىشىم كېرەك. ئەگەر رەت قىلسام ياكى قېچىپ كەتسەم، ئۇنىڭ

مەسخىرىسىگە قالىدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى. ئەمدى چېكىنىشكە يول يوق. ئىككىمىز بىر ئەرنى تالىشىۋاتقاندىكىن، بېشىمغا كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشقا تەييارلىق قىلىپ قويۇشۇم كېرەك. بولمىسا تەقدىرگە تەن بېرىپ، بوينۇمنى قىسىپ كەتكىنىم تۈزۈك. مەن تەۋەككۈل دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

بىز تونۇشلا بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. مەن بۇ كوچىنى، بۇ ئۆينى كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىمۇ تېپىپ كېلەلەيمەن. بۇ نامانىنىڭ دوستىنىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئايال مېنى قانداقلارچە بۇ ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدىكىنە؟ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي، بىردە كوچىغا، بىردە ئىشىككە قاراپ كەتتىم.

— بۇ... سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئەجەپ بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

ئۇ بىر نەرسىدىن گۇمان قىلغاندەك ئەجەپلىنىپ قاراپ قويدى. نامان ماڭا يالغان ئېيتىپتىكەن — دە؟ ھاياتىمنىڭ بىر دەۋرى ئاخىرلاشقان بۇ ئۆيگە بۈگۈن كىمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نائىلاج قەدەم باستىم. ھويلىغا كىرىشىمگە تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ھازىر ئىشىك گۈپپىدە تاقىلىدىغاندەك كەينىمگە قايرىلىپ قاراپ قويدۇم. ئۇ ئىشىكنى راۋرۇس يېپىپ قويۇپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. ئۆيدە نامانمۇ بارمىدۇ؟ بۇ ئايال ئېرى بىلەن مېنى يۈزلەشتۈرۈپ ئۇساللاشتۇرماقچى بولسىچۇ؟ نېمىدىن قورقاتتىم. ئۇ بولسا تېخىمۇ ياخشى. يار — يۆلەككە ئىگە بولۇپ، قورقماي ئولتۇرىمەن. بىز كىرگەندە ھويلا ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. بۇ ئايال ھەرقانچە يامان بولسا، ئېرىنى

سۇلاپ قويماس؟ قورقۇنچ تۇيغۇسىدىنمۇ تېنىمگە يېنىك تىترەك ئۇلاشتى. ئۆزۈمنى يۇپۇرماقتەك يەڭگىل ۋە ئاجىز ھېس قىلدىم. ئۇ بۈگۈن راستىنلا مەن بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشەرمۇ؟ ئۇ مېنى ئۆيگە باشلاپ كىرىۋېلىش ئۈچۈنلا سىپايە، خۇشخۇي قىياپەتكە كىرىۋالغان بولۇشى، ھازىرلا ياۋۇز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىشى مۇمكىنغۇ؟ مەن ئۇنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، دوستىدەك ئىشىك ئالدىدا تەكەللۇپ بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى. مەن بۇنىڭغا لايىقمىدىم؟ بۇ ھالەت گۇمانىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەقلى — ھوشى جايىدا بولسا، ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ مېنى تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئائىلىدىن چىرايلىقچە سىقىپ چىقارماقچىمىكىن يا؟ تەۋەككۇل دەپ ئۆيگە قەدەم باستىم.

ئىللىق ھاۋا تېنىمگە ئۇرۇلدى. ئۆيدىكى تونۇش نەرسىلەر ھەممىسى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ماڭا بېرىدىغان تەسىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. كۆزۈم ئەڭ دەسلەپ قوشنا ئۆيدىكى كارىۋاتقا چۈشتى. ئۇنىڭدا نېمە ئىشلار بولمىغان — ھە؟ بۈگۈن مۇنۇ ئايال بىلەن ئاشۇ كارىۋاتتا يېتىش ھوقۇقىنى تالىشىدىكەنمىز — دە؟ نەقەدەر نومۇسسىز يالىڭاچ تالىشىش بۇ! بىردىنلا ئۆزۈمدىن ھەم بۇ ئايالدىن يىرگىنىپ كەتتىم. مەن نامانىنىڭ ئايالى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن نېمىشقا ئاشۇ كارىۋاتتا ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىرگە بولغاندىمەن؟ بۇ ئايالمۇ ئېرىنىڭ مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە نېمىشقا ئاشۇ كارىۋاتتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغاندۇ؟ بىزنىڭ ئەرلەرنىڭ ئالدىدا خارلىقتا قېلىشىمىزدىكى سەۋەپ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىمىزنىڭ قەدىر — قىممىتىمىزنى قوغدىيالمايدۇ.

غانلىقىمىزدا ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ دەل مۇشۇ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ كەتكەن…

— ئۇلتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئالدىمدىكى كرىسلونى كۆرسىتىپ.

نامان مۇشۇ ئورۇندا مەڭزىمگە سۆيۈپ قويغان، ماڭا ئۇيقۇ دورىسى ئىچكۈزگەن… ئاشخانىدىن سۇنىڭ شىرىلداپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئايالمۇ چايغا بىر نەرسە سېلىۋەتمەس — ھە؟ كىرىپ قاراپ باقايمۇ يا؟ شۇ ئەسنادا ئۇ چەينەك، چىنىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. بىز كىرىشتىن ئىلگىرىلا شىرەگە مېۋە — چېۋىلەر تىزىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ بىر پىيالە چاينى قۇيۇپ، ئالدىمغا قويۇپ قويدى. ئۆيدە خۇددى گۆردىكىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىككى پىيالە چايدىن ھور چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا زەھەر يوقتۇ — ھە؟ كىم بىلىدۇ، بۇ ئايال كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنى بىلەن ئىچىدە توڭگۇز قاتراۋاتامدۇ، تېخى.

— چاي ئىچىڭ…

بۇ گەپ يەنە نامانىنى يادىمغا كەلتۈردى. ئۇمۇ ماڭا مۇشۇنداق سىلىق گەپ قىلغان. ئارقىدىن… ياق، ھەرگىز ئىچمەيمەن. ئالدىمدىكى ماۋۇ مېۋە — چېۋىلەرمۇ گۇمانلىق.

— گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالدىم— …دېدى ئۇ چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ.

قارىغاندا چايغا زەھەر سالماپتۇ — دە، مېنىڭ پىيالەمگە سالغان بولۇشى مۇمكىن. ھەرگىز ئالدىراپ ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇ ماڭا يۈزلىنىپ، پۈتنى ئالماپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مېڭىشىمۇ، ئولتۇرۇشىمۇ شۇنچە سىپايە. خۇدايىم بۇ ئايالغا گۈزەللىكنى ئايىماي بېرىپتىكەن — دە؟ نامانغا مۇشۇ ئايالمۇ يەتمەمدىكىنە؟ ئۇ مۇشۇنداق چىرايلىق ئايالغا

قانداقلارچە كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغاندۇ؟ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئادەمنىڭ نەپسى ھەرگىز قانمايدىكەن. ئەر — ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى بىلىپ بولمايدۇ. بەلكىم، بىر ئۆيدە ياشاۋېرىپ، نامان بۇ ئايالدىن زېرىككەندۇ. بۇ ئايال مۇنچە چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئۆزىگە چۈشلۈق نۇقسانى باردۇ. تويىنىڭ ئالدىدىكى بىرەر سەتچىلىك ئەرنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ كەتكەندۇ...

— ئەگىتىپ ئولتۇرماي، ئۇدۇللا دەۋېرەي، سىز مېنى تونۇمايسىز. ئەمما، مەن سىزنى خېلىدىن بېرى تونۇيمەن. ھازىرلا سىزگە ئۆزۈمنى نامانىڭ ئايالى دەپ تونۇشتۇردۇم. بۈگۈن نېمە ئىش توغرىلىق سۆزلەشمەكچى بولغىنىم سىزگىمۇ ئايان.

ئېرىمنى قايتۇرۇپ بەر دەيسەنغۇ تايىنلىق. بىراق، مېنىڭ قىزلىقىمنى كىم قايتۇرۇپ بېرىدۇ؟ كۆزۈم يەنە قوشنا ئۆيدىكى كارىۋاتقا چۈشتى. ئۇنىڭ سىرلىرى ھېلىمۇ پارقىراپ تۇرۇپتۇ. ئۇستىگە يېپەك گىلەم سېلىنىپتۇ. مۇبادا ئۇنىڭ جېنى بولغان بولسا قانداق بولاتتى — ھە؟ ئۇ چاغدا بەزى ئادەملەرنى مېھرى بىلەن پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويغان، بەزى ئادەملەرنىڭ گېلىدىن سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولاتتى. ئاجايىپ تەسىرلىك، قورقۇنچلۇق، يىرگىنىشلىك ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭدا ھەر ئاخشىمى مۇنۇ ئايال بىلەن نامان بىر — بىرىگە تەتۈر قارىشىپ ئۇخلاپ قالىدىغاندۇ — ھە؟

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بالا بار. بولمىسا ئاللىقاچان ئاجرىشىپ كەتكەن بولاتتىم.

ئاغزىڭدا دەپ قويغان گېپىڭغۇ سېنىڭ. راستىنلا

ئاجرىشىش خىيالىڭ بولغان بولسا، بالاڭغىمۇ قاراپ تۇرمايتتىڭ. ئەردىن ئاجراشساڭ بىر ئۆمۈر تۇل ئولتۇرۇپ قالماي دەپ ئېرىڭگە مەھكەم چاپلىشىۋالغانسەن تايىنلىق.

— ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ سوۋۇپ كېتىشۋاتقانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا تۇيغان. ئۇ چاغدا بالىمىزمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئاجرىشىشنى خىيالمۇ قىلماپتىمەن. ئەسلى مەن شۇ چاغدىلا ئۆز يولۇمنى تاپسام بوپتىكەن. كېيىن بالىمۇ تۇغۇلدى، بالا ئەر — خوتۇن ئىككىمىزنى يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بالا ئەر — خوتۇننى يېقىنلاشتۇرالمايدىكەن، پەقەت بىر — بىرىگە باغلاپ قويىدىكەن. مەن پۈتۈن مېھرىمنى بالامغا بېغىشلاپ ئۆتىۋەردىم. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئېرىم شۇ كۈنلەردە سىرتتا بىر قىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپتۇدەك، كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرسەم... سىز ئىكەنسىز.

مېنى قانداق قىلالايسەنكىن دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىسا، مېنى خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىدۇ دەپ ئويلىغاندۇ ياكى ئالدىدا تىزلىنىپ ئەپۇ سورايدۇ دەپ چوتنى خاتا سوققاندۇ. مېنىڭ ھېچكىمنىڭ ئالدىدا خىجىل بولغۇدەك، كەچۈرۈم سورىغۇدەك سەۋەنلىكىم يوق. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مېنىڭدەك بەختسىز قىزدىن نامان ئەپۇ سورىشى، ئېرىنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويۇپ، كوچىغا قويۇپ بەرگەن مۇشۇ خوتۇن ئەپۇ سورىشى كېرەك.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

گەپ قىلماستىن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدۇم. ئېرىڭ بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۆتىمەن دېيىش مۇمكىنمۇ؟

ئەمدى پۈتۈنلەي ئادا — جۇدا بولمەن دېيىشمۇ تەس. يالغان ئېيتىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇش قورقۇنچاقلىق، قىممىتىمنى چۈشۈرگەنلىك...

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىڭلىم، مېنى دېمىسىڭىزمۇ مەيلى، بالامنى ئويلاپ قويسىڭىز. بالام تىرىك تۇرۇپ يېتىم بولۇپ قالمىسىكەن.

نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ئايال؟ ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنى قىلچە ياخشى كۆرۈش — كۆرمەسلىكى بىلەن كارى يوق، پەقەت بالىسىنى دەپلا بىر ئۆيدە ياشاۋېتىپتۇ — دە، بۇ پۈتۈنلەي يالغان! ئۇنىڭ يەنىلا ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق. ئېرىنى ماڭا تارتقۇزۇپ قويغۇسى كەلمەيدۇ. نېمە دېگەن بىچارىلىك

— ھە؟ ئۇنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى يوق. ئىست، ئاشۇنداق خار كۈنگە قېلىپ ياشىغىچە، ئۆلۈپلا تۈگەشسەڭچۇ؟

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— ئويلىنىپ باقاي؟

— ئويلىنىپ باقاي؟ — ئۇ شىرەگە گومىدە بىرنى ئۇرۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. مۇلايىملىقلا ئۇنى ئاياللىق سۈپەتتە ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ قوپاللىقىدىن، پولنى دەسسەپ ئويۇۋەتكۈدەك گۈسۈلدەپ مېڭىشلىرىدىن يىرتقۇچ مەخلۇق بىلەن بىرگە تۇرغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، — بۇ يەردە يەنە ئويلىنىپ تۇرغىدەك ئىش بارمۇ؟ ئايالى بار بىر ئەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشتىن نومۇس قىلمامسىز؟ بۇرۇنغۇ مېنى ئۇقمىدى دەپ شۇنداق قىلىڭ، ئەمدى مەن بۇ ئىشنى بىلگەن، يۈزىڭىزگە سالغان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئويلىنىپ باقاي دەيسىزغۇ؟ سىزدىن چىرايلىقچە ئۆتۈندۈم. شۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق

قىلىش ماڭا ئاسانغا چۈشتىمۇ؟ ھېلىغۇ مەن ئوقۇغان، ئىلمىي ئادەم بولغاچقا سىز بىلەن چىرايلىقچە سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا قارا تۇرك خوتۇندىن بىرسى بولىدىغان بولسا، چېچىڭىزنى يۇلۇپ، قارنىڭىزنى تۆكۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. يەنە تېخى ئويلىنىپ باقاي دەيسىز! ھەقىقەتەن قىلىن ئىكەنسىز. قىلىنلىقىڭىزدىن ئېرىمنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتىكەنسىز — دە؟

نېمىدىن قورقاتتىم؟ كانىيىمغا ئېسىلغاندا بىر گەپ بولار. ئۇ ھەرگىز مېنى ئۆلتۈرۈپ قويماس. مۇنداق ھاقارەتكە چىداپ ئولتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

— ئېرىڭىزنىڭ كەينىگە مەن كىرىۋالدىممۇ، ئېرىڭىز مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالدىمۇ؟ ئوبدان سۈرۈشتۈرۈپ گەپ قىلىڭ!— دېدىم مەنمۇ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئېرىڭىز مېنى قوغلىشىپ يۈرگەندە سىزدەك خوتۇننىڭ بارلىقىنى ماڭا دېمىگەن. سىز شۇنىڭغىمۇ ئەرزىمەيسىزغۇ؟ ئۇ ئاغىنەمنىڭ ئۆيى دەپ مېنى مۇشۇ ئۆيگە باشلاپ كەلگەن. ماڭا ئۆيقۇ دورىسى بېرىپ، ئاندىن...

— مۇشۇ ئۆيدە؟ سىزگە چېقىلغانمۇ؟ يالغان! يالغان ئېيتىۋاتىسىز— ... ئۇ كرېسلوغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. چىراي — تۇرقى سەتلىشىپ كەتتى، — سەن ماڭا يالغان ئېيتىۋاتىسەن، ئېرىمگە بەتنام چاپلاۋاتىسەن. ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ...

سىزلەمسەن، سەنلەمسەن ماڭا بەربىر. ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيدۇ تېخى. گەپلىرىمگە ئىشەنمىسەڭ مەيلى. بۇ ئىشنىڭ مۇشۇ ئۆيدە بولغانلىقىنى دېمىسەم بوپتىكەن. بەكلا رەھىمسىزلىك قىلدىممۇ قانداق؟ ئۆزى ئۆزىگە قىلدى. ئۇنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىداش

مۇمكىنمۇ؟

— مۇشۇ ئۈيدە...

ئۇ بىردىنلا نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغاندەك شۇ سۆزنى تەكرارلايتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان پەخىرلىنىپ يۈرگەن بۇ ئۆي ئەمدى ئۇنىڭغا يىرگىنىشلىك تۇيۇلدىمۇ قانداق، ئۈمىدسىز، ئېرەنسىز ھالەتتە ئەتراپىغا قاراپ قويدى. پەگادىكى، دېرىزە تەكچىسىدىكى گۈللەر غەمگۈزارلىنىڭ قايغۇسىغا پەرۋا قىلمىغاندەك بىر خىلدا باراقسان ياشناپ تۇراتتى. ئۇ بۇ گۈللەرنى نېمە دەپ باققاندۇ؟ ئۆينى چىرايلىق ياساش ئۈچۈنما؟ مۇھەببەت بولمىغان ئۆينى قانچە ياسىغان بىلەن بىكار. ئۇ يەنىلا سوغۇق، يىرگىنىشلىك، ھەممىدىن يىرگىنىشلىكى ئاۋۇ كارىۋات، ئۇ بۇرۇن بۇ ئايالنىڭ جەننىتى ئىدى. ئەمدىچۇ؟ ئاشۇ جەننەت بولغىنىپ دوزاخقا ئايلاندىمۇ؟ ئۇ بۇندىن كېيىن ئاشۇ كارىۋاتتا ئېرى بىلەن بىرگە ياتقىنىدا ئېرىنىڭ مەن بىلەنمۇ بىللە ياتقىنى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئازابلىنىدۇ. ئەمدى بۇ ئۆينى تازىلاپ پاكىزلاپ بولۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەنە نېمىگە تارتىشىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىدىن نەچچە تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇ گەپلىرىمگە ئىشەنگەن، رەھىمسىز رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ يەنە ئېرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈسى، بۇ ئۈيدە داۋاملىق تۇرغىسى كېلەرمۇ؟ پەسكەش ئەردىن يۈز ئۆرۈش، پاسكىنا ئۈيدىن ۋاز كېچىش شۇنچىلىك تەسمىكىنە؟

— سەن ئېرىمنى ئازدۇرۇپسەن! ئاللىقانداق يەرلەردە بۇزۇلۇپ كېتىپ، بىزنىڭ ئۆيىمىزمۇ بۇلغاپسەن! بۇزۇق دېگەننىڭغۇ بارمايدىغان يېرى، كىرمەيدىغان تۆشىكى يوق. كۆزۈمدىن يوقال! بۇرنۇمغا سېسىق پۇراپ كېتىۋاتىسەن.

سومكامنى ئېلىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. ئەمدى

تالىشىپ ئۇلتۇرۇشىنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى. ئېرىڭنى مەن ئازدۇرۇپتىمەن. بۇرۇنلا بۇزۇلۇپ كېتىپ ئاندىن ئۆيۈڭنى بۇلغاپتىمەن. ھىم! ئۆزۈڭنى بەزلەپ قېلىۋەر. قېنى كۆرەرمىز. ئۆزۈڭنى قاچانغىچە ئالدايسەنكىن.

ھويلىغا چىقىشىمغا ئىشىك گۈپپىدە يېپىلدى. نەچچە قەدەم ئېلىپلا ئۇنىڭ ھۆكرەپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن بۇ چىرايلىق دوزاختىن ئاخىرى ساق — سالامەت قايتىپ چىقتىم. ئەمما، ئۇنىڭدا ماڭا ئوخشاش بىر ئاجىزە دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە نالە — زار قىلغىنىچە قالدى. ئۇ بۇنىڭغا قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەر؟ ئۇ يەنە ئۆزىنى بەزلەيدۇ. بەزلەش دورىسى بىلەن كارىۋىتىنى دېزىنفىكسىيىلەيدۇ، ئۆيىنى قايتا خىيالىي جەننەتكە ئايلاندۇرىدۇ...

ئاچچىقىمغا ھاي بەرمەي دەپ سالغان گەپلىرىمدىن نەچچە كۈنگىچە بىئارام بولدۇم. بىر ساداقەتمەن ئايال ئۈچۈن ئېرىنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن يوشۇرۇن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش، ئاشۇ قىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىدە، پەقەت ئىككىسىگىلا تەۋە بولغان سۆيۈملۈك كارىۋىتىدا ئاپاق — چاپاق بولۇپ بىرگە يېتىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاش ... نەقەدەر قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ئىش — ھە؟ مېنىڭ مۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىپ، ئۇ شەرمەندە قىلىقلارنى ئاشكارىلاش خىيالىم يوق ئىدى. ئۇ مېنى ھاقارەتلەپ، غورۇرۇمغا تەگمىگەن بولسا، بەلكىم، ئۇنىڭ چىرايلىقچە ئۆتۈنۈشلىرىدىن تەسىرلەنگەن، ئانا — بالا ئىككىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەتكە ئالغانمۇ بولاتتىم. ئەمدى بۇ ئىشلار قىپ — يالىڭاچ ھالەتتە ئاشكارىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئېرىدىن پۈتۈنلەي ئادا — جۇدا بولارمۇ؟ بۇ ئىشقا جۈرئەت

قىلالارمۇ؟ بەلكىم، ئۇ ئېرىگە بىر مەزگىل قىيداپ يۈرەر. ئېرىگە كېلىدىغان جازانى خۇداغا تاپشۇرۇۋېتىپ، يەنە ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك بىرگە ئۆتۈپ كېتەر. ياق! ئۇ بۇ ئىشنى يۈرىكىگە سىغدۇرۇپ كېتەلەمدۇ؟ كىم بىلىدۇ، بىز سۆزلەشكەن ئاشۇ كۈنىلا ئۇ خۇددى ئەزرائىلدەك ئېرىنىڭ كانىيىغا ئېسىلغاندۇ. ناماندىنغۇ ھازىرغىچە تېلېفون كەلمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، «يېپىق قازان يېپىق پېتى قالغان» دەك تۇرىدۇ. مۇشۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى بولدى. بولمىسا نامان مېنىڭدىن رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر كۈنى كەچتە تۇيۇقسىز كۆڭلۈم ئاينىپ، ياندۇرغۇم كەلدى. ئاغزىمنى ئەتكىنىمچە تازىلىق ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇچەي باغرىم ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك قېقىلىپ كەتتىم. سۇ جۈمىكىنى تۇتقىنىمچە بىر ھازا قۇرۇق ھۆ بولدۇم. قايتىپ چىققىنىمدا ئاتام بىلەن ئاپام مېنىڭدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرۇپتۇ.

— نېمە بوپسىز، قىزىم، — دېدى ئاتام كۆيۈنگەن ھالدا،

— بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— چۈشتە يېگەن تاماق سىڭمىگەن ئوخشايدۇ.

كۆڭلۈم ئاللىقاچان بىر شۇملۇقنى سېزىپ يەتكەن ئىدى. ھامىلدار بولۇپ قالغان ئوخشايمەن دېگەن دەھشەتلىك خىيال يۈرىكىمنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ئاياللاردىن ھامىلدارلىقنىڭ ئىپادىلىرى توغرىسىدىكى گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ باقمىسام بولمىدى. كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. شۇ چاغدا ئاپامنىڭ ماڭا بىر نەرسىدىن گۇمان قىلغاندەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

راستىنلا بويۇمدا قالغانمىدۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالسا،

يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىيمەن؟ باشقا بىر سەۋەبتىن كۆڭلۈم ئاينىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆزۈمنى ئورۇنسىز قىيناپ نېمە قىلىمەن؟ يەنە نەچچە كۈن قاراپ باقاي. بۇغۇ كېچىكتۈرىدىغان ئىش ئەمەس. بويۇمدا قالغانلا بولسا، بالا كۈندىن كۈنگە يوغىنايدۇ. ئۇ چاغدا بىر تەرەپ قىلماقمۇ تەسكە توختايدۇ. شۇڭا كەينىگە تارتماي، ئەتىلا دوختۇرخانىغا بارغىنىم تۈزۈك. دوختۇر «بويىڭىزدا قاپتۇ» دەپ قالسا... تۈگەشكىنىم شۇ — دە. ئاپام ئاتامنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، بىر گەپلەرنى دەپ يۈرمىگىدى ئەمدى.

بۇ كېچە ئادەتتىن تاشقىرى ئۇزۇن بولدى. تاڭ ئېتىپ هاياتىمدىكى ئەڭ ۋەھىمىلىك بىر كۈنگە دۇچ كەلدىم. دوختۇرخانىغا بارماي ئامال يوق ئىدى. كوچىدىن ئىدارىغا تېلېفون بېرىپ قويۇپ، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم.

دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە تېنىمگە تىترەك ئۇلىشىپ كەتتى. قايتىپ كېتەي، دوختۇرنىڭ قاباھەتلىك سۆزىنى بىر كۈن بولسىمۇ ئاڭلىماي تۇراي، راستىنلا... راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا... ئاتام بۇ ئىشنى ئۇقسا، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. ياق... ياق... ئۇ كۈندىن خۇدايىم ساقلىسۇن... بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئاياللار بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. شۇ پەيتتە خۇددى دوزاخنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغاندەك ساراسىمىگە چۈشتۈم.

ئاياللار بۆلۈمىنىڭ تاشقى خانىسىدا ئېغىر ئاياق ئىككى ئايال نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىچكى خانىدا دوختۇر تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بىر ئايالنى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ. مەن ئىككى ئايالغا قاراپ قويۇپ، ئورۇندۇقنى چەتكە تارتىپ ئولتۇردۇم.

— نەچچە ئاي بولدى؟ — دېدى بىرسى پىچىرلاپ.

— سەككىز ئاي. سىزنىڭچۇ؟ — دېدى يەنە بىرسىمۇ پىچىرلاپ.

— يەتتە يېرىم ئاي.

— مېنىڭكى بىلەن تەڭلا دېگۈدەك ئىكەن.

ئۇلارنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى. تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ شۇنچە بىغەم — ھە؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرى ھالالدىن تۆرەلگەن. ئۇلار تومپايغان قورساقلىرىنى كۆتۈرۈپ كوچىدا يۈرۈشتىن نومۇس قىلمايدۇ، بەلكى پەخىرلىنىدۇ. قورسىقىدىكى بالىسى بىلەن ئۇنسىز سىردىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئالدىدا، خۇدا ئالدىدا قىلچە تىل قىسىنچىلىقى يوق. پەقەت مەنلا...

— نېمە بولدىڭىز؟

ئاياللار چىقىپ كېتىپ دوختۇر ماڭا گەپ قىلىۋاتقان ئىكەن.

— مەنما؟ — ئورۇندۇقنى تارتىپ، ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدىم. بىر كىرىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەپ، ئىشىككە قاراپ قويدۇم، — ئاخشام كۆڭلۈم ئاينىپ، قۇرۇق ھۆ بولۇپ ...

دوختۇر بىر ۋاراق تەكشۈرۈش قەغىزىنى تولدۇرۇپ، ماڭا سۇندى. ئۇنى ئېلىپ، لابراتورىيىلىك تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە كىردىم. دوختۇر تەكشۈرتۈش قەغىزىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ماڭا بىر كىچىك دورا قۇتىسىنى سۇندى. ئۇنى ئېلىپ، ھاجەتخانىغا چىقىپ كىردىم. دوختۇر ئىچكى خانىغا كىرىپ كەتتى. مەن كارىدورغا قايتىپ چىقىپ، غەمگە پاتقانچە ئولتۇرۇپ قالدىم. ھەممە پىشكەللىك قىز — ئاياللارغىلا... زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغىنىمۇ بىز، دەردىنى تارتىدىغىنىمۇ بىز. ھەي... نامان! سەن مېنى نېمىلەر

قىلمىدىڭ — ھە؟ سېنىڭ ماڭا سالغان خورلۇقلىرىڭنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتسام، بۇنىڭغا يەنە بىر دەرد قوشۇلدى. ئىلاھىم، بويۇمدا قالمىغاي. سەن يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك خىرامان يۈرسەن؟ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ھە؟ سەن مېنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلدىڭ. مەن بىرەر يىگىت بىلەن توي قىلىپ، ئاندىن بۇ يەرگە كەلگەن بولسام، ھەرگىز بۇ كۈنكىدەك غەم — ئەندىشىلەرگە چۆكۈپ ئولتۇرماي، دوختۇرنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتىم ئەمەسمۇ؟ ھەي...

— مەلىكە!

— ھە! مانا مەن...

ئۆلۈم خېتىنى ئالغاندەك تىترەپ تۇرغان قولۇمنى سۇندۇم. بىر ۋاراق قەغەزمۇ مۇنچە ئېغىر بولماس. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئالدىراپ خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتۇم. جىددىيلىشىپ كەتكەچكىمۇ ياكى خەتلەر ئىرماش — چىرماش يېزىلىپ كەتكەچكىمۇ ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم. بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئاياللار بۆلۈمىگە قايتا كىردىم. دوختۇر تەكشۈرۈش قەغىزىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ماڭا قاراپ كۈلدى. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. تومۇرۇمدىكى قانلار شىددەت بىلەن مېڭەمگە ئۇرۇلدى. دوختۇرنىڭ كۈلگىنىدىنلا ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

— مۇبارەك بولسۇن، بويىڭىزدا قاپتۇ.

بېشىم پىرقىراپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە... ھېچنېمە بولمىدىم...، — ئىشىك يېنىغا

بىرىپ قويۇپ، يەنە قايتىپ كەلدىم،— دوختۇر، سىزگە بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى. بۇ بالىنى چۈشۈرۈۋەتكىلى بولماسمۇ؟ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز.

دوختۇر بىر ئىشتىن گۇمان قىلغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويدى.

— نېمە سەۋەبتىن بۇ خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟

يۈزۈم چىمىلداپ كەتتى. ئەنسىرەپ ئىشىككە قاراپ قويدۇم. دوختۇرغا ھەممىنى دەۋېتىش كېرەكمۇ؟

روھسىز ھالەتتە ئاياللار بۆلۈمىدىن قايتىپ چىقتىم. بۇ بالىنى تېزدىن بىر ياقلىق قىلمىسام، قورسىقىم يوغىناپ، تېزلا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بويۇمدا قالغىنىغا بىر يېرىم ئايلار بوپتۇ. ھېلىقى كېچىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا بىرگە بولمىسام بوپتىكەن. ئۇ چاغدا ماڭا بۇ ئاۋارىچىلىقلارمۇ يوق ئىدى. ئاخىرى مۇشۇ كۈنگە قالدىمغۇ. ماڭىمۇ ئاز... مېنىڭدەك ئار نومۇسنى بىلمەيدىغان قىز ئۆلۈمگە لايىق! دوختۇرغا قىزىل بولاقنى سۇڭگۇتسە، ھەر ئىشلارنى پۈتتۈرگىلى بولىدۇ دەپ ئاڭلايمەن. نامان ئۈنچىلىك پۇللارنى چىقىرىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۇ ھەر قانچە ئەخمەق بولسىمۇ، بۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ. ھەي! ؟ بۇ بالىنى نېمىشقا چۈشۈرۈۋەتكۈدەك-مەن؟ بالىنىڭ ئاتىسى بىلەن توي قىلساملا ئىش پۈتمەمدۇ؟ توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك! ئۇنىڭ ئايالى ئاجرىشىشقا ئۇنىمىسىچۇ؟ بېسىم ئىشلىتىش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى نامانغا بېسىم ئىشلىتىش زۆرۈر. شۇ چاغدا ئۇلار ئاجراشماي نەگە بارالايتتى؟ ئاھ... مەن نېمە بولدۇم — ھە؟ بۇرۇن نومۇسچان، پاك قىز ئىدىم. مانا ئەمدى پەرىزاتتىن يالماۋۇزغا ئايلىنىپ قىلىۋاتىمەنمۇ قانداق؟ ئامال يوق. رېئاللىق مېنى مۇشۇنداق

قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا...

تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدىم. ئۇ شۇ تاپتا قەيەردىدۇ؟ كوماندىروپكىغا چىقىپ، يىراقلارغا كەتكەن بولمىغىيدى. ئۇ ئىشخانىسىدا پەقەت ئولتۇرمايدىكەن ... ئۇنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى باستىم. «جىددىي ئىش. تېز جاۋاب قايتۇرۇڭ» دەپ سۆز قالدۇردۇم. نەچچە مىنۇت ساقلىغان بولساممۇ تېلېفون كەلمىدى. ئەستا... ئۇ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى يەنە باستىم. ئىچىم تىت — تىتلاپ، ئۆزۈمنى تالىغۇدەك بولدۇم. ئۇ تېلېفون ئىزدەپ يۈرەمدىغاندۇ؟ لالما! كوچا — كويدىن كىرمەي، يۈندا يالايدىغان لالما... تېلېفون جىرىڭلىدى. ئالدىراپ تىروپكىنى ئالدىم.

— ۋەي! ! نامانما؟

— ھە، مەن. قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ھازىرلا يېنىمغا كېلىڭ! سىزگە دەيدىغان مۇھىم ئىش بار.

— مەن ھازىر يېزىدا. خىزمەت تەكشۈرۈۋاتقان. كەچتە كۆرۈشسەك بولمامدۇ؟ قانداق جىددىي ئىشتى ئۇ؟

— بويۇمدا قاپتۇ...

— نېمە! ؟ نېمە دەيسىز؟ بويۇمدا قاپتۇ؟ ئەستا ماۋۇ ئىشنى...

ئۇنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. پەقەت ئۇستى — ئۇستىلەپ ئاھ ئۇرغىنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ دەردلەرنى مەنلا تارتىۋەرمەي، سەنمۇ تېتىپ باق.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

— تۇغىمەن.

— بولمايدۇ، دەرھال قىردۇرىۋېتىڭ! بولدى، بولدى،

تېلېفوندا تالاش — تارتىش قىلىپ تۇرساق ئەپسىز. دەرھال شەھەرگە قايتاي. چۈشتە كۆرۈشەيلى — ھە؟

ئاپرېل كۈنلىرى. ئاسماننى تۇمان قاپلىغان. قەغەز پارچىلىرى تەقدىرىمنىڭ بىشارىتىدەك كوچىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. يېقىمسىز شامال مېنىمۇ ئەخلەت قاتارىدا ئۇچۇرۇپ كەتمەكچى بولغاندەك ئاجىز تېنىمگە ئۇرۇلماقتا. ئەي، شامال! مېنى ئۇچۇرۇپ كەت! ئۇدۇل قەبرىگە ئاپىرىپ كۆمۈۋەت! مۇنداق ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل. ئىپپەت — نومۇسۇمنى يوقىتىپ، توي قىلماي تۇرۇپلا ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان مەندەك ناپاك قىزنىڭ بۇ دۇنيادا نېمە كېرىكى...

نامان ھاسىراپ — ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟ توڭلاپ كەتكەنسىز. يۈرۈڭ، بىرەر ئىسسىقراق يەرگە كىرىپ پاراڭلىشايلى.

ئۇنىڭغا ئۈنسىز ھالدا ئەگەشتىم. ئۇ مېنى بىر رېستوراننىڭ ئايرىم خانىسىغا باشلاپ كىردى. بىر نەچچە خىل قورۇما، تاماق بۇيرۇتتى. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇراتتى. قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتكەن ئىدى.

— ئالدى بىلەن ئازراق بىر نەرسە يەڭ. ئاندىن قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلىشەيلى.

— ھېچ نەرسە يېگۈم يوق. مۇشۇنداق چاغدا گالدىن بىر نەرسە ئۆتەتتىمۇ.

ئۇ چوكىنى قويۇپ، تاماكىغا ئوت ياقتى. ماڭا قاراپ قويۇپ، خىيالغا پاتتى. تاماق، قورۇمىلار مۇزلاپ، مايلىرى قاتماقتا.

— مېنىڭچە... تالاش — تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەڭ ياخشىسى قىردۇرىۋەتسىڭىزلا ئىش

تۇگەيتۇ.

— قىرىدۇرىۋەتسىڭىزلا ئىش تۇگەيدۇ؟ سىز ماڭا قانداق ۋەدە بەرگەن؟ پات يېقىندا ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ، سىز بىلەن توي قىلىمەن دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟

— ئۇ ئاجراشقىلى ئۇنىمىسا، ماڭا نېمە ئامال؟ ئۇرۇشتۇم، تىللاشتىم، ئۇ ھەتتا سىز بىلەن توي قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىمنىمۇ ئاڭلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلمىسا؟

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

— چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىمەن. شۇنىڭغىچە ئازراق كۈتۈپ تۇرۇڭ.

— باشتىلا خوتۇنىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ئېيتسىڭىز، ماڭا بۇ ئىشلارمۇ يوق. مېنى ئالداپ، ئاخىرى مۇشۇ كۈنگە قويدىڭىزغۇ؟ بولدى بەس! ئۈستىڭىزدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن!

— ياق! ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ! — ئۇ چاچراپ قوپۇپ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مۈرەمدىن مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۆزىگە قاراتتى، — ماڭا قاراڭ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. ئۇنداق قىلسىڭىز ھەممىمىزنى نابۇت قىلىسىز.

— مەن ئاللىقاچان نابۇت بولۇپ بولغان.

— مەن سىزنى تاشلىۋەتكىنىم يوققۇ؟ سىز بىلەن توي قىلىش نىيىتىمدىن مەڭگۈ يانمايمەن. سوتقا ئەرز قىلسىڭىز، سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ نامىم سېسىيدۇ. سىز قىز بالا بولغاچقا، سىزگە تېخىمۇ ياخشى ئەمەس. سوتقا ئەرز قىلسىڭىزمۇ مەيلى. ئۇ چاغدا ئىككىمىز قانداق توي قىلىپ، بىر ئۆيدە ئۆتەلەيمىز؟ بۇ ئىشنى ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ

چىقتىم.

— مەن پۈتۈنلەي تۈگەشتىم! جېنىمدىنمۇ تويدۇم! ئەمدى بېشىمغا نېمە كەلسە، شۇنى كۆرىمەن!

— مۇنداق تەرسالىق قىلماڭ، — دېدى ئۇ بېلىكىمدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپ، — هاياتتىن ئۈمىدنى مۇنداق بالدۇر ئۈزۈۋەتمەڭ. ئىكاھتىن ئاجرىشىشقا ماڭا يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىڭ. شۇنىڭغىچە بالىنى قىردۇرىۋېتىڭ.

— ياق، سىز ئىكاھتىن ئاجراشمىغىچە، هەرگىز قىردۇرىۋەتمەيمەن!

— ئەستاغپۇرۇللا...، — ئۇ ئىككى قولى بىلەن چېچىنى قامالىغىنىچە ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ئەلەم بىلەن چەكچىيىپ قارىدى، — سىز نېمانچە جاھىللىق قىلىدىغانسىز؟

— ئۆزىڭىز تاپقان بالا بولغاندىكىن، ئەمدى ئىگە بولۇڭ!

— بۇ ماڭا بالا ئەمەس، بالا بولىدىغۇ؟ بوپتۇ، مەن ئاجرىشىشقا دەرهال تۇتۇش قىلاي. ئەمما، ئۇ يەنە قوشۇلماي كەينىگە سۆرىۋەتسە، بالا چوڭىيىپ ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىككىمىزنىڭ هەممە ئىشلىرىمىزنى ئۇقۇپتۇ. ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىۋەرسەم، ئەر — ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانۇنسىز ئارىلاشتى دەپ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ مۇبادا ئۇ شۇنداق قىلىپ قالسا، مېنىمۇ، سىزنىمۇ سېستىپ تۈگەشتۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا سىز ئىككىمىزنى قارىلايدىغان ئىسپاتنى تېزدىن يوقىتىۋېتىڭ، ئاندىن مەن ئاجرىشىش تەكلىپىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قوياي. ئەگەر ئۇ يەنە قوشۇلمىسا، سوتقا هۆكۈم بىلەن مەجبۇرىي ئاجراشتۇرىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلاي. شۇ چاغدا ئۇ

ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ. قانداق، مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇ خوتۇن مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئەرز قىلىپمۇ قالارمۇ؟ ئۇنىڭ قوپال مىجەز — خاراكتېرىدىن بۇ ئىشنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. نامانىنىڭ دېگىنى توغرا. ئۇ خوتۇن سوتقا ئەرز قىلىپ قالسا، ھەممە ئىش ئاچچىق ئۇچەيدەك سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، پۈتۈن ئەلگە سازايى بولىدۇ. ئۇ چاغدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ نامانىنىڭ ماڭا ئۇيقۇ دورىسى بېرىپ ئاياق — ئاستى قىلغانلىقى — ئۇنىڭ خاتالىقى، مەن ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتىشىم — مېنىڭ خاتالىقىم. مۇبادا، مەن نامانىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى دەرھال چەتكە ئالغان بولسام، بۇ ئىش ئاشكارىلانغان ھالەتتىمۇ كىشىلەر مېنى كەچۈرەتتى. نىكاھسىز تېپىلغان بالىنىڭ نېمانچە قەدىرى يوقتۇ؟ ئۇنىڭ تەقدىرى نەقەدەر ئېچىنىشلىق — ھە؟ مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا:

— بوپتۇ، ئەتىلا دوختۇرخانىغا باراي، — دېدىم.

— مەنمۇ بىللە بارىمەن، — دېدى ئۇ ئالدىراپ — تېنەپ.

ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. قورسىقىم ئېچىپ گۈرۈلدەپ كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا بالىنىڭمۇ قورسىقى ئېچىپ كەتكەندۇ — ھە؟ بۇگۈن ئاتا — ئانا ئىككىلەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بېكىتتۇق. بىز شەخسىيەتچى، تاش يۈرەك، رەزىل قاتىل! تۇرمىدە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىگە بۇ ئالەمدىن ئۆزتىش تامىقى بېرىلىدىكەن. چوكىنى ئېلىپ، تەخسىگە قول سۇندۇم. كۆپرەك يەي، بۇ بالامنى ئۆزتىش تامىقى بولۇپ قالسۇن. كۆز — يېشىم

مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ ئاغزىمغا كىرىپ كەتتى. بىردىنلا ئۆپكەم ئۆرلەپ، شىرەگە دۈم يېتىۋالدىم.

— قىردۇرمايمەن! بالامغا ئۇۋال قىلىپ قويغۇدەكمەن، — دېدىم يىغامنى توختىتالماي، — ئاجراشمىسىڭىزمۇ مەيلى. خوتۇنىڭىز بىلەن ئۆتىۋېرىڭ. مېنىڭمۇ ھېچبىر دەۋايىم يوق. بالامنى ساق — سالامەت تۇغۇۋالساملا بولدى. مەن بالام بىلەن بىرگە ياشاي، بىر ئۆمۈر ئەرگە تەگمىسەممۇ مەيلى. بالام ئۈچۈن مەن ھەممىگە رازى. قاراپ تۇرۇپ بىر جاننىڭ جېنىغا زامىن بولۇشقا يۈرىكىم چىدىمىغۇدەك، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ...

چوكىنى تاشلاپ، تالاغا قاراپ ماڭدىم. بالام بۇ ئۇزىتىش تامىقىنى يېمىسۇن، ئۇ ئىللىق ئائىلىگە قايتىپ، مېھرى — مۇھەببەت قوشۇپ ئېتىلگەن تاماقنى يېسۇن.

— مەلىكەم، توختاڭ!

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

غەم — ئەندىشە، ئازاب دەستىدىن تېنىم ئاجىزلاپ كەتتى. قورسىقىمدىكى بالا چوڭايغانسېرى غېمىممۇ جىقلاپ باراتتى. چىرايىم سارغىيىپ، كۆزۈمنىڭ چۆرىسىگە داغ چۈشۈپ كەتتى. ئاپام بىر ئىشتىن گۇمان قىلسىمۇ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى. ئاتامنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ، مەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ يېتەلمىگەندەك تۇراتتى. ئەمما، بۇ مەخپىيەتلىكنى قاچانغىچە ساقلاپ يۈرۈش مۇمكىن؟ ئۇ ھامان ئاشكارىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئاتامنىڭ ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولار — ھە؟ ئاتامغا ھەممىنى چۈشەندۈرسەم، ئۇ مېنى ئەپۇ قىلار. بىراق، ئۇ نامانىنى كەچۈرمەسلىكى، سوتقا ئەرز قىلىشى مۇمكىن.

نامان ماڭا كۈندە دېگۈدەك تېلېفون بېرەتتى. هەر قېتىملىق تېلېفوندا بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش توغرىلىق نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ نىيىتىمدىن يېنىۋېلىپ، ئەرز قىلىشىمدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى. هامىلىنىڭ كۈندىن — كۈنگە چوڭىيىشى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بولغان تەھدىتىنى ئاشۇرۇپ باراتتى. بالىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن هەر ئىككى ئائىلىدە بىر چوڭ ئالا — توپىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇ چاغدا هەممىدىن بەكرەك ئاتام ئۇياتقا قالىدۇ — دە. مېنىڭدەك هاياسىز قىزنىڭ نىكاهسىز بالىلىق بولۇشى ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن بىر جاننىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن هەممىگە چىدىشىم كېرەك.

بۈگۈن ئەتىگەن ئىشقا بارسام، بىنانىڭ ئىچىنى ۋاراڭ — چۇرۇڭ، تاراق — تۇرۇق قىلغان ئاۋازلار بىر ئاپتۇ. هەممەيلەن ئۇستەل — ئورۇندۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يېڭى بىناغا ئالدىراش كۆچۈۋېتىپتۇ. مەنمۇ بىرەيلەننى ياردەملەشتۇرۇپ، ئۇستىلىمنى غاچچىدە كۆتۈردۈم.

— ۋايجان! — ئۈچىيىم ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك پۈتۈن بەدىنىمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ پۈتىڭىز قىسىلىپ قالدىمۇ؟

جايىمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم، خىزمەتدىشىم كېلىپ، مېنى يۆلىدى.

— بېلىڭىز چىم بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟

— هەئە...

بالا بويۇمدىن ئاجراپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئۇستەلنى نېمە دەپمۇ كۆتۈرگەندىمەن؟ مىجەزىم يوق تۇرىدۇ دېسەم، باشقىلار يۆتكەپ بېرەتتى ئەمەسمۇ؟ خۇن تەۋرەپ كەتمەستە دەرهال

دوختۇرخانىغا باراي. بۇ ئىشنى خىزمەتداشلىرىم بىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ. نامانىغا خەۋەر قىلاي. ئۇ ھازىرلا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا كەلسۇن. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى — دە…

بېشىمغا تاغ يىقىلغاندەك بولدى. دوختۇر ياتاقتا ياتمىسىڭىز، بالىنى ساقلاپ قالغىلى بولمىغۇدەك دېسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا ئاتام بىلەن ئاپام دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇ سەتچىلىكلەر ئاشكارىلىنىدۇ. ئاھ، خۇدا! بۇ ئار — نومۇستىن تېنىمنى نەگە يوشۇرارمەن؟ ئاتام بالىنىڭ ئاتىسىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. تۇغۇشۇمغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟ زادى قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى… قىردۇرۇۋېتىش كېرەك! شۇ چاغدا بۇنى ھېچكىم ئۇقمايلا قالىدۇ. ئاتا — ئانامغا باش ئاغرىقىمۇ بولمايدۇ. ياش تۇرسام، يەنە تۇغۇۋالارمەن. ھارامدىن تېپىلغان بىر بالا ئۈچۈن ئۆزۈمنى نابۇت قىلىشنىڭ، ئاتامنىڭ يۈزىگە ئۆچمەس داغلارنى سېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق! ھەرگىز…

نامان مېنى تاكسى بىلەن بىنانىڭ ئالدىغىچە ئەكىلىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. پەلەمپەيدە نەچچە توختاپ، ئۆيگە ئاران كىرىۋالدىم. چۈشتە ئاتام، ئاپاملار ئىشتىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار رەڭگى — روھىمغا قاراپلا ھەممە ئىشنى سېزىپ قالىدۇ. بالامۇ چۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئۇن — تىنسىزلا ئۆلۈپ قالسامچۇ… شۇ چاغدا نامانمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ، ئاتاملارغىمۇ كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرمەيتتىم. ئاھ، شورلۇق تەقدىرىم… جەننەتنىڭ ئاستىدا دوزاخ، ئەرلەرنىڭ ئاستىدا ئايالللار…

ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆيدە چىشىمنى مەھكەم چىشلەپ يۈرىمەن. ئاتاملارغا راست گەپنى قىلىش مۇمكىنمۇ؟ بۇ

كۈنلەردە يالغان گەپلا ئۇلارنى ئازابتىن ساقلىيالايدۇ. نامانغا باغلىنىپ قالغان كۈندىن تارتىپ، ئۇلارغا يالغان گەپ قىلىشقا باشلىغان ئىدىم. يەنە قاچانغىچە يالغانچىلىق قىلارمەن؟ نامانىمۇ ئايالىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ يۈرمەمدۇ؟ ئۇ مېنىمۇ ئاز ئالدىدىمۇ؟ توختا، ھايات دېگەن يالغانچىلىق ئوخشىمامدۇ؟

مېنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ — ھە؟ يېشىممۇ يىگىرمىدىن ئاشتى. مۇشۇنداق يۈرىۋەرسەم، بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن قېرى قىزغا ئايلىنىپ بارىمەن. توي قىلماي تۇرۇپلا بويۇمدا قېلىپ، چىرايىمغا داغ، قورۇقلار چۈشتى. ياشلىقىم بارا — بارا جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتماقتا. ئەڭ قورقۇنچلۇقى قىزلىق ئىپپەت — نومۇسۇمدىن ئايرىلدىم. قاش — كۆزۈمنى ئوينىتىپ، بىرەر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە قايتا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن. لېكىن، ئۇ مېنىڭ ناپاكلىقىمنى بىلىپلا قالىدىغان بولسا، بۇنىڭغا باشقا بىرسىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگىنىم بىلەنمۇ، ئۇنىڭ قايتا ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشىم، سۆيۈشىگە، قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇشۇم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ كۈنلەردە نامانىدىن رەنجىپ يۈرسەم، ئۇنىڭ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىغا باھانە بولۇپ بېرىدۇ. بالا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى مېنىڭدىن قورقمايدۇ. ھەتتا سوتقا ئەرز قىلىشىمدىنمۇ قىلچە ئەنسىرىمەيدۇ. بالا چۈشۈپ كەتكەن چاغدا نېمىشقا تەكشۈرۈتۈپ، بىرەر پارچە ئىسپات ئېلىۋالمىغاندىمەن؟ نامانىنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي مۇھەببەت بولمىسىلا، مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن. ئەمدى قىزلىقىمنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ئاللىكىملەر تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ كېتىپ، ماڭا دۆڭگىمەكچى بولۇۋاتامسەن دېيىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق

بىلجىرلاشلىرىغا رەدىيە بېرىدىغان ئىسپات قېنى؟ ئۇ بىر قارا ئۆمۈچۈك! ئۇنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتىمەن. ئۇ مېنى يەۋەتمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ… كىم بىلىدۇ، بەلكىم، بۇ مەندىكى خاتا تۇيغۇلاردۇ. مەن خاتالىقنىڭ ئۇستىگە يەنە خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتقاندىمەن. ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن چوقۇم چىقىپ كېتىش كېرەك. ئۇ مېنى ئالدىسا بولىدىكەنۇ، مەن باشقىلارنى ئالدىسام بولمامدىكەن؟ نوچى بولسا ئالدانمىسۇن. تەتۈرلۈك بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا كىم كىمنى ئالدىيالىسا، شۇ غالىپ ئىكەن، شۇ ئەقىللىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە كېلىدىغان تېلېفونمۇ ئازلاپ كەتتى، كوچىلاردىمۇ كۆپ ئۇچرىتالمايمەن. ئۇ ئايالى بىلەن نېمىلەر بولۇشۇپ كەتكەندۇ؟ نەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇ ئايالىنىڭ يامانلاپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇلار مۇشۇ يامانلاشقانچە ئاجرىشىپ كېتەرمىكىنتاڭ؟ قارىغاندا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىمۇ يالغان ئەمەس ئوخشايدۇ. ھەممە گەپ قەدرىنى بىلمىگەن ئاشۇ خوتۇندا، ئۇ ياخشى كۆرمىگەن ئەر بىلەن بىرگە ياشاپ قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەر؟ رۇدىپايدەك چاپلىشىۋالغىچە ئۆزىنىڭ قەدىر — قىممىتىنى ساقلاپ، ئاستا يولىنى تاپسا بولمامدۇ؟ ئۇيات …ئۇيات ھەي… ئېرىنىڭ كۆڭلىنى، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى بىلمىسىغۇ مەيلى، نېمانداق كۆڭلى يوق خوتۇندۇ ئۇ — ھە؟ ئادەمنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. نامان بىلەن ئارىلىشىپ قالغىلى بىر يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن راستىنلا توي قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى ھازىرغىچە ئېنىق بىلمەي يۈرۈپتىمەن. ئۇنىڭ مېنىڭدەك ياش، گۈلدەك چىرايلىق قىز بىلەن توي قىلغۇسى بولسىمۇ، ئاشۇ خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ كېتىشكە ئامال قىلالمايۋاتقاندۇ ياكى

خوتۇننى ئۆيگە قارانچۇق قىلىپ قويۇپ، سىرتتا مېنىڭ بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ يۈرگەندۇ. تىلنىڭ ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەش رولى ئاللىقاچان يوقالدى. ياق، تىلنىڭ هازىرمۇ رولى بار. ئۇ پەقەت قەلبىنى يوشۇرۇش... ئاھ، خۇدا! مەن راستىنلا ئالجىپتىمەن. ئۇنىڭ گەپلىرى راست، ئۇ مېنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. ئاخىرى مەن بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇنى سەۋرىچانلىق بىلەن كۈتۈشۈم كېرەك.

مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن باشقا چىقىش يولۇم يوقمىدۇ؟ خېلىلا يامان ئاتاقتا قالغان قىزلارمۇ توي قىلىپ چىرايلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتامدۇ؟ گەپ ئۇستاتلىقتا. ئۆزۈمنىڭ هالى مۇشۇ بولغاندىكىن، يىگىتلەرگە يۇقىرى تەلەپ قويمىساملا بولىدىغۇ؟ بىزنى ناپاك دەيدىغانلار كۆتەرسۇن قاسقىنىنى. ئاشۇلارنىڭ ئۆزلىرى قانچىلىك پاك ئىكەن؟ قىزىق ئىش، ئۇلار بىزنىڭ پاكلىقىمىزنى سۈرۈشتۈرىدىكەنۇ، بىز ئۇلارنىڭ پاكلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىكەنمىز. خوتۇنى بار بىر ئەر بىلەن ئات كۆتۈرۈپ قالغان مېنىڭدەك ئۇياتسىز قىزغا كىم يېقىنلىشار؟ نامىم بۇلغانمىغان بولسا، مۇشۇ چىراي — ھۆسنۈم بىلەن نى — نى يىگىتلەرنىڭ تاللىشىشىدا قالاتتىم ئەمەسمۇ؟ ھەي... پۈتۈنلەي تۈگەشتىم. باشقىلار ئىپپەت — نومۇسۇمنىڭ بۇلغانغانلىقىنى ئېنىق بىلمىگىنى بىلەن يەنىلا يامان ئېتىمنى بىلىشىدۇ. يىگىتلەر مېنىڭ يامان نامىمدىن يىرگىنىپلا يېقىن يولىمايدۇ. هازىر مۇھەببەت سېھرىدىن كۆزى تورلىشىپ، قىزلارغا مەجنۇنلارچە ئاشىق بولىدىغانلار، ئۇلارنىڭ ھەممە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدىغان رومانتىك يىگىتلەر نېمە قىلسۇن؟ ماڭا يېقىنلىشىدىغانلار يەنە چىقىدۇ. ئەمما، ئۇلار قارا ئۆمۈچۈكتىنمۇ بەتتەر ھەسەل ھەرىلىرى. مەن يىگىتلەرنىڭ ھەقىقىي سۆيۈشىگە، قەدىرلىشىگە ھەرگىز

ئېرىشەلمەيمەن. نامانىڭ بۇرۇن مېنى ئۆزىگە باغلىۋالماقچى بولدۇم دېگىنى دەل مۇشۇ ئىكەن — دە؟ ئۇنىڭدىن رەنجىگەن بىلەنمۇ ئەمدى نەگە بارالايمەن؟ باشقىلارغا خار بولۇپ يۈرگىنىمدىن كۆرە، ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغىنىم ئەۋزەل ئىكەن. ئۇ مەن بىلەن توي قىلىمەن دەپ ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىنمۇ قورقمىدىغۇ؟

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، كۆڭلۈمگە شەيتان ۋەسۋەسىسى كىرىۋالدى. ھېلىقى خوتۇن يامانلىقتىن قايتىپ كەلمىگەن بولسا، نامانىنى ئىزدەپ ئۆيىگە بېرىپ باقسام قانداق بولار؟ ئۇ خوتۇن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن تېلېفون بېرىپ بېقىش كېرەك. تېلېفوننى ئۇ ئايال ئېلىپ قالسا، گەپ قىلماستىن قويۇۋېتەرمەن. توختاپ تۇر، تېلېفوننى نامان ئالسا، مېنى سېغىنىپ چىدىيالمىدىڭمۇ دەپ مەسخىرە قىلمامدۇ؟ تومۇرۇمنى تۇتقۇزۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ياخشىسى چاقىرغۇ بېرەي. ئۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلسۇن. شۇ چاغدا...

تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. توك تېپىۋەتكەندەك قولۇمنى شاققىدە تارتىۋېلىپ، يەنە سۇندۇم.

— ۋەي؟ كىم؟ مەلىكەمۇ؟

نامان؟ مۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغان بارمۇ؟ مېڭەم تارقاتقان دولقۇنلار ئۇنىڭ مېڭىسىدىمۇ ئوخشاش خىيالنى پەيدا قىپتۇ — دە؟ بىر ئايدىن بۇيان قىلغان خىياللىرىم ئۇنىڭ ئېڭىدىمۇ پەيدا بولغانمىدۇ؟ بەلكىم پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇنى مېنىڭ مېڭەمدىن تارقالغان دولقۇنلار قوزغىمىغانلىقىنى بىلمىگەندۇ...

— ۋەي — ۋەي؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ سىز كىم؟

— مەن... مەلىكە، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشى، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ ئادەمنى ئەجەپمۇ قورقۇتتىڭىز. سىزنى كۆرگىلى بولمايدىغۇ؟ قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟

— زېرىكىپ كەتتىم...

ئويلىمايلا شۇ گەپنى دەپ سالدىم. ئۇ قانداق ئويلاپ قالغاندۇ — ھە؟ باشقا قىزلاردەك سىرتلاردا ئەركىن، ئازادە يۈرگەن بولسام قانچە ياخشى بولاتتى؟ ئۆزگە بولغان ئىشەنچتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆيدە جىنايەتچىدەك سولىنىپ ئولتۇرۇش نەقەدەر زېرىكىشلىك — ھە؟ ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكە ئاۋازى خىيالىمنى ئۈزىۋەتتى.

— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز؟

— سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىنمۇ مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلايدىكەنمەن. ئۆيىڭىزدىن چىقامسىز؟ كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قويىمەن. مەن يالغۇز، ئۆيگىلا كېلەمسىز — يا؟

ئۇنىڭ ئايالى تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ — دە. شۇنچە ئۇزۇن يامانلىقتا تۇرغىنىغا قارىغاندا، ياراشمىقى تەس ئوخشايدۇ. ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئۆيگە يەنە بارارمەنمۇ؟ بارغاندىكىنلا ھەرگىز تېنچ قايتىپ كەلگىلى بولمايدۇ. قىزلىق دەۋرىم كەلمەسكە كەتتى. يەنە ئەنسىرىگۈدەك نېمە بار؟

— ئايالىڭىزنى قايتۇرۇپ ئەپكېلىۋالماپسىزغۇ؟

— سوتقا ئاجرىشىپ كېتىش توغرىلىق ئەرز سۇنايمىكىن دەيمەن.

ئۇ تېخىچە بىر قارارغا كەلمەپتۇ — دە. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك. يەنە بوشاڭلىق قىلسام، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشۇم مۇمكىن.

— ئۆيىڭىزدە ساقلاپ تۇرۇڭ...

يارىشىملىق كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم. تۈجۈپلەپ

گىرىم قىلدىم، ئۇستى — بېشىمغا ئەتىر چاچتىم — دە، سومكامنى ئېسىپ كوچىغا چىقتىم.

— تاكسى!

يولدا كېتىۋېتىپ كاللامغا يەنە شۇم خىياللار كىرىۋالدى. بۇ بىر قىلتاق بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ مېنى ئايالىغا تۇتۇپ بەرمەكچى. ئۇلار شۇ چاغدا مېنىڭدىن بىر تېپىك بىلەنلا قۇتۇلالايدۇ. ئۇنىڭ سوتقا ئەرز قىلىمەن دېگىنىگە نەۋاق؟ ئۇ تا هازىرغىچە بىر قارارغا كەلمەپتۇ. كەينىمگە قايتسام توغرا بولامدىكىن. بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز گۇمان. ئۇنى بۇگۈن ئاخشام چوقۇم بىر قارارغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن هېسسىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش كېرەك. بۇ يولنى باستىممۇ، ئاخىرىغا چىقىراي... «كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قوياي» دېگىنىنى. مېنى نېمە كۈرۈپ قالغاندۇ؟ مەن خۇددى بۇزۇق خوتۇندەك دەپ يۇرگەن گېپىنى...

شۇندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم بىرگە بولدۇم. ئۇنىڭ هېسسىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈشنى ئاللىقاچان كۆرسىتىپ بولغان ئوخشايمەن. ئۇ سوتقا ئاجرىشىش ئىلتىماسىنى سۇندۇم دېگەن بولسىمۇ، بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق. ئاڭلىسام، نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا خوتۇنى يامانلىقتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيىنى بىر چارايلىق تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇدەك.

ئۈمىدىم پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى. ئۇ خوتۇنىنى قايتۇرۇپ كەلگەنمىدۇ ياكى خوتۇنى ئۆزى قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟ بەلكىم، چوڭلار ياراشتۇرۇپ قويغاندۇ. قارىغاندا، مەن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاشنىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئوخشايمەن. مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ ئۇ ئەبلەخ — هە؟ ئۇنىڭ ئۆتكەندە «كۆڭلىڭىزنى ئېچىپ قويىمەن» دېگىنى

ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن – دە؟ كۆڭلىدە بولمىسا، شۇ گەپنى دەمدۇ؟ بۇرۇن قانداق قىز ئىدىم. ئەمدى قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم – ھە؟ بۇ دۇنيادا ئەركىشى يوقتەك ئاشۇ لۆم – لۆمنىڭ خوتۇنىدىن ئاجرىشىشنى كۈتۈپ، چاشقاندەك مارىلاپ يېتىپتىمەن. مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئايرىلسام ياشىيالماسمەنمۇ؟ بولدى بەس! ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات. نە بالالىق كۈنگە قالسامۇ، ئۆز پېشانەمدىن كۆرەي.

كەچكۈز ئاسمىنى تۇمان بىلەن قاپلانغان ئىدى. سارغايغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ تۆكۈلمەكتە. كۆڭلۈم كۈز ئاسمىنىدەك تۇتۇق، ياشلىقتىكى قىممەتلىك كۈنلىرىم ئاشۇ دەرەخ يوپۇرماقلىرىدەك بىردىن – بىردىن خازان بولماقتا. ئۈمىدىمنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنلىكىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك تۇراتتى. ئەمما، ئۇ شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك – ھە؟ قايتىدىنلا قەھرى – غەزىپىم تۇتتى. ئۇ مېنى ئەمدى ئىزدىمەمدىكەن؟ مېنى مۇشۇنداق تىپ – تىنچلا تاشلىۋېتەمدىكەن؟ ئۇنىڭ كەچۈرۈم سورايدىغان ئىككى ئېغىز سۆزىمۇ يوقمۇ؟ مەن شۇنىڭغىمۇ ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ قاپتىمەن – دە؟ ئۇنداق پەزىلەتسىز ئادەمدىن رەنجىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ باشقىلارنىڭ قەدىر – قىممىتىنى قىلىدىغان ئادەم بولسا، ھەرگىز مېنى نابۇت قىلىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويمايتتى. باشتىلا ئۇنىڭغا يولۇقۇپ قالغىنىم، خۇدانىڭ مېنى ئۇرغىنى ئىكەن. ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، ھەممە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھازىر پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ھەممىسى بىكار. ئەسلىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلگەن كۈندىن تارتىپلا ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىم كېرەك ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى مۇنچە خار ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمايتتىم.

ئۆزۈمدىنمۇ ئۆتتى. بۇنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ چالغان دېپىغا شۇنچە ئۇزۇن ئەخمەقلەرچە ئۇسسۇل ئويناپتىمەنكى، مەست ئادەمدەك ئۆزۈمنىڭ مەسخىرىلىك، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنىمۇ تۇيماپتىمەن. ھوشۇمغا كەلگىنىمدە ئورۇنسىز مەرىكىنىڭ باغىقىدەك تاشلىنىپ يېتىپتىمەن. ئۇ ئۇستات كەلدى. مېنى شۇنچە ئۇزۇن ئالدىيالىدى. ئۇ قاقباش تۈلكە مېنىڭدىن ئەقىللىق كەلدى. خۇددى كىچىك بالىنىڭ قولىغا پات — پات كەمپۈت تۇتقۇزۇپ قويغاندەكلا بىر ئىش قىلدى. ئايالىدىن ئاجرىشىپ، مەن بىلەن توي قىلىمەن دېسە ئىشىنىپ، مۇشۇ كۈنگە كەلگىنىمنى، ئۇ ئاشۇ بىر قېتىملىق ئۇيقۇ دورىسى بىلەنلا مېنى ئۆزىگە باغلىۋەتكەن ئىكەن. مەن ئەتىسى ئويغاندىم دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمەلىيەتتە شۇ ئاخشىمى ئىچكەن ئۇيقۇ دورىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ھازىرغىچە ئۇخلاپتىمەن. نەقەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان، قورقۇنچلۇق ئۇيقۇ بۇ — ھە؟ ئويلاپ باقسام، ئۇ مېنى شۇ ئاخشىملا ئاياق — ئاستى قىلىپلا قالماي، ھازىرغىچە ئىزچىل ئاياق — ئاستى قىلىپ كەپتۇ. ئەمدى بۇنىڭغا ھەرگىز چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ئادا — جۇدا بولۇش... قىلچە ئىككىلەنمەستىن، پۈتۈنلەي ئادا — جۇدا بولۇش كېرەك! مېنىڭمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىرەرسى باردۇ. بەلكىم، زىيادە قايغۇرۇپ كەتكەندىمەن. ھازىر بەزى يىگىتلەرنىڭ ئەرلىك غورۇرى تۆۋەنلەپ، قىزلارنىڭ پاكلىقىغا بۇرۇنقىدەك قاتتىق تەلەپ قويمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ناپاك. پاك يىگىتلەرلا قىزلارغا پاكلىق تەلىپىنى قاتتىقراق قويالايدۇ. ئۆزۈم ناپاك بولغاچقا، ماڭا ئۆزۈمدەك بىرەرسى چىقار. ئالجىپتىمەن، پۈتۈنلەي ئالجىپتىمەن...

بىر كۈنى ئاخشىمى ئاپام يېنىمغا كىرىپ كەلدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ ئىشىكنى مەھكەم يېپىپ، — ئۇزۇن بولدى، چىرايىڭىزمۇ ياخشى ئەمەس. ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

بېشىمنى چايقىدىم. راستىنلا ھېچ يېرىم ئاغرىمايتتى. پەقەت روھىم ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىدى. بۇنى ھېچقانداق دوختۇر داۋالىيالمايدۇ. ئاڭلىسام، چوڭ شەھەرلەردە قىزلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان دوختۇرخانىلار قۇرۇلۇپتىمىش. بىراق، ئۇلار مېنىڭ ئاياق — ئاستى قىلىنغان غورۇرۇمنى، مۇھەببىتىمنى، قەدىر — قىممىتىمنى ھەرگىز ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇ ئىشلارنى ئاپامغا دېگەننىڭمۇ نېمە پايدىسى؟ ئۇمۇ ماڭا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ...

— ئاتىڭىز بىلەن كۆپ غېمىڭىزنى قىلىمىز. كۆزىمىز ئۇچۇق چاغدا بېشىڭىزنى ئوڭلاپ قويساق بولاتتى.

ئەمدى بۇ بېشىمنىڭ ئوڭلىنىشى تەس. باشقىلار مېنىڭدىن قورقۇنچلۇق كېسەلىم بار دەك قېچىشىدۇ. مەن كاردىن چىققان قىز، پوتونلەي كاردىن چىققان... مېنى ھېچكىم سۆيمەيدۇ، قەدىرلىمەيدۇ. بىكاردىن بەرىسىمۇ ئالمىغان مالدەك ھېچكىم كېرەك قىلمايدۇ. ھېچكىم مېنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشنى خالىمايدۇ...

— بىرەرسى بارمۇ؟

نەقەدەر قورقۇنچلۇق سوئال — ھە؟ مەن ھازىرغىچە ئۆمۈرلۈك، ساداقەتمەن لايىق تاپالماي يۈرۈپتىمەن. تاپقىنىم باشقىلارنىڭ جۆرىسى ئىكەن. ئۆي بىلەن ئىدارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قاتناپ، جەمئىيەتكە ئارىلاشمىغاچقا، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ بولغان قاقباش تۇلكە ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. بىلگىنىمدە بەكلا كېچىكىپتىمەن.

— دېيىشكە خىجىل بولۇۋاتامسىز — يا؟

ھىم! خىجىل بولىدىغان نېمىسى قالدى؟ مۇھەببەت سىرلىقلىقىنى ئاللىقاچان يوقاتتى. بۇرۇن كىشىلەر مۇھەببەت قانچە مەخپىي تۇتۇلسا، شۇنچە مۇقەددەس بولىدۇ دەپ قارايتتى. شۇ چاغلاردا مۇھەببەت ھەقىقىي ئىدى. ھازىر ھەممە ئىش يالىڭاچلانماقتا. مۇھەببەتمۇ قويىنىڭ قوزىسىنى يالىغىنىدەك شۇ قەدەر ئاددىي ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. نېمىگە خىجىل بولاتتىم؟ لايىقىم بولسا، بۇرۇنلا ئۆيگە باشلاپ كېلىپ تونۇشتۇرۇپ قويمامدىم؟ قاۋاقخانىلار تولغان، كوچىلار چوڭ — چوڭ ئاممىۋى مەيدان، سورۇنلاردا قىزلار يىگىتلىرىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ، ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ پەرۋا قىلمايۋاتقان يەردە بۇ قانچىلىك ئىشتى؟

— يېشىڭىزمۇ يىگىرمىدىن ئاشتى، ۋاقتىدا توي قىلىۋالغىنىڭىز ياخشى.

ئاپامنىڭ ئېيتقىنى توغرا، يىگىرمە يېشىم... بۇ مېنىڭ گۈلدەك رەڭگىمگە، خوش ھىدىمغا تولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلىدىغان ۋاقتىم. لېكىن، مەن ھازىر ئېچىلىپ، سولۇپمۇ بولدۇم. ئاتام بىلەن ئاپام بۇنى بىلمەي، مېنى بىرسىنىڭ چېكىسىگە پاتراق قىسىپ قويۇشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئۇلار مېنىڭ باغچىدا ئۈزۈپ تاشلانغان گۈلدەك يەردە سولۇپ ياتقىنىمنى كۆرسە ئىدى. كاشكى...

بويۇمدا يەنە قالغان ئىدى. بۇ ئىش ماڭا ئۆتكەن قېتىمدەك دەھشەتلىك تۇيۇلمىدى. ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئادا — جۇدا بولۇش ئۇچۇن بۇ بالىنىمۇ چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك. بۇ بالا تۇغۇلۇپلا قالىدىغان بولسا، ماڭا نامىنى، ئۇنىڭ مېنى نابۇت قىلغانلىقىنى ئەسلىتىپ بىر ئۆمۈر ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇيالمايمەن.

كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ يولدا نامان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ تېتىك، شوخ، غەمسىز ئىدى. ئۇ نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىكىنا؟ ئايالى ئاجرىشىشقا قوشۇلغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ مېنى كۆرۈپلا غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالدى. لېكىن، بۇ ساختا قىياپەتنىڭ كەينىگە كەمسىتىش، مەسخىرە يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇ ماڭا يات ئادەمدەك، مېنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان هالەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇ شۇمۇ ياكى ئەمەسمۇ دەپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۇ مېنى قايتا ئۇمىدلەندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك. ئۆتكەندە مەن بىرسىدىن مۇھەببەت ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلمايدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم. بىزنىڭمۇ ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئىككى يىللىق ۋاقتىمىز توشقان بولسا — هە؟

— ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ساختا قىزغىنلىق بىلەن.

ئۇنىڭ يۈرىكىدىن باشقا بىر سۆز ئۇرغۇپ چىقمىدى. دېمەك، هەممە ئىش پاك — پاكىزە ئاخىرلاشقان ئىدى. ئۇنىڭدا بىزنىڭ بۇ ۋىسالسىز سۆيگۈمىزگە ئېچىنىش تۇيغۇسى بولغان بولسا نېمە دەي؟ ئۇنىڭدا زەررىچە ئاشۇنداق ئىپادىلەرنى كۆرگەن بولسام، تارتقان خورلۇقلىرىم، ئازابلىرىمغا رازى بولۇپ كېتەتتىمغۇ؟ بەلكىم، ئۇنىڭ مېنى سۆيىمەن دېگەنلىرىمۇ يالغاندۇ، ئۇ ئەزەلدىنلا قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ يۈرىدىغان شاللاق نېمىدۇ. تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن مۇشۇنداق ئەرزىمەس بىر نېمىگە يولۇقۇپ قالغاندىمەن.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئۇ مېڭىشقا ئالدىراپ.

بۇ ئادەتتىكى خوشلىشىش بولسىمۇ، ئىككى يىللىق مۇھەببەتتىن كېيىنكى خوشلىشىشتەك قۇلىقىمغا دەھشەتلىك

ئاڭلىنىپ كەتتى. بۇ راستىنلا ئاشۇنداق خوشلىشىش بولۇپ قالامدۇ، تېخى.

— توختاڭ!

ئۇ ماڭا «يەنە نېمە گەپ» دېگەندەك مەنىستمەي قاراپ قويدى. ئۇ مېنى ئالدىيالىغانلىقى ئۇچۇنلا ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتىۋاتاتتى. بۇنداق ئادەملەر بىر كىمنى بەختسىز قىلىپ قويغانلىقىدىن ئازابلىنىشقىمۇ يارىمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ۋىجدان دېگەن بىر نېمە يوق. بىردىنلا قورقۇپ كەتتىم. ۋىجدان… ۋىجدان؟ بۇ سۆز ئىستېمالدىنمۇ چۈشۈپ قېلىۋاتسا، قانداقلارچە ۋىجداننى تىلغا ئېلىپ قالغاندىمەن. ؟!

— يەنە بويۇمدا قاپتۇ.

ئۇ بۇ ئىش ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك قىلچە ئېرەن قىلمىدى. ئۇ مېنىمۇ، تېپىپ قويغان بالىسىنىمۇ تونىمايدىغاندەك ھالەتتە قاراپ:

— قىردۇرىۋەتسىڭىزلا بولمامدۇ؟ — دېدى پەرۋاسىزلىق بىلەن. چارۋا — مال بالا تاشلىۋەتسىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئاچچىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بالىسىنىڭمۇ مۇنچىلىك قەدىر — قىممىتى يوقلىقىغا ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىكىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن. ئادەم ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندا ئۇنىڭدا رەھىمدىللىك نېمە قىلسۇن؟ كۆلۈش ئۇچۇن باشقىلارنى يىغلىتىش كېرەك. راھەتتە ياشاش ئۇچۇن باشقىلارنى نابۇت قىلىش كېرەك! ئالدىرىماي تۇر، سېنىمۇ يىغلىتىدىغان، نابۇت قىلىدىغانلار چىقىدۇ…

— دوختۇرخانىغا بىللە بېرىشىپ بېرىڭ.

— مەن بۇ بالىنى تونۇمايمەن!

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — غەزەپتىن ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلماقچى بولدۇم.

— ماڭە نېرى! — ئۇ مېنى ئىتتىرىپ، يەرگە يېقىتىۋەتتى — دە، موتسىكلىتىغا مىنىپ كېتىپ قالدى.

ئاسماندىن يېقىلساممۇ مۇنداق بەك چۈشمەسمەن. نەچچە ۋاقىتتىن ئۇنىڭ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولغان ئادەم بۈگۈن سىمونت يولدا توپىغا مىلىنىپ يېتىپتىمەن. مانا بۇ ئىككى يىللىق مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى! بۇنى كىمدىن كۆرەي؟ ئۇ مېنى ئاياق — ئاستى قىلدى. ئاشۇنداق ئادەمدىن ياخشىلىق، مۇھەببەت، ئۆمۈرلۈك ھەمراھلىق كۈتۈپ، ئاخىرى ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلدىم. قىزلار ئۇچۇن بۇ دۇنيادا ئىپپەت — نومۇستىنمۇ مۇقەددەس نەرسە بارمىدى؟ قىزلارنىڭ پاكلىقىنى ھۆرمەت قىلمىغان ئادەمدىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن ئىدى؟ ئۇ مېنى ئىتتىرىۋەتمىدى، ئۆز قەدرى — قىممىتىمنى قوغدىمىغان مېنىڭدەك غورۇرسىز قىزنى خۇدا ئىتتىرىۋەتتى. بۇمۇ ئاز، ماڭا قانداق جازا بەرسە بولىۋېرىدۇ. ئاھ! مېنىڭ ئەقىلسىزلىقىم، بەڭۋاشلىقىم... تاش يۈرەك، نامەرت ئەبلەخ، كۆزۈمدىن مەڭگۈ يوقال! بۇ ئىشنىڭ سەۋەبچىسى سەن. سەنمۇ گۇناھىڭغا لايىق جازاغا ئۇچرىماي قالمايسەن! نېمە ئۇچۇن، زادى نېمە ئۇچۇن!؟ مۇھەببەتتە نېمىشقا قىزلار كۆپرەك تاشلىنىپ قالىدۇ، ياشلىرىنى ئېقىتىپ قالىدۇ؟ سۆيگەن، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئادەمنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى ئاشىدۇ، گۈزەللىكىنى، قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ؛ سۆيگەن، ۋىسالىغا يەتكەن ئادەمنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى بارا — بارا ئاجىزلايدۇ، گۈزەللىكىمۇ، قىممىتىمۇ يوقاپ بارىدۇ. بۇ نېمە ئۇچۇن؟ نامان مېنى سۆيگەن، ۋەسلىمگە تولۇق يەتكەن ئىدى. ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكىم قالمىدى. تەقدىرگە

تەن بېرىشىم، ئىنسان قەلبىنىڭ بۇ قانۇنىيىتىگە تەن بېرىشىم كېرەك. ئەمدى ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى كۈتكىلى بولمايدۇ. مېنى يەنە ئىككى يىللىق سۆيۈپ قالىدىغانلاردىن يەنە بىرسى چىقىپ قالار ياكى مەن نامىم مۇشۇ بۇلغانغانچە بىر ئۆمۈر سەرسان، سالتاڭ بولۇپ ئۆتەرمەن…

ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىمنى قېقىشتۇردۇم. ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ، يەرگە شالاقشىدە تۇكۈرىۋەتتىم.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، قورقۇنچلۇق بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم: «ئۇنىڭ ئون نەچچە ئاشنىسى بار، قورسىقىدىكى بالا كىمدىن بولغان، بەلكىم ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەس…» ئۇ مېنىڭدىن پاك — پاكىزە قۇتۇلماقچى بولىۋېتىپتۇ — دە؟! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! مەن گۇناھنىڭ كۆپرەكىنى ئۆزۈمگە ئارتقان ئىدىم. ئەمدى سېنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ! !… بۇ گەپكە يىغلايمۇ، قان قۇسايمۇ؟ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالايمۇ؟ سىرتقا قانداقمۇ يۈزۈمنى ئېچىپ چىقالايمەن؟ ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا نىيىتى يامان ئىكەندۇق. ئۇ مېنى سۆيگەن دەپ يۈرۈپتىمەن. قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ئىككى يىللىق ساختا مۇھەببەت! ئۇ مېنى باشتا سۆيگەن بولسا، ئاخىرى ئايرىلىپ كەتكەندىمۇ مۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتى. يالغان، ھەممىسى يالغان! ئۇنىڭ بۇ يالغانچىلىقىدىن، ھاقارەتلىك بەتناملىرىدىن ھېساب ئېلىش كېرەك.

※ ※ ※

دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتىم. پىچاق نامانىڭ قولىغا سانجىلغان بولۇپ، ئۆلۈمدىن ساق قالغان ئىكەن. بۇ قېتىمقى قاتىللىق دېلوسى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن ئىدى. نامان دەۋايىم يوق دېگەچكە، قانۇني جاۋابكارلىققا تارتىلمىدىم. ئۇنىڭ گۇناھى بار. شۇڭا دەۋا قىلالمايدۇ. مۇبادا سوتقا

تارتىلىپ قالسام، ئەپتى — بەشىرىسىنىڭ تولۇق ئېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. نامان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بۇرۇن ئازغىنە ئادەم ئاڭلىغان بولسا، هازىر هەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇهەببەت باغلاشتى دەپ يامان ئاتاقتا قالساق مەيلى ئىدى. قورقۇنچلۇقى — ئىپپەت — نومۇسۇمدىن ئايرىلىپ قالغىنىم، توي قىلماي تۇرۇپلا ئىككى قېتىم ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغىنىم، ئىككىنچىسىنىڭ هازىرمۇ بويۇمدا ئىكەنلىكى...

بۇ ئىش ئاتامغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئۇ مەندىن رەنجىپ، نەچچە كۈنگىچە گەپمۇ قىلماي، چىرايىنىمۇ ئاچماي يۈردى. ئۇ شۇنداق قىلىشقا هەقلىق. ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەچكە، ئائىلىمىزنىڭ نامىنى بۇلغىغاچقا، مېنى تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ، ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ يوللۇق. ئاتام بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى، جەريانىنى بىلمەي، پەقەت نەتىجىسىنىلا كۆردى. ئۇ قىزىنىڭ ئاياق — ئاستى قىلىنغانلىقىنى، ئۇيقۇ مەست هالەتتە قارشىلىق قىلىشقىمۇ ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلگىنىدە مۇنچە رەنجىپ كەتمەيتتى. لېكىن، بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئاتامنىڭ ئالدىدا بۇ نومۇسسىز تارىخنى قانداقمۇ سۆزلىيەلەيمەن؟ ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ، بالا هازىرمۇ بويۇمدا تۇرۇپتۇ. نامىم بەربىر سېسىدى. خەق هەممە ئىشنى بىلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ بالىنى يوشۇرۇپ چۈشۈرىۋېتىشنىڭ ئورنى قالمىدى. بۇ بالىنى تۇغىمەن. ئۇ كەلگۈسىدە ئاتىسىغا بىر كۈنمۇ ئارام بەرمەي، مېنىڭ ئەنتىمنى ئېلىپ بەرسۇن.

بىز نەقەدەر بىچارە — هە؟ روهىمىز چەكسىز بوشلۇقتا ئوخشاش مۇزلاپ تۇرماقتا. ئۇنى تولدۇرۇپ بولۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس. روهىمىز بارغانسېرى ئېچىرقىماقتا. هەي،

نامان! ساڭا راستىنلا ئىچىم ئاغرىيدۇ. سەن باي، ئۆيۈڭدە ھەممە نەرسەڭ بار. سەن كۆلۈپ يۈرگىنىڭ بىلەن قەلبىڭدە تەنھالىقنىڭ ئازابى، سېنى سۆيىدىغان ئادىمىڭ يوق. بۇ دۇنيادا ھېچكىمنىڭ سۆيمەسلىكىدىن ھېچكىمنى سۆيەلمەسلىك ئازابلىقراق. باشقىلارنىڭ سۆيگۈسى ئۇلارغا، سېنىڭ سۆيگۈڭ ئۆزۈڭگە. سەن ئۆيۈڭدە خوتۇنىڭنى ياخشى كۆرمەيسەن، سىرتتا مېنى سۆيمەيسەن. سەن ھاياتىڭنىڭ ئاخىرىغىچە بىر كىمنى ئىزدەپ ئاۋارە… شۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام، ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— ھەئە، كىرىڭ! — ئاتامىكىن دەپ قوپۇپ ئولتۇردۇم. ئىشىك ئېچىلىپ، ئاپام كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل كەلگىنىچە كارىۋىتىمدا ئولتۇردى. ئۇ خىيالچان ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

— مېنى ئاتىڭىز كىرگۈزگەن، — دەپ گەپ باشلىدى، — ئاتىڭىز… بالىنى دەرھال چۈشۈرىۋەتسۇن دەيدۇ…

— ياق! — دېدىم كەسكىن رەت قىلىپ، — ھەرگىز چۈشۈرىۋەتمەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى… سىز تېخى توي قىلمىغان تۇرسىڭىز، بۇنداق قىلسىڭىز، ھەممىمىزنىڭ يۈزىگە سەت بولمامدۇ؟

— سەتچىلىك يوشۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىپ بولدى. يەنە نېمىنى يوشۇرىمەن؟ مەن تۇغساممۇ تۇغمىسساممۇ، بەرىبىر بۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. شۇنداق بولغاندىكىن تۇغاي، بۇ بالىنى نامانغا كۆرستەي. نامانىنىڭ ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكى، جىنايىتىنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە ھەممە كىشىگە كۆرستەي. ئۇ مېنى نېمىلەر قىلمىدى؟ ھازىر نە ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟ مەن بۇرۇن قانداق قىز ئىدىم؟ ھازىر نامىم بۇلغىنىپ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر

ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىمغۇ؟ مەن پۇتۇنلەي تۇگەشتىم، پۇتۇنلەي كاردىن چىقتىم. كىشىلەر ئەمدى مېنى پۇتىغا ساپقان كەشىگە تەڭ قىلمايدۇ، ئۇمىدىم تەلتۆكۈس ئۈزۈلدى. تۇگەشتىم، تۇگەشتىم... ھەممە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇ نېمىشقا ئۆلمىگەندۇ؟ بۇ قىساسنى ئالماي قويمايمەن. بۇ بالىنى تۇغۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئارام بەرمەيمەن.

— بۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ بىر ئۆمۈر ئازاب چېكىسىز. ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ، تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىدىن باشلاڭ. نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتسىلا، كىشىلەر بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. سىزگىمۇ خۇدايىم بۇيرۇپ قويغان بىرسى بار. ئەمما بۇ بالىنى تۇغسىڭىز، توي قىلمىقىڭىز تەسكە چۈشىدۇ. سىز تېخى ياش، ھاياتلا بولسىڭىز، يەنە تۇغۇۋالىسىز.

— كىشىلەر بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەرمۇ؟ ھەرگىز ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ. مەن بىرسى بىلەن توي قىلماقچى بولسامىلا، دەرھال يادىغا ئېلىشىدۇ. ئەمدى مېنى ھېچكىم ئالمايدۇ. مەنمۇ ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن. باشقىلار بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مەن ئۆلگىچە ئۇنتۇيالمايمەن. ياشلىقىمدا نابۇت بولدۇممۇ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك بولالىشىم ناتايىن. بەزى ئەرلەر نېمانچە تاش يۈرەكتۇ — ھە؟ ئۇلار ئۇچۇن بىرەر قىزنى نابۇت قىلىۋېتىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەن.

— توغرا دەيسىز، قىزىم. ھازىر بەزى ئەرلەرنىڭ قورسىقى تويۇپ، بۆرىدەكلا بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغان قىز — ئاياللارنى بىر پارچە گۆشتەك يەۋەتسەملا دەيدۇ. ئۇلاردا ئىنساپ، نومۇس دەپ بىر نېمە قالمىدى.

ئۇلاردا قىز — ئايالLارنىڭ ئاياق — ئاستى قىلىنىپ، نامى بۇلغىنىپ خورلىنىشقا ئۇچرىغانلىقىدىن ئازابلىنىدىغان سەزگۈ يوق. شۇڭا ھازىر قىزلار ئۇچۇن سەگەك يۈرۈش، ئۆزىنى قوغداشتىن باشقا چارە يوق. قىزىم، بولغۇلۇق بولدى. ھازىر ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئادا — جۇدا بوپسىز. ئەمدى بۇ بالىنى چۈشۈرىۋېتىپ، ئۇ نامەرتتىن تولۇق قۇتۇلۇڭ. ئۇ ياشلىقىڭىزنى نابۇت قىپتۇ. بۇ بالىدىن قۇتۇلمىسىڭىز، ھاياتىڭىزنى نابۇت قىلىدۇ. سىز تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلىسىڭىز، كېيىن چوقۇم ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

— بۇ… مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنداق دەپمۇ تۇرىۋالماڭ. بۇ كېيىنكى قەدىمىڭىزنى قانداق بېسىشىڭىزغا باغلىق.

— مېنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىم ئۆتكەنكى قەدەملىرىم تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بولغان.

— نېمانچە ئۈمىدسىز بولۇپ كەتتىڭىز؟ بالىنى زادى چۈشۈرىۋەتمەمسىز؟

— چۈشۈرىۋەتمەيمەن.

ئاپام چىقىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەي، ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئۆيگە ئاتام كىرىپ كەلدى. غەزەپتىن ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئۆتى يېرىلغۇدەك بولغان ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەن پېتى سۆزلەپ كەتتى:

— مېنى نېمە قىلاي دەيسىز، قىزىم؟ تىرىك تۇرۇپ ئۆلسۇن دەمسىز؟ بۇ بىزگە نە نومۇس، نە ئاھانەت — ھە؟ ھازىرمۇ سىرتتا يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرگىچىلىكىم قالمىدى. يەنە نېمىگە تارتىشىسىز؟ مۇشۇنىڭغىمۇ گەپ كېتەمدۇ — ھە؟ ئاتا — ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق يۈرۈشتىن خىجىل

بولمامسىز؟ باشقا خەقنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلمامسىز؟ مۇشۇ كۈندە يۈزۈم بىلەن يەر دەسسەپ يۈرۈپتىمەن. نەچچە ۋاقىتتىن چىڭ تۇتسام، مېنىڭدىن رەنجىدىڭىز. كۆزۈمگە كىرىۋالدىڭىز، ھەممە ئىشىمغا ئارىلىشىۋالدىڭىز دېدىڭىز، ھەي... مېنى ئەجەپمۇ ئۇياتتا قويدىڭىزغۇ... يەنە يۈزىڭىزنى قىلىپ، ئاپىڭىزنى كىرگۈزسەم، تۇغىمەن دەپ ئۇنىماپسىز. ساراڭ بولدىڭىزمۇ — ھە؟ ئەستاغپۇرۇللا! ھارامدىن بولغاننى ئەتىلا كۆزۈمدىن يوقىتىڭ! بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلساق يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىسام، ھېلىقى بەدبەخنى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرەتتىم. توختاپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئاتا! يۈزىڭىزنى تۆكتۈم. سىزنى ئۇياتتا قويدۇم. ئەڭ ياخشىسى مېنىلا ئۆلتۈرىۋېتىڭ، مېنىڭدەك ئازغان قىزىڭىزنىلا ئۆلتۈرىۋېتىڭ.

كارىۋاتتىن چۈشۈپ، يەرگە تىزلاندىم. كۆز يېشىم بۇلدۇقلاپ ئاقتى. ئۇزۇندىن بۇيانقى يىغىلىپ قالغان دەرد — ھەسرەتلىرىم بىردىنلا پارتلاپ چىقىپ، يىغامنى ھېچ توختىتالمىدىم.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، قىزىم، — ئاتام مېنى يۆلەشتۈرۈپ تەستە تۇرغۇزدى. ئۇنىڭمۇ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، نەچچە تامچە ياش سىرغىپ چىققان ئىدى، — مۇنداق قاتتىق گەپلەرنى قىلىپ، دىلىڭىزغا ئازار بەرگۈم يوق ئىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللاپ، قويغىدەك يەر تاپالماي قالدىم. مەن ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. سىزگە ياخشى كۆيۈنەلمىدىم. ھە دېسە خىزمەت، خىزمەت دەپ ئالدىراپ يۈرۈپ، سىز بىلەن كۆپرەك

مۇڭدىشالمىدى. قىزىم بولغان ئادەمنىمۇ تۇزۇك چۈشەنمىسەم، مېنىمۇ ئاتا دېگىلى بولامدۇ؟ سىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىڭىزدىكى گۇناھمۇ مېنىڭدە. مەن سىزنىلا چۈشىنىپ قالماي، دوستلىرىڭىزنىمۇ سۈرۈشتۈرىشىم، ئۇلارنى چۈشىنىشىم زۆرۈر ئىدى. مەن شۇنداق قىلالىغان بولسام، باشقىلار سىزنى ئالداپ كېتەلمەيتتى. مەن بىخۇتلۇق قىلغان. مەن بىخۇتلۇق قىلغاچقا، باشقىلار سىزنى ئازدۇرۇپ كەتكەن.

— مەن كىچىك بالا ئەمەس. ئەسلى مەن ئارىلاشقان ئادەملىرىمنى ياخشى سۈرۈشتۈرسەم بولاتتى. مەن ئالدىراڭغۇلۇق قىپتىمەن، باشقىلارغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. سىزدە گۇناھ يوق، ئاتا. ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىنلا ئۆزۈمنى تارتسام بوپتىكەن. مەن چوتنى خاتا سوقۇپ، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن. بۇ سېسىق پاتقاققا بارغانچە پېتىپتىمەن.

— بولدى، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەڭ. ئاپىڭىزغا دەپ بېرىپسىز، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىز ئۇنىڭ ئالدىمىغا ئىشىنىپ كېتىپسىز. نەچچە كۈندىن بۇيان كۆپ ئويلاندىم. سىزدىنمۇ بەزى سەۋەنلىكلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە قوغلىشىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەندۇق. مەن سىزنى كۈچۈردۈم. سىز يەنە مېنىڭ ياخشى قىزىم!

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. كۆز يېشىم قايتىدىن تاراملاپ ئاقتى. ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى ئاتامنىڭ قوينىغا ئاتتىم.

— ئاتا...

— جېنىم قىزىم...

ئاتامنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ چوڭقۇر ئاھ — پىغان

چەكتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى چېچىمغا تامچىلاپ چۈشتى. ئەزەلدىن ئاتامنىڭ مۇنداق ھەسرەت بىلەن يىغلاپ باققىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇ مېنىڭدەك نابۇت بولغان قىزىنىڭ بەختسىز ئۆتمۈشىگە ئېچىنىپ، قورقۇنچلۇق كەلگۈسىدىن قايغۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

— بۇ بالىنى ئۇنىڭ ماڭا قىلغان زىيانكەشلىكىنىڭ جىنايى پاكىتى سۈپىتىدە ساقلاپ قالىمەن.

— سوتقا ئەرز قىلماقچىمۇسىز؟

— بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆلگىچە ئارام بەرمەيمەن.

— سوتقا ئەرز قىلساق، ئۇ چاغدا نامىمىز بۇلغىنىپ، تېخىمۇ پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. ھازىرغىچە بۇ ئىشنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلىپ كەتتىغۇ. كۈنلەر ئۆزۈن، ئۇنىڭ جاجىسىنى باشقا ۋاسىتىلەر ئارقىلىقمۇ بەرگىلى بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ نابۇت قىلىدىغان يولغا ماڭماڭ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تارتىۋاتقان دەردلىرىمۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرى بىلەن مېنى ئەپۇ قىلىپ ئۆز قوينىغا ئېلىشى، ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. ئاتامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي، دوختۇرخانىغا باردىم. تېنىمدىن بىر پارچە هارام ئۆسمە ئېلىپ تاشلانغاندەك نەچچە ئايلىق بولغان بالام قىرىپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ، نىكاھسىز تېپىلغان ئىككى بالا ئەنە شۇنداق نابۇت بولدى. ئۇلار گۇناھسىز ئىدى. بىزنىڭ يۈز — ئابرۇيىمىزنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. تۇنجى بالامنى چۈشۈرىۋېتىشكە نامان قىستىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئاتام قىستىدى. ئەرلەر نېمانچە رەھىمسىزدۇ — ھە؟

ئىشخانىدا ئولتۇرسام، ئەتىگەندىلا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. خۇشياقمىغان ھالدا قولۇمنى سۇندۇم.

— ۋەي، مەلىكەمما!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەسكىنىپ كەتتىم. كۈچلۈك

غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. ۋابادىن قاچقاندەك تۇرۇپكىنى تاشلاپ قويۇپ، ئىشخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئەمدى ئۇنىڭدىن ياخشى گەپ ئاڭلىيالمايمەن.

— مەن شۇ! ياسالمىلىق قىلىپ تۇرماي، نېمە گېپىڭ بولسا تېزراق دە!

— مەن... مەن ئايالىمدىن ئاجرىشىشقا ئامال قىلالمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن زېرىكىشلىك ئاشۇ ئۆيدە ئۆلگىچە بىرگە ئۆتىدىغان ئوخشايمەن. سىزنى مەندىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتسۇن دەپ، سىزگە ئاشۇ بەتنامنى چاپلىغان ئىدىم. بۇ گەپنىڭ شۇنچە تېز تارقىلىپ يامراپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەن. قورسىقىڭىزدىكى بالا مېنىڭ. سىز ماڭا سادىق ئىدىڭىز. مەن تۇزكورلۇق قىلدىم، سىزگە كۆپ ئۇۋال قىلدىم، مېنى كەچۈرۈڭ!

— كەچۈرۈڭ دېيىشلا ئىش تۈگەمدىكەن؟ خام خىيال قىلما! سېنى ئۆلگىچە كەچۈرمەيمەن. بۇ ئەنتىمنى هامان بىر كۈنى ئالماي قويمايمەن!

— مەلىكەم... سىزنى يەنە ياخشى كۆرىمەن، سىزنى يۈرىكىمدە ساقلايمەن...

— ئاغزىڭنى يۇم، نومۇسسىز ئەبگا!

تىروپكىنى تاراققىدە قويۇۋېتىپ، ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن سۆزگە ئىشىنىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىمغۇ؟ بۇ سۆزلەر كۆڭلۈمنى يەنە داۋالغۇتىۋەتتى. ئۇ مېنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئايالىدىن ئاجرىشىشقا ئامال قىلالماي، ماڭا شۇ بەتنامنى چاپلىغان. ئىشلار ھەقىقەتەن شۇنداق بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى

— ھە؟ مەن بۇنىڭدىن زور روھىي تەسەللىيگە ئىگە بولاتتىم. ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ مېنى قىلچە ياخشى كۆرمەي، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ ئاياق — ئاستى قىلغان، ئالداپ كەلگەن بولسا، بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق قىسمەت — ھە؟ مەن يەنىلا ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، بىھۇدە

تەسەللىي ئىزدەۋاتىمەن. ئۇنىڭ يالغانچىلىقى ئازدەك ھازىرمۇ بۇ ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئايالىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي كەلگەن، ئۇ روھىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مېنى چىن دىلىدىن سۆيگەن. ئۇ مېنىڭدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، روھى ئېچىرقىغان ھالەتتە قالدى. ئاھ… ئۇ نېمىشقا، نېمىشقا ماڭا تېلېفون ئۇرغاندۇ؟ مەن ئاشۇ قېتىملىق بەتنامدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىپلا ئۆتۈپ كەتسەم بولمامدۇ؟ ئۇ كۆڭلۈمگە سوئال تاشلاپ، مېنى تىنىمسىز قىيناقنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتىغۇ؟ بىردىنلا ئۆزۈمدىنمۇ يىرگىنىپ كەتتىم. ماڭا شۇنچىۋالا خورلۇقلارنى سالغان ئادەمدىن كۆڭۈل رىشتىم تولۇق ئۈزۈلمەي، يەنىلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە مۇھەببەت بار دەپ ئۇمىدلىنىۋاتقان قەلبىمگە نەپرەتلەندىم.

مەن ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۈز بەردى. مېنىڭ خوتۇنى بار ئەر بىلەن ئىككى يىل ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقىم، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ مەقسىدىمگە يېتەلمىگەنلىكىم ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. گەپ — سۆزلەر ئېغىزدىن — ئېغىزغا كۆچۈپ، تۈگمىدەك ئىشلار تۆگىدەك يوغىناپ، تېخىمۇ چىداپ تۇرغۇسىز، قورقۇنچلۇق تۈسكە يەتتى. ئوغامنى قايناتقىنى، بارلىق ئېغىۋالار مېنىڭ ئۈستۈمگە توقۇلۇپ، بار گۇناھ ماڭا ئارتىلغان ئىدى. مەندەك بىر شەيتان ھالال خوتۇنىغا سادىق بىر پاك ئەرنى ئازدۇرۇپتىمەن؛ ئۇنى خوتۇنىدىن تارتىۋالماقچى بوپتىمەن؛ مەن ئەزەلدىنلا چاتاقكەنمەن، زاكامدىلا بۇزۇلۇپ كېتىپتىمەن؛ ئون نەچچە ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاشنام باركەن… ئاھ، خۇدا! بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك سۆزلەر — ھە؟ ھەممە خەق ماڭا كەمسىتىش، يىرگىنىش نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئەرلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ماڭا ئانچە تەسىر قىلمىدى. ئاياللارنىڭ، مېنىڭكىدەك قىسمەتلەر بېشىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاياللار، قىزلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى جان

— جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلاردىن ئاغرىنغىلى بولامتىمۇ؟ ئۇلار پەقەت باشقىلاردىن سۆز — چۆچەكلەرنىلا ئاڭلىغان. ئۇلار مېنىڭ ئالدانغانلىقىمنى، ئاياق — ئاستى قىلىنغانلىقىمنى قارماققا ئىلىنىپ قالغان بېلىقتەك ئويۇنچۇق كۆرۈپ نابۇت قىلىنغانلىقىمنى قانداق بىلسۇن؟! ئەتراپىمغا قۇلاق سالسام، ناماننى ئەيىبلەيدىغان ھېچ سادا يوق. زادى كىم ئەيىبلىك؟ ئىشلار پۈتۈنلەي ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن. خوتۇنى بارلىقىنى يوشۇرغان، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى دوستۇمنىڭ ئۆيى دەپ مېنى باشلاپ كىرگەن، ئايالىنى قويۇۋېتىپ مەن بىلەن توي قىلىمەن دەپ مېنى بىر يىلدەك ئالدىغان كىم؟ ھازىر ئالدامچى بىلەن ئالدانغۇچى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى. بۇ ناھەقچىلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىش مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۇنيا. ئەخلاقىي كېسەلمۇ كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئاياللارمۇ بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن.

بۇ جاھان ماڭا تار كەلدى. پىنتە — ئېغۋا، سۆز — چۆچەكلەر بەدبۇي پۇراققا ئوخشاش ھەممە ياقنى بىر ئالدى. سوغۇق نەزەر، كەمسىتىش، ئەيىبلەش روھىمنى ئىسكەنجىگە ئالدى. لېكىن، نامان ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھېچ بىر گۇناھ ئۆتكۈزمىگەندەك خىرامان، مەغرۇر، خۇشال يۈرەتتى. ئۇنى ھەربىر كۆرگىنىمدە غەزىپىم تاشاتتى، ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، گېلىنى سىققۇم كېلەتتى.

مەندىنمۇ بەكرەك ئاتام تۈگىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى زەربە شۇ قەدەر تۇيۇقسىز، دەھشەتلىك تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىدىكىنتاڭ؟ بەلكىم، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆلىۋېلىشنى خىيال قىلىۋاتىدىغاندۇ ياكى ناماندىن قانداق قىساس ئېلىشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدەۋاتقاندۇ. بىر ئاخشىمى ئۇ مېنى يېنىغا چاقىرتتى.

— چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، قىزىم، — دېدى كۆزىگە

ياش ئېلىپ تۇرۇپ،— يا ئۆزىڭىز تېپىڭ، يا مەن تاپاي، يا ئاپىڭىز تاپسۇن تېزدىن تويىڭىزنى قىلىۋېتەيلى.

هاڭ — تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. ئاتام ئېلىشىپ قالمىغاندۇ — هە؟ مېنى كىم ئالىدۇ، مەن بىلەن كىم توي قىلىشنى خالايدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ...

— خالاڭ ياكى خالىماڭ ئەر بولسىلا بولدى. سىزنى يۇرت — جامائەت ئالدىدا نىكاھلاپ بۇسۇغىمىزدىن ئاتلىتىپ ئەپ كەتسۇن. بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەتىسى قايتىپ كەلسىڭىزمۇ بوپتۇ. ئاندىن ئۆيدە تۇرىۋېرىڭ. سىز قىز بالا تۇرسىڭىز، بۇ ئۆسەك سۆزلەرگە چىداپ تۇرغىچىلىكىم قالمىدى.

— مەندىن زېرىكىپ قالغان بولسىڭىز بوپتۇ، ئۆيدىن چىقىپ كېتەي. خەقلەر مېنى تونۇمايدىغان يەرلەرگە كەتسەملا بولدىغۇ؟ كىشىلەرنىڭ سوغۇق نەزىرىدىن خالى، ماڭا پاناھ بولىدىغان مۇشۇ ئۆيۈملا قالغان ئىدى. بۇ بېشىم ئۆز ئۆيۈمگىمۇ سىغمىدى— ... ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم.

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز. قىزىم، مەن ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

— بولدى ئاتا، ئىزاهات بەرمەڭ. گېپىڭىزنى چۈشەندىم. سىز مېنى قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەرگە تەگ دېمەكچىغۇ؟

— ياق، يەنە چۈشەنمىدىڭىز. ئەستا، بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟

قىز بالىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ پاكلىقىدا. مەن پاكلىقىمنى ساقلىيالمىغاچقا، مەندە قەدىر — قىممەت نېمە قىلسۇن؟ مەن ئەمدى تەڭتۇش يىگىتلەرگە مۇناسىپ ئەمەس، مەن ھازىر بويتاق ئەرلەرگىلا لايىق. ئاتامنىڭ مەقسىدى بىر قېتىملىق شەرتنىلا ئادا قىلىۋېتىش. توي قىلماي تۇرۇپ تۇل خوتۇن بولۇپ قالغان قىزنى ھەقىقىي تۇل خوتۇنغا ئايلاندۇرۇش. ئاندىن كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان سۆز — چۆچەكلىرىدىن قۇتۇلۇش. بۇ رېئاللىققا تەن بەرگەنلىك، كىشىلەرنىڭ سۆز — چۆچەكلىرىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنلىك...

— گېپىمگە قوشۇلدىڭىزمۇ؟
— ياق، ھېچكىم بىلەن توي قىلمايمەن. مېنى يەنە قىستىسىڭىز، ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن.
— بولدى، بولدى. ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى كېيىن بىر نەرسە دېيىشەرمىز.

گەپ شۇ يەردە ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، كۆڭلۈم باشقىدىنلا يېرىم بولدى. مەن مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىممۇ — ھە؟ ھەي... نامان، نامان! سەن مېنىڭ ئارزۇ — ئارمانلىرىمنى توزىتىۋەتتىڭغۇ؟ ياشلىق گۈلۈمنى خازان قىلىۋەتتىڭغۇ؟ تەلىيىم كاج كېلىپ، ساڭا يولۇقۇپ قالمىغان بولسام، قىسمەتلىرىم قانداق بولار بولغىيتتى؟... ھاياتىمنىڭ ھەربىر كۈنىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، روھىم بارغانسېرى قاغجىراپ بارماقتا. مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدا تەنھا — يىگانىمەن. دۇنيادا كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تەلەپ — ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ يۈرمەكتە. مەن سۆيگەن كىشىلەر قېنى؟ تۇغقانلار ياتلاشماقتا. ئادەمنىڭ روھى تويۇنسا، قورسىقىنىڭ تويغىنى نە ھاجەت؟

مۇشۇ كۈنلەردە نامانىنى بىر ئايال بىللەن ئۈچرىتىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنىڭغا ئەجەپلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭغا بەكلا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ نەقەدەر بىچارە — ھە؟ شۇنىڭغا مۇھتاج. ئۇنىڭ ئۆيىدە كۆڭلى قانائەت تاپمايدۇ. ئۇ سىرتلاردا يۈرۈپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئاچ قالغان ئاياللاردىن كۆڭلىگە تەسەللىي ئىزدەيدۇ. زەھەرلىك تاماكا تۈتۈنى، ئاچچىق ھاراقتىن ئىچ پۇشۇقىنى باسماقچى بولىدۇ.

سورۇن تۇزۇپ، قىز — ئاياللارنى يېنىغا قىستۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە، ئۇنىڭ روھى يەنىلا مۇزلاپ قېلىشۋېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن قاتتىق سەسكەندىم. ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆز شەھىرىمدە بۇرنۇمغا سىيىق پۇراشقا باشلىدى. بۇ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش كېرەك. ئىست، ئاشۇنداق ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەمگە باغلىنىپ قالغان تەقدىر قىسمىتىم. ئۇ بەرىبات بولغان ئىشلىرىمىزغا قايغۇرۇپ يۈرگەن بولسا — ھە؟ مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ھازىر ئەگەشتۇرۇپ يۈرگەن ئايالدىن ھېچ پەرقىم يوق. ئۇنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن. كېتەي، «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» بولسىمۇ، باشقا بىر يەرگە كېتەي...

شۇ كۈنلەردە ئاتام ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش قىلىپ، يەنە توي ھەققىدە سۆز ئېچىپ قالدى.

— قىزىم، — دېدى ئۇ ماڭا يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدا، — كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىۋېتەي، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمگە قېرىلىق يەتكەندەكلا سېزىۋاتىمەن. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، كۆزۈم ئوچۇق پېتى ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالماي. ھە دېسىڭىز، تويىڭىزنى قىلىۋەتسەك.

— ھازىرچە توي قىلغۇم يوق.

ئاتام بىردىنلا ئاچچىقلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمىشقا — ھە؟ زادى نېمىشقا؟ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇسىز؟ سۆز — چۆچەكلەرنى ئاڭلىمايۋاتامسىز؟ مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسىڭىز، خەقنىڭ ئاغزى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىدۇ. ئەستا... مېنى ئاچچىقتىن

ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايسىز.

گەپ سۆزسىز ھۇجرامغا چىقىپ كەتتىم. ئاتاممۇ مېنىڭ قەلب جاراھەتلىرىمنى كۆرمەيدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. ئۇ ماڭا يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىشى، ئازابلىق ئۆتمۈشتىن قۇتۇلۇپ چىققىچە سۈكۈت قىلىشى، ئاتىلىق مېھرى — مۇھەببىتى بىلەن روھىمنى تويۇندۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۆز ئاتاممۇ مېنى چۈشەنمىگەن يەردە، ئەمدى كىمدىن ئۈمىد قالدى؟ بەلكىم، ئاتام راستىنلا قەرزىنى ئادا قىلماقچىدۇ ياكى مېنى بىر ئەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپلا، مېنىڭدەك بىئەقىل، بىتەلەي، نامى بۇلغانغان قىزىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندۇ.

ئەتىسى سەھەردە نەچچە قۇر كىيىمىمنى ئېلىپلا، ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. دۇنيا كۆزۈمگە ئىنتايىن سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. رەھىمسىز رېئاللىق، سوغۇق ھۇۋلاپ تۇراتتى. ئۇ تالاي ئادەملەرنى يۇتقان، ئەمدى ئۇنىڭ مېنى يۇتۇۋېتىشىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس…

دىلشات قېيۇم نۇر

# قاق بولغان ئالما

يېڭى يىلنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ياتاقداشلىرىمىنىڭ خىياللىرى تولىراپ، پىلانلىرى كۆپىيىپ، ئۆزئارا ئېلىم—بېرىملىرىنى سۆيلىشىپ، ھە دېسىلا بازارغا يۈگۈرۈشىدىغان بولىۋالدى. قىياسىمچە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىز دوستلىرىغا، قوغلىشىۋاتقانلىرىغا كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغا تەييارلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەرت، مۇھەببەتكە سادىق ئىكەنلىكىنى جايىدا ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنى ئىزدىسە، يەنە بەزىلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مودا كىيىنىپ، راۋۇرۇس ياسىنىپ، دوست—دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى ئويلايتتى. ئىشقىلىپ ھەممىنىڭ ئويىدا ھەر خىل كوي بار ئىدى. لېكىن، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايدىڭ بولغىنى ئۈچۈن، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتكەن ئىدى. چۈنكى، تەسىرلىك قىلىپ ئىككى پارچە خەت سېلىۋەتكەن بولسامۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ مۇشۇ ئايلىق ئىلتىپاتىنى تېخى تاپشۇرۇپ ئالالمىغان ئىدىم. پورتمالىمدىكى بار—يوقىنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ پەقەتلا توققۇز يۈەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرچى ئايالنىڭ يوتقان تاشلىقىمنى يۇيۇپ بەرگەن ھەققى ئۈچۈن ئىككى يۈەننى بېرىۋەتسەم، قالغىنى پەقەت يەتتىلا يۈەن. ئۈچ يېرىم چىنە سۇيۇقئاشنىڭ پۇلى دېگەن گەپ! نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمنى دېمىسەم باشقىلاردىن قالغۇچىلىكىم ئەسلا يوق ئىدى. لېكىن.

شۇئان كۆز ئالدىمغا قىز دوستۇمنىڭ ماڭا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقى كېلىۋېلىپ، تەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. راستىنى دېگەندە، دوست — دۈشمەننىڭ ئالدىدا ماۋۇ قىز دوستۇمغا تەييارلىغان سوۋغىتىم دەپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىۋالىسام؛ تۆت تەڭگىنى كاستۇمىمنىڭ ئىچ يانچۇقىغا يۈرەكلىك سېلىپ، قىز دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن غاچ — غۇچ دەسسەپ چىقالىسام؛ ئۇنىڭغا ئاتقان پولىرىمنىڭ، شېرىن — شېكەر سۆزلىرىمنىڭ، چاقچاقلىرىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى ئەمدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېڭى يىل، مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن تۇنجى كەلگەن يېڭى يىل! ئەلۋەتتە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ! سوۋغىنىڭ ئېپىنىغۇ قىلدىم دەپ تۇراي. لېكىن، ئۇنى بىر — ئىككى دوستى بىلەن تاماقتا تەكلىپ قىلىش، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش... ئويلىغانچە بېشىمنىڭ ئىچىمۇ — تېشىمۇ قاتماقتا ئىدى. ھەتتىگىنەي، مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمنى بالدۇرراق ئويلىغان بولسام — ھە...

مانا بۈگۈن يېڭى يىل ھارپىسى. چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۈچۈن سىنىپىمىزنى بېزەيمىز.

بۈگۈن كېچە مەكتەپ ئىچى تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان كۆڭۈللۈك بىر دۇنياغا ئايلىنىشتا گەپ يوق. چۈنكى، ئون نەچچە كۈندىن بۇيان سىنىپلاردا، ئۆيەر — بۇيەرلەردە ئاڭلىنىۋاتقان ئېلېكترونلۇق رويال، دۇتار — تەمبۇر، گىتار ئاۋازلىرى بۇ قىياسنىڭ ھەقىقىي پاكىتى. پەمىمچە، ئالدىراپ كەتكەن بەزى بىر جۈپلەر يېڭى يىل سوۋغىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئاتلىنىپ بولدى. لېكىن مەن...

تېخى بايىلا ئۆچۈرۈپ قويغان ئاقسۇ بايىنىڭ پېلەكچە ئورىغان موخۇركىسىنى قايتىدىن تۇتاشتۇردۇم — دە، قېنىپ — قېنىپ شورىغاچ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. راستىنى دېگەندە، بۈگۈن ئەتىگەن دەرسكە چىقمىغان ئىدىم. ئۇيان ئۆرۈلۈپ بۇيان ئۆرۈلۈپ تۇيۇقسىز كاللامغا «بەلكىم مۇشۇ پۇلنى جايىغا كەلتۈرۈپ خەجلىيەلىسەملا بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلىشىم مۇمكىنغۇ» دېگەن غەيرى بىر خىيال كىرىپ قالدى. توغرا — توغرا، ئۇنىڭ ئالمىغا ئامراقلىقى ئەجەپ ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ — يا! شۇئان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم — دە، پورتمالىمنى چىقىرىپ ھېلىقى كۆپەيمەي ئازىيىپ قالغان پۇلۇمنى باشقىدىن بىر سانىۋەتكەندىن كېيىن، تەۋەككۈل، دەپ بازارغا قاراپ چاپتىم.

## 1

ئوڭ قولۇمدىكى بىر جۈپ يېشىل يوپۇرماقلىق سىرلاپ قويغاندەك قىپقىزىل ئالما، سول قولۇمدىكى بىر دانە بور ساندۇقى. كاللام سەگەكلىشىپ پىكىرلىرىم ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئالدى بىلەن ئاق قەغەزدە بور ساندۇقىنى شىلىم بىلەن چاپلاپ چىقتىم. بۇمۇ بولدى. ئالمىنى ئاۋايلاپ سىلىپ كۆرگەن ئىدىم، ۋاھ! تازىمۇ دەل كەلدى. ئاندىن بىر پارچە كىچىك ئاق قەغەزنىڭ ئەتراپىنى ئىنچىكىلەپ نەقىشلەپ، ئوتتۇرىغا دەل كەلتۈرۈپ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن مىسرانى ھۆسن خەت بىلەن يېزىپ ئالمىغا چاپلىدىم. ئىككى يۈەن خەجلەپ، ئالما سېپىغا رەڭلىك لېنتا چەگدۈردۈم. ئاق قەغەز يېپىشتۇرۇلغان بور ساندۇقىنى رەڭلىك قەغەز بىلەن ئورىتىپ، گۈل چىقىرىپ لېنتىلاتتىم. ئىشلار بىر قۇر ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئىختىيارسىز «ئۇھ!» دەپ

تاشلاپتىمەن. شۇئان ھېلىقى خەنزۇ گۇلچى خانقىز ماڭا لاپپىدە قاراپ قويدى — دە:

— مېنىڭچە سىز چوقۇم شائىر. چۇنكى، ماڭا بۇ سوۋغىتىڭىز بىر پارچە لىرىك شېئىردەك بەكمۇ رومانتىك تۇيۇلدى. سۆيگىنىڭىز بۇ سوۋغىتىڭىزدىن چوقۇم خۇشال بولىدۇ، — دېدى تەبەسسۇم بىلەن.

گۇلچى خانقىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز رەھىم كۆتۈرۈلۈپ رەھمەت ئېيتقىم كەلدى — يۇ، لېكىن، ئۆزۈمنى سالماق تۇتۇپ گۇل دۇكىنىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئەلۋەتتە، بىرەر ئىش ئۇچۇن شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن باش قاتۇرغان ئادەم ئېنىقكى شۇ ئىشنى قانداق يۇسۇندا ئاخىرلاشتۇرۇشنىمۇ ئويلاپ قويغان بولىدۇ. سوۋغىنى يەتكۈزۈشكە تاللىغان ئىشەنچلىك نامزاتىم دەل فىزىكا فاكولتېتىدىكى دوستۇم ئىلھام ئىدى. چۇنكى، ئۇنىڭ قوغلىشىۋاتقان قىزى دەل رازىيەنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. ئىشىنىمەنكى، ئىلھاممۇ بۇ يېڭى يىلنى زارىقىپ كۈتكەن مەرتلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

تەھلىلىمنىڭ پاكىتى بار، ئاساسى تولۇق ئىدى. شۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۇلنىڭ ئېشىپ قالغىنىغا ئەرزان بولسىمۇ بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدىم — دە، مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. تەلىيىمگە ئىلھام ياتاقتا بار ئىكەن.

— قېنى كېلە بۇرادەر، — دېدى ئۇ مۇرەمگە شاپىلاقلاپ، — ئۆزۈممىغۇ ياتىقىڭغا بىر چىقاي دەپ تۇراتتىم. ئۆزۈڭ بىلىپ غىپلا كىرىپسەن. شېرىن دۇشمەنلىرىمىزنىڭ يېنىغا ئۇلاش — چولاش غاچلا بېرىپ كېلەمدۇق ياكى سوۋغا - سالاملىرىڭ بولسا ئۆزۈم گاچلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيمۇ؟

بىر نەچچە كۇنلۇك دېلىغۇللىقىمنىڭ بىر ئىككى سائەت

ئىچىدىلا بۇنداق ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېرىشىشىغا، سۇدەك يۇرۇشۇپ كېتىشىگە ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم.

—سەن بىلەن بىرگە خويمۇ بارغۇم بار ئىدى ئاداش، —دېدىم مەن ئالدىنئالا تەييارلىقىم بولغاچقا، —لېكىن، كەچتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ ھەممە مەسئۇلىيىتى دېگۈدەك مېنىڭ يەلكەمدە دېگىنە. شۇڭا، سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم ئەھۋالىمنى رازىيەگە توغرا چۈشەندۈرۈپ قويغان بولساڭ. بولۇپمۇ ماۋۇ نەرسىلەرنى ئامال بار ئۇنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىڭنى سورايمەن.

ئىلھام گۈلچى خانقىزنىڭ دېگىنىدەك ھېلىقى «رومانتىك شېئىرىم»نى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى دەڭسىگەچ كۆزۈمگە قىزىقسىنىپ تىكىلدى.

—بۇرادەر ئىككىڭلار بىرلىشىپ ئاق سودىسى قىلمايۋاتقانسىلەر؟—دېدى چاقچاق قىلىپ، — ياكى سەن باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى ئوغرىلاپ ئۆزۈمنىڭ دەپ ئۇنىڭغا ئەۋەتمەيۋاتقانسەن؟ ئەمەلىيەتتىغۇ ئۆزۈڭنىڭ يۈرىكى ئاللىبۇرۇن ھىجران ئوتىدا ئۆرتىنىپ تۈگەشتى.

—نېمە دېگۈڭ كەلسە دەۋەرگىن، —دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى بىر قاپ تاماكىنى تەڭلىگەچ، —ئىشقىلىپ باشقىلار كۆرۈپ قالمىسىلا بولدى.

※ ※ ※

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ئىشخانىمىزدىكى ئابلەت مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

—نېمە تۈگىمەيدىغان خىيال بۇ؟ يىگىت، تاماكىنى بۇنداقمۇ كۆپ چەككەن بارمۇ؟ تېز بولۇڭ، سىزنى مەكتەپ مۇدىرىمىز ئىشخانىسىغا چاقىرىۋاتىدۇ.

2

— سىزنى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، چېنىقىپ كېلىشكە ئالاھىدە ئويلىشىپتۇ. مانا بۇ ئۇقتۇرۇش، — دېدى مەكتەپ مۇدىرىمىز ماڭا بىر پارچە قەغەزنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — سىز تېخى ياش، قابىلىيەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە يۈكىڭىز يوق، ھەممىدىن مۇھىمى بۇ، رەھبەرلىكنىڭ سىزگە ئىشەنگىنى. لېكىن، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بۇ سىزدەك ياشلار ئۈچۈن بىر ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى. كېلىچىكىڭىز ئۈچۈن بىرىنچى پەلەمپەي، — مۇدىر ئاخىر كۆڭلۈمنى ياساپ قويۇشنىمۇ ئۇنۇتمىدى، — خاتىرجەم بولۇڭ ئۇكام. بۇ جەھەتتە رەھبەرلىكنىڭ كۆڭلىدە چوقۇم سان بار. ئۇزۇن ئۆتمەي سىزنى مەكتىپىمىزگە قايتۇرمىسىمۇ باشقا مەكتەپلەرگە ئۆستۈرۈپ. . .

توۋا دەيمىنا، بۇ نېمە دېگەن ئوخشاشلىق — ھە! بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى فاكولتېت مۇدىرىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق ئوخشاش تەلەپپۇز، ئوخشاش قىياپەت بىلەن كۆڭلۈمنى ياسىغان ئىدى.

— سىزنى فاكولتېتىمىزغا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىۋاتىمىز، ئىشنىڭ ئاخىرى چىققىچە يۇرتىڭىزغا قايتىپ تۇرۇشىڭىزنى ئويلاشتۇق. ئىشىنىڭكى سىز فاكولتېتىمىز نۇقتىلىق تەربىيىلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى. خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇقتۇرۇشنى. . .

بىر نەچچە يىلدىن بويان مەسۇم بىر ئۈمىد ئىلكىدە پەپىلىنىپ كەلگەن بۇ يۈرىكىم تۇيۇقسىز ئېغىپ كەتتى. چۈنكى، قولۇمدىكى فاكولتېت مۇدىرىمىز دېگەن ھېلىقى ئۇقتۇرۇش ئەمەس بەلكى مەن كۈتمىگەن، ئويلاپمۇ باقمىغان باشقا بىر ئۇقتۇرۇش ئىدى! شۇنداق قىلىپ ئىسىم — فامىلەم

بۇ چەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا يېزىلىپ، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدىكى يوقلىمىدا «بار» دەيدىغانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا تىزىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمغىمۇ خېلى ئايلار بولۇپ قالغانىدى.

ئەتراپ قاراڭغۇ، مەكتەپ ھويلىسى جىمجىت.

مەن بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن بويان ياتاقدىشىم ئەكبەرنىڭ يوتقان — كۆرپىسى بىلەن ياتاقداش بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ يوتقان — كۆرپىلەرگە قەۋەتلا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. بەزىدە ھەتتا بۇ يوتقان — كۆرپىلەرنى ئەكبەرگە مەكتىپىمىزدىكى ھاراق دېسە ياق دېمەيدىغان، ئىچىۋالسا خوتۇنىدىن قورقۇپ ئۆيىگە كېتەلمەيدىغان ئاشۇ بىر نەچچە خىزمەتدىشىمىز پۇل يىغىش قىلىپ تىكتۈرۈپ بەرگەنمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. ئىشقىلىپ، سېلىش باشقىلاردىن يىغىش مېنىڭدىن.

بۈگۈنمۇ يەنە لامپۇچكىنىڭ غۇۋا يورۇقىغا ئۆزىنى توختىماي ئۇرۇپ، ھارغىنى بىلەن كۆيۈپ ئۆلگىنىنى ئىلغا قىلىش ئىقتىدارىدىن يارىلىشىدىنلا مەھرۇم قالغان بىر توپ پەرۋانىگە قاراپ ھېلىقى گۈزەل، لېكىن، مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بولغان ئەسلىمىلەر قايىنىمىغا غەرق بولدۇم...

※ ※ ※

كىچىكىمدىن باشلاپ كىرگەن خۇيىمىكىن دەيمەن، ئالىي مەكتەپكە چىقىپمۇ كىتاب ئوقۇش بىلەن پۇتبول ئويناشنى زادىلا قولدىن بەرمىدىم. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مېنى ئىزدەيدىغانلار كۆپ ھاللاردا مېنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن، بولمىسا پۇتبول مەيدانىدىن تاپاتتى. مەن مۇشۇ جەريانلاردا ئىككى دوست تېپىۋالغان ئىدىم. بىرى بىلەن كۆپ ھاللاردا مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. بىلىپ - بىلمەي

سىرلىق رەۋىشتە بىر - بىرىمىزگە قارىشىپمۇ قوياتتۇق. ئۇ بولسىمۇ دىلدار!

دىلدار بىزنىڭ فاكولتېتىنىڭ مەندىن بىر يىللىق تۆۋەن ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئاڭلىسام ياتاقداشلىرى زېرىكىپ قالسىلا ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە سەرەڭگە تېلى تىزىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ ئوينايدىكەن.

يەنە بىرى بولسا ئاچچىقى بىلەن تاتلىقىنىڭ تازا تايىنى يوق، توپ ئويىنىغاندا ھەدېسىلا باشقىلاردىن «قويە ۋاي سېنى ئاداش، پۇتۇڭدىكىنى خۇددى پىچىپ يەيدىغان تاۋۇزۇڭدەك ساقلاپ يۈرگىچە ماڭا گاچلا بەرگەن بولساڭ مەن ۋاقلا قىلىپ ھەي. . . ي. . . ي. . . » دەپ ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان ئىلھام ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كەسپىمىز ئازراقمۇ ماس كەلمىگەن بىلەن ئۇنى دەپ بۇنى دەپ يۈرۈپ ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر نەچچىمىز ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ، يۈرىكىمىزدە دەردىمىز بار دەپ، بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى تالىشىپ ئىچىپ، ئىككىنچىسىگە پۇلىمىزنى يېتىشتۈرەلمەي، ئىككىنچى كۈنى ئارتۇق كەتكەن بىر نەچچە رومكىنىڭ كاساپىتى بىلەن ئىشىك ئالدىنى بىر كېچە ساقلىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىر نەچچە پارچە خېتىمنىڭ جاۋابىنى بەرمىگەن ھېلىقى قىز ساۋاقدىشىمنى ھېلىھەم ئەسلەپ يۈرگەن شۇنداق بىر كۈنلەردە، ھېلىقى ئۇزۇن كىرپىكلىككە تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغىنىمنىلا بىلىمەن. ئۇنىڭ كىرپىكىگە نېمەم ئىلىنىپ قالدى بىلمەيمەن، ئۆزۈمنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدىم. قەلبىمدىكى بۇ مەخپىيىتىمنى يا ئۇنىڭغا دېيەلمەي، يا باشقىلارغا ئاشكارىلاپ بولسىمۇ ئىچىمنى بوشىتالماي خېلى ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزىۋەتتىم. ئۆزۈمنىڭ ئەنە

شۇنداق بىر ھەسرەتلىك تۇيغۇغا مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىش ماڭا ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلماقتا ئىدى...

ئىلھام بىلەن ئازتولا ئىچىشىپ قالغان ۋاقتىلىرىمىزدا ئۇ ماڭا زادىلا گەپ بەرمەيتتى. راستىنى دېسەم ئۇنى فىزىكا فورمۇلالىرىغا قارىغاندا پۇتبول چولپانلىرىنىڭ ئىسمىنى كۆپرەك بىلەمدىكىن دەپمۇ قالىمەن.

يېقىندىن بويان دىلدارنى كۇتۇپخانىدا زادىلا ئۇچرىتالمىدىم. ئۆزۈمنى خېلى زورلاپ باقساممۇ زېھنىمنى قولۇمدىكى كىتابقا يىغالمايتتىم. كۆزلىرىم ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى.

—باياتىن بېرى شۇنچە قارايسىز—يۇ، ئىشارەت قىلسام ئىنكاسىڭىز يوق، —دېدى بىرى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتسام دۈمبەمگە سىلىق مۇشتلاپ، —كۇتۇپخانىغا كىتاب ئوقۇغىلى كىردىڭىزمۇ ياكى كۆزلىرىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقارغىلى؟

چۆچۈپ قارىسام ساۋاقدىشىم ئايجامال ئىكەن.

—كەچۈرۈڭ، —دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا، —ئۇدۇللا قېشىمغا كېلىۋەرمەي.

ئايجامال شۇئان كېلىپ مېنى قولتۇقلىۋالدى.

—ئەمدى بولدىمۇ؟

مەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.

—بايا سىنىپقا چىقسام باللارنىڭ بىرىمۇ يوق تۇردۇ. بۈگۈن ياتاقتىكىلەرنىڭمۇ ئۈۋىسى بۇزۇلدىمۇ قانداق؟ بىرەرسىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيدىغۇ—تاڭ. ئىچىم پۇشۇپ كۇتۇپخانىغا كىرسەم، سىز خۇددى كۇتۇپخانىنىڭ ياللانما ساقچىسىدەك ئۇياق — بۇياققا قاراپ ئولتۇرۇپسىز.

بىر نەچچە كۈن بۇرۇن مەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرەتتىم. مۇشۇ باھانىدا

ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالاي دەپ ئويلىدىم.

—ياتىقىڭىزدىكىلەرنى چاقىرسىڭىز ئايلىنىپ كەلمەمدۇق؟— دېدىم مەن ئۇنىڭغا، —ھېلىقى كۈندىكى يەڭگىلتەكلىكىم ئۇچۇن گۇۋاھچىلار ئالدىدا سىزدىن ئەپۇ سورىۋالاي دەيمەن.

—باياتىن بېرى قىلغان سۆزۈمنى نەگە ئاڭلىدىڭىز؟— دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، —بۈگۈن ياتاقتىكىلەر يوق دېدىمغۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭمۇ تازا ئىچىم پۇشۇپ تۇرغاچ گەپىنىڭ پوس كاللىسىنىلا دېدىم.

—ئايجامال، ئەگەر باشقىچە ئويلاپ قالمىسىڭىز، ئاز—تولا بىرنەرسە يېگەچ پاراڭلاشساق دەيمەن.

بىز مەكتەپ سىرتىغا قاراپ ماڭدۇق. تۇيۇقسىز ئايجامالنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ كەتتى.

—بىزنىڭ فاكولتېتتىكى دىلدار ئىكەن، —دېدى ئۇ چاقىرغۇسىغا سىنچىلاپ قاراپ، - سىزمۇ باشقىچە ئويلىنىپ قالمىسىڭىز، بۈگۈن سىزگە ئىككىمىز ھەمراھ بولساق قانداق؟

—باش ئۇستىگە، —دەۋەتتىم مەن ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ سۇئالىنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، —ئەنە ئاۋۇ دۇكاندا تېلېفون باردەك قىلامدۇ نېمە؟ مەن سىلەرنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي.

گەپنى ئالدىراپ قىلىۋەتكىنىم بىلەن ئەمدىلىكتە تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتىم. فاكولتېت بويىچە ئاشۇ دىلداردىن بۆلەك باشقا دىلدار ئىسىملىك قىزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئىگىلەپ بولغان مەندەك بىر ئاشىق رازۋېدكىچى ئۇچۇن بۈگۈنكى بۇ پۇرسەت تولىمۇ تۇيۇقسىز ئىدى...

ئۇزۇن ئۆتمەي دۇكان ئىشىكىدىن ئىككى قىز

كۈلۈشكىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھەقىقەتەن دىلدار ئىدى.

— بۇ، دىلدارنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا قىستىلىۋېلىش ھىيلىسى، — دېدى ئايجامال قەستەن دىلدارنىڭ چىشىغا تېگىپ، — بولمىسا بىز دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماڭا چاقىرغۇ قىلامتى؟ چىدىمىغان گەپ! ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئاللىبۇرۇن بىزنىڭ كەينىمىزگە چۈشكەن.

— باشقىلار ئالدىدا مېنى تولا خىجىل قىلماڭ ئايجامال، — دېدى دىلدار پەس ئاۋازدا، — بولمىسا كىرىپ كېتىمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ دىلدار، ئاران بىر قېتىم ئۇچراشقاندا.

. .

ئالدىراپ دەپ سالغان سۆزۈم ئۈچۈن پېشانىلىرىمدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئايجامال ماڭا «لاپپىدە» بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سىرلىق كۈلدى.

— ھە، ئەسلىدە ئۇچرىشالماي يۈرگەنلەرنى بىلمەي يۈرۈپتۇق — تە، بىز. بولدى، بولدى، تالاشمايلى. قېنى يىگىت بىزنى باشلاڭ.

مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە بۈگۈنكىدەك مۇنداق كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايدەك چىرايلىق بىر جۈپ قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېرىلىپ مېڭىشنىڭ لەززىتىنى بىر دېمەڭ. شۇ پەيتتە مەن ئۆزۈمنى خۇددى ھىندىستان فىلىملىرىدە رول ئېلىۋاتقان ئارتىستەك خۇشال، ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. .

3

تۇيۇقسىز مەكتىپىمىزنىڭ رىشاتكىلىق چوڭ دەرۋازىسى

غارىلداپ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، ئاچقۇچلىرى ئاللىبۇرۇن يېتىپ، ئۆز رولىنى يوقاتقان، ھېلىقى بىر توپ رەڭگارەڭ، چوڭ- كىچىك قۇلۇپلار ئۇزۇن زەنجىرلەر بىلەن تەڭلا بىر- بىرىگە، تۆمۈر رىشاتكىلارغا قالايمىقان ئۇرۇلۇپ خىيالىمنى بۇزدى. «بۇگۈن يەنە ماڭا ئاراملىق يوق ئىكەن- دە» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

بىرئازدىن كېيىن ياتاقدىشىم ئەكبەر ئىشىكنى ئىتتىرىپلا كىردى- دە، ماڭا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى.

— ئۆزۈمگە لەنەت دوستۇم. قېنى مەندىكى ھېلىقى غايە؟ قېنى مەندىكى ئارزۇ؟ ئۆزۈم خالاپ بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنىپ نېمىمۇ قىلالىدىم؟ ئوقۇتۇش سۇپىتىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش ياسىيالىدىم؟ ئۆزۈمگە ئىشىنىپ كېتىپ، مانا ئەمدىلىكتە سۆيگەن قىزىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم.

مەن ئۇنى ئاستا يۆلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. ئۇ يەنىلا بايىقى چۈشىنىكسىز جۈملىلەرنى تەكرارلايتتى. مەن ئۇنىڭغا زورلاپ يۇرۇپ بىر ئىستاكان ئىسسىق چاي ئىچكۈزگەندىن كېيىن، ئاز- تولا ئەسلىگە كەلگەن ئەكبەر چاپىنىنى سېلىپ تاشلىدى ۋە كارىۋات ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ، بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— قېنى بۇرادەر، بۇگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشنى ئىككى پىدائىيىنىڭ سۆھبىتى دەپ چۈشەن! ئوخشمايدىغىنى، سەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن رويخەتكە ئېلىنغان پىدائىي. لېكىن، مەن باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان، سۆيگىنى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن پىدائىي.

ئۇ ئالدى بىلەن يېرىم ئىستاكان ھاراقنى «گۇپلا» قىلىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭىمۇ ئوخشاش قۇيۇپ تەڭلىدى. ئۇنىڭ قولىنى ياندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. شۇنىڭغا ھەيران

ئىدىمكى، بايىقى مەست ئەكبەر مىنۇت ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىچى كۆچلۈك ئەكبەرگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى.

— سىنىڭ ئەھۋالىڭنىمۇ ئاڭلىدىم دوستۇم. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولۇپ مەيدەمگە گۈل تاقىغانمەن. مەكتەپ پۈتتۈرگەندە بازىرىمىمۇ خېلى چىققان. لېكىن، ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئېتىقاد مېنى ئاخىر مۇشۇ يەرگە سۆرەپ كەلدى.

ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى كۈچەپ شورىغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى.

— يۈرىكىم قېقىلىپ كەتتى دوستۇم. ئىشقىلىپ بۈگۈن ساڭا كۆڭلۈمدىكى ھەممىنى سۆزلەيمەن، — ئۇ ئىستاكاندىكى مۇزلاپ قالغان چايدىن ئوتلىدى، — بىز ئالىي مەكتەپ پراكتىكىسىنى دەل مۇشۇ يېزىدا قىلغان ئىدۇق. بىلىسەن دوستۇم ئادەم ئەنە شۇنداق ۋاقىتلاردا شۇنداق ئىرادىلىك، شۇنداق رومانتىك بولۇپ كېتىدىكەن. مەن پراكتىكا جەريانىدا بۇ يېزىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ھەققىدە خېلى ئىزدىنىپ كۆردۈم. ئىزدەنگەنسېرى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھېس قىلدىم. ئۇلارنى بىرمۇ — بىر سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ ئۆزۈڭ كۆرۈ پ تۇرۇپسەن. شۇندىن باشلاپ ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىككىمدىن تېپىۋالغان رېماتىزم كېسىلىممۇ بۇ يۇرتقا كېلە — كەلمەيلا مېنى تاشلىدى. خۇددى مەن مۇشۇ دىيار ئۈچۈن يارالغاندەك. ئۇ چاغلاردىكى ھېسسىياتىمنى ھازىرمۇ خاتا دەپ ئىنكار قىلمايمەن. ئەگەر بىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قىسمەنلىرىدە بولسىمۇ مەندىكى بۇ روھ بولسا ئىدى ئەھۋال بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشپەش تارتىشىپ قالغان قىز دوستۇممۇ مەندىن بىر يىل بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىدىكى

ئوتتۇرا مەكتەپكە يەنى مۇشۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان ئىدى.

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئۇ كىم؟

— ئەمدىلىكتە ئۇنى سوراشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى، — دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا، — دەپ بەرگىنىم بىلەن ئۇنى تونۇشۇڭ ناتايىن. چۈنكى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا كەسپىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

مەن جىمىپ قالدىم.

— ئارزۇ— ئارمانلىرىمنى مۇشۇ يۇرتتا ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ رەھبەرلىكنى، بەختىم سىزدە دەپ قىز دوستۇمنى خۇشال قىلغىنىم بىلەن ئاتا— ئانامنى خاپا قىلغانمۇ بولدۇم. لېكىن، دادامنىڭ «بېرىپ ئىشلەپ كۆرمىسۇنمۇ؟ كۆنەلمىسەڭ ماڭا يۇرۇتۇپلا قويساڭ بولىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ— ئارمانلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەنمۇ بولدۇم. لېكىن، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن، مەن ھازىر قايسى پەننىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەنلىكىمنى، ئالىي مەكتەپتە ئۆزۈمنىڭ نېمە كەسىپ ئۆگەنگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالايلا دېدىم. شۇنداقتىمۇ ئىزدەندىم، تىرىشتىم. مەيلى قايسى پەندىكى دەرس تەقسىم قىلىنمىسۇن ھۆددىسىدىن چىقتىملا ئەمەس بەلكى ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىمغا يۈز كېلەلىدىم. ئورۇنلۇق پىكىر— تەكلىپلىرىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا بېسىلىپ قالغان بىلەن گېزىت— ژۇرناللاردا دەرىجىگە ئېرىشىۋاتىدۇ. كونىلار «يالغۇز ئاتنىڭ دېڭى چىقماس» دەپ راست ئېيتىپتىكەن. ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق بىر نەچچە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتەلىگىنىم بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغىچۇ؟ بولۇپمۇ ئەتراپىمىزدىكى ياش

ئوقۇتقۇچىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە ئويلاۋاتىدۇ؟

ئەكبەرگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئىچىمگە سولاپ، دېيەلمەي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى دەۋاتاتتى. كىملەرگىدۇ ئاچچىق — ئاچچىق كىنايە قىلىۋاتاتتى. . .

ئۇ ئىستاكاندىكى ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرىۋەتتى ۋە بېشىنى ئەلەم بىلەن بىر پەس چايقىدى.

مەن ئۇنىڭغا يەنىلا ئۈن — تىنسىز ئۈلپەت بولۇشنى خالىدىم.

— بۇغۇ پەقەت بىر ئادەمنىڭلا ئىشى ئەمەس. مېنىڭچە بۇنىڭغا يەنە بىر مەزگىللىك جەريان كېرەك. لېكىن، ماڭا ھەممىدىن ئېغىر كەلگىنى قىز دوستۇمنىڭ ۋاپاسىزلىقى، مەيدانسىزلىقى! مەن ئۇنى مېنى چۈشىنىدىغۇ، مېنى قوللايدىغۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەسلى مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۇنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيتتى. مەن ئۇنى مۇشۇ يۇرتتىكى بىردىن — بىر مۇڭدىشىم، يۆلەنچۈكۈم دەپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرەتتىم. ئەمدىلىكتە ئۇ بۇگۈن باشقىلارنىڭ ئاشنىسى بولۇپ چىقتى!

مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى بايانلىرىدىن تولغىنىپ كەتتىم. . .

ئەكبەر خېلى ئۆزۈن يىغلىغاندىن كېيىن ئاستا — ئاستا ئۇيقىغا كەتتى. تۈرۈپ — تۈرۈپ قاتتىق ئۇھ تارتىپ قوياتتى. ئەكبەرنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. قاچانلاردىدۇ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە ئەكبەر ئىككىمىز ھە — دەپ بىر پارچە مۇزنى تالىشىپ غاجىلاۋاتقىدەكمىز. ئۇسسۇزلۇقۇم ھېچ قاناي دېمىگىدەك. . .

## 4

ئەكبەرمۇ ئاز ئۆتمەي يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى دېگەندەك، بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇتۇش سۇپىسىدە كۆزگە كۆرۈنگىدەك ھېچقانچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىسىمۇ، لېكىن، مېنىڭچە مەكتەپتىكىلەرگە، تونۇش-بىلىشلىرىگە خېلىلا ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى، دەپ قارايتتىم. ئەپسۇس، ئۇ كەتكەندىن كېيىن مەكتەپتە ئۇنىڭ چىقىشقاق مىجەزى، گەپدان-خۇشخۇيلىقى، ھاراققا تولىمۇ كۆتۈرۈشلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسلەيدىغانلار كۆپ ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى، كەسىپ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىلغا ئالىدىغانلار ساناقلىقلا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن تۇيۇقسىز يۆتكىلىپ كېتىشىدىكى سىرنى بولسا ئۇلار ئەسلا چۈشەنمەيتتى. . .

—مەن تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ كەلدىم، —دېگەن ئىدى ئۇ مېڭىشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئېغىر خۇرسىنىپ، —ئۇنىڭغا شۇنچە يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ ياق، شۇنچە يىلنىڭ يۈزىنى دەپ بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئادەمگەرچىلىكنى يەتكۈزمىسەم بولامدۇ دەيسەن؟ لېكىن، ئىككى تەستەك ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئاز كەتتى ئىسىت! ئىشەنسەڭ مەن ئۆزۈمنى پەقەتلا تۇتالماي قالدىم.

ئۇ كەتكەندىن بۇيان مەن ياتاقنىڭ بىردىنبىر يالغۇز خوجايىنىغا ئايلاندىم. قاپىقىمغا قاراپ ھېلىقى كېچە نوچىلىرىمۇ ئاساسەن كىرمەس بولۇپ قالدى. يېقىندىن بۇيان مەنمۇ ئەكبەرگە ئوخشاش ھېلىقىنىڭدىن بىر نەچچە بوتۇلكىنى ساقلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. مەكتەپتە چۈشلۈك تاماقنى ئەتسە ئەتتى، بولمىسا بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ موتىسكلىتىنى ياكى بولمىسا بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ

ۋېلسىپىتىنى سوراپ ئالىمەن — دە، يېزا بازىرىغا قاراپ چاپىمەن. كەچتە بولسا ئالىي مەكتەپتە ئىشلەتكەن تاماق قاچامغا تەييار چۆپتىن بىرنى سالىمەن. ئۈستىگە قايناقسۇنى قويىمەن — دە، قاتتىق تاشلىق كىتابتىن بىرنى ئۈستىگە ياپىمەن. كەچلىك تاماق دېگەن ئەنە شۇ. ئاندىن كېيىن ئەتىكى دەرس تەييارلىقلىرىنى بىرەر قۇر تۈگىتىپ خۇشلىقىم تۇتۇپ قالسا، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قاراپ ئۆمىلەيمەن. ياكى بولمىسا كىتابتىن بىرنى ئالىمەن — دە، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلايمەن. لېكىن، مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا يەنىلا خىيال ئەڭ ياخشى ھەمراھ...

※ ※ ※

ئاشخانىنىڭ ئايرىم خانىسىغا كىرىپ بۇيرۇتىدىغانىنى بۇيرۇتۇپ، گېپىمىزنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشىمىزغا ئايجامالنىڭ چاقىرغۇسى يەنە سايراپ كەتتى.

— مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئايجامال ئۆزرىخاھلىق سوراپ، — تېلېفون قايتۇرۇۋېلىپلا كىرىمەن.

ئەمدىلىكتە ئايرىم خانىدە پەقەت ئىككىمىزلا قالغان ئىدۇق. مەن ئامال بار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئەركىن، گەپدان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتىم.

— يېقىندىن بۇيان كۈتۈپخانىدا قارىڭىزمۇ كۆرۈنمەيدۇ، تاپشۇرۇق بېسىۋالدىمۇ نېمە سىزنى؟ — سورىدىم مەن چاپىنىمنى ئاسقۇغا ئاسقاچ، — بەكمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز.

— سىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىڭىزنى قوزغىغىدەك قىزلارمۇ تولىغۇ مەكتەپتە، — دېدى دىلدار بىر تال چىش كولىغۇچنى ئېلىپ ئۈستەلدىكى شامنى پەرلىگەچ...

— بۇ سىزنىڭ...

مەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا سوئال

نەزىرى بىلەن تىكىلدىم. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى شام يورۇقىدا كىشىگە ئاجايىپ سېھىرلىك بىر تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. ئاڭغىچە ئايجامالمۇ كىرىپ كەلدى.

—يەنە شۇ بىزنىڭ يىگىت بولمامدۇ؟—دېدى ئايجامال قاشلىرىنى ھىمىرىپ،— سىلەردىن رۇخسەتسىز ئۇنىمۇ مۇشۇ يەرگىلا كەل دەپ قويدۇم. رەنجىمەيدىغانسىلەر؟

ئايجامال باشتا دىلدارغا ئاندىن ماڭا قارىدى.

—بەك ياخشى بوپتۇ. قارشى ئالىمىز. لېكىن، ئايرىلىپ كەتتۇق دېگەندەك قىلىۋاتقانتىڭىز، قاچاندىن بېرى يەنە. . .

—ئادەم قېرىغانسېرى مانا مۇشۇنداق تىكىشى توختىمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن،—دېدى ئايجامال گەپنى چاقچاقا ئايلاندۇرۇپ،—ۋاقتى كەلگەندە سىلەرنىمۇ كۆرىمىز.

ئايجامال ماڭا قاراپ كۆزىنى قىستى. دىلدار يا كۈلۈشنى يا ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشنى بىلەلمەي ئاخىرىدا ئۇمۇ كۈلۈپ تاشلىدى.

—ئۇنداق بولسا خەۋەرچىلىك ۋەزىپەم يەنە ئەسلىگە كەپتۇ —دە،—دېدىم مەنمۇ ئايجامالغا ئۆتكەنلەرنى ئەسلىتىپ.

شۇنداق قىلىپ ئەخمەت بىلەن ھە—ھۇ دېگىچە بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىكارلاپ قويغىلى تۇردۇق. ئەخمەتنىڭ زورلىشى بىلەن قىزلارمۇ سورۇننىڭ يارىشىقىغا قىزىل گۈل ھارىقىدىن «بىزگە ئەمدى بولدى—ھە، بولمىسا. . .» دەپ تۇرۇپمۇ بىر نەچچە قەدەھنى ئارتۇق كۆتۈرگەن بولدى.

ئەخمەت بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، يۈرىكىدە ئۆتى بار ستودېنتلار ئۇچۇن ئاللىبۇرۇن ياد بولۇپ كەتكەن قايسى بىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ئايجامالغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ

ھېسسىيات بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. . .

«دەردتە قالدىم، كۆزۈمدە ياش، ئاقتى دەريا نىلچىلىك،
سەپمۇ سالمايسەن ئەجەپ ھالىمغا ئەپسۇس، قىلچىلىك.
سەن يۈرەكنى قىپ ئەسىر، كەتتىڭغۇ كۆزدىن ئاھ! يىتىپ.
ئۆتتى سەنسىز ھەر دەقىق گويا ئۇنىڭ يىلچىلىك.
. . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . .
سەن ۋاپانىڭ ئەكسى قىلدىڭمۇ سۆيگۈ سوۋغىسى؟
شۇمۇ ئەجرىڭ؟ بولدى بەس! ئەركىمگە ئەۋزەل مەستچىلىك.
»

ئەخمەت رومكىدىكى ھاراقنى «گۈپلا» قىلىپ ئىچىۋەتتى. ھەممىمىزنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. دىلدارنىڭمۇ تولا كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئايجامال بولسا ئەخمەتنى ھە دەپ دەيدەيگە سالاتتى. ئەخمەت ئىككىنچى پارچە شېئىرنى ماڭا ۋاكالىتەن دىلدارغا قاراپ ئوقۇدى:

«بۇ يۈرەك بىتاپ ئەمەس بىلگىنكى ساپ-ساق دىلبىرىم.
مەن پەقەت ۋەسلىڭگە زار! كىمكەن بۇدۇشقاق دىلبىرىم؟
كۆزدە ياش، سايەڭ سۈپەت يۈرسەم، گىدەيسەڭ بىنەزەر. . .
ھاردۇقۇڭ چىققايمۇ ئاھ! قەستىڭمۇ شۇنداق دىلبىرىم؟»

مەنمۇ بوش كەلمىدىم-دە، ئۇنىڭ قولىدىكى قەدەھنى دەرھال تارتىپ ئېلىپ، شېئىرنى داۋاملاشتۇردۇم:

«كىم رەقىپ؟ تەييار پىقىر! ئۆلسەم دىلىڭغا كۆم مېنى،
كۆزگە ياش ئالدىڭغۇ ۋاھ! قىلدىمغۇ چاقچاق دىلبىرىم.»

ئايجامال «يارايسىز» دېگىنىچە چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ كەتتى. ئەخمەت بولسا ماڭا قاراپ كۈلەيدى.

—پېقىردەك بۈيۈك شائىرنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرىنى نەلەردە يۇرۇپ يادلىۋالدىڭ؟

—مېنى كەچۇرگەيلا، ئالدىلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇم،—دېدىم مەن ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،—بۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى سىلىگە قارىغاندا يەنىلا مەن ئوقۇسام تۇزۇك دەپ ئويلىدىم. بولمىسا ئايجامالنىڭ تەستىكى...

—بوش كەلمىدىڭىز،—دەۋەتتى ئايجامال چاۋاك چېلىپ، —سۆزىڭىزدىن ئەخمەت سەگىدى، دىلدارنىڭ كۆڭلىگە جىن چۈشتى.

مەن دىلدارغا قارىدىم. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىۋالغان ئىدى.

ئەمدىلىكتە ئايرىم خانىدە دىلدار بىلەن ئىككىمىزلا قالغان ئىدۇق. «هازىرلا كىرىمىز» دەپ چىقىپ كەتكەن هېلىقى بىر جۈپ هېچ كىرەي دېمەيتتى.

—هە، دەپ بەرسەم بايا ئۇچىڭلار بىر بولىۋېلىپ مېنى گەپتە تازا چېقىۋالدىڭلار—هە،—دېدى دىلدار سۇس كۈلۈمسىرەپ،—لېكىن، مەن بۈگۈن تولىمۇ خۇشال.

—قارىغاندا يېقىندىن بۇيان كۆڭلىڭىزنىڭ تازا ئارامى يوق ئوخشىمامدۇ؟

دىلدار سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىر پەس جىمىپ كەتتى.

—سوئاللىرىم ئارتۇق كەتمىگەندۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — ئۇ كۆزىنى مەندىن قاچۇردى، — سىزگە دېيىشكە ھېچ پېتىنالماي كېلىۋاتقان، لېكىن، دېمىسەم زادىلا بولمايدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — ئۇ شۇ ئارىلىقتا ماڭا ئەيمىنىپ يۈزلەندى، — مېنىڭچە بۇ گۇنكىدەك پۈرسەتلەرنىڭ بىزگە يەنە كېلىشى ناتايىن.

مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇ كۆزىنى دەرھال مەندىن قاچۇردى.

— مېنى ئەيىپكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە سىز مېنىڭ يۈرگىنىمگە تولىمۇ ئوخشايسىز.

مەن كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزلەردىن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇ غەمكىن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇ بۇندىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ئەتكەس مال سودىسىغا چېتىلىپ قېلىپ تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىدى. يېقىندا گۇناھسىز دەپ ئاقلىنىپ قويۇپ بېرىلدى. سىزگە بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ يۈرۈشكە يۈزۈم پەقەتلا چىدىمىدى.

مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم. ئېچكەن ھاراقلارنىڭ كەيپى نەلەرگىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ھەر ھالدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يۈرىكىم ئاغرىيتتى. تۇيۇقسىزلا ھەممىدىن قۇرۇق قالغان بىچارە يېتىمدەك ئۆزۈمنى تولىمۇ يالغۇز ھېس قىلاتتىم. ھېلىمۇ كۆڭلۈمنىڭ، ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭغا چاپلىشىپ، سەتلىشىپ يۈرمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى يەنىلا ئاز — تولا يېنىك ھېس قىلاتتىم.

— ئەمەلىيەتتە، مەنمۇ شۇ... سىزنى شۇ... سىڭلىمدەكلا كۆرۈپ، — تىللىرىم كالۋالىشاتتى، — بايىقى

چاقچاقلارنى ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز؟
ئۇ ماڭا «لاپپىدە» تىكىلدى.
—ياق، ئۇ ئىشلار مەن ئۇچۇن گۈزەل بىر ئەسلىمە.
مەكتەپكە قايتىپ كەلگىچە بۇ يول ماڭا شۇنچە ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى...

## 5

شۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەم ئۆزۈمگە بىر تۈرلۈك كۈلگۈم كېلىدۇ، بىر تۈرلۈك ئاچچىقىم كېلىدۇ. شۇ ئاخشىمى دىلدار بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كېلىۋېتىپ بەكمۇ ئازابلاندىم. ھېسسىيات جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتىم يۈرىكىمنى سىقاتتى. ئۇنىڭ تۈرلۈك-تۈرلۈك ئېغىر تىنىشلىرىدىن مېڭىلىرىم گاراڭلىشىپ كەتكەن ئىدى.

—نېمىلا دېگەن بىلەن مۇشۇ كۈنلەردە پەقەت سىزلا ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ روھى تەسەللىي، بۇمۇ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇھەببىتىڭلار ئۈچۈن ياخشى بىر سىناق.

—شۇ ۋاقىتلاردا تارتقان ئازابلىرىم يۈرىكىمنى لەختە-لەختە قىلىۋەتتى،—دېدى ئۇ يىراقلارغا تىكىلىپ،—ئەڭ يېقىن كىشىسى تۇيۇقسىزلا جىنايەتچى بولۇپ چىقسا، بىر قىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بولماس. ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن ئىدىم. يىغلاپ-قاقشىغان ئىدىم. لېكىن، ئەمدى بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك؟

—ئۇ بىچارىدىمۇ نېمە گۇناھ،—دېدىم مەن بايىقى تەلەپپۇز بىلەن،—ئىشنى يەنە باشقىدىن باشلىساڭلار بولىدىغۇ؟

ئۇ لام-جىم دېمىدى. لېكىن، مەن زادى كىمدىن ئاغرىنىشنى بىلەلمەيتتىم. چۈنكى، قىز-يىگىتلەر ئارا تونۇشۇش، ئارىلىشىش، سىردىشىش دېگەن نورمال ئىش. كۆز

دېگەننى كۆرەرمىكىن، قارامدىكىن، تىكىلەمدىكىن، نەزەر تاشلامدىكىن، يۇمامدىكىن، قىسامدىكىن دەپ ياراتمىسا، ئۇنىڭ تام تۆشۈكىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئەمەلىيەتتە، دىلدار ماڭا شۇنداقلا قاراپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، «سەۋرىدىن خەۋەر — يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك ئۇنى مەن مېھىرلىك قارىدى، سىرلىق قارىدى دەپ يۇرگەندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز. ئاغرىنىش توغرا كەلسە ئۆزۈمدىن ئاغرىنىشىم كېرەك. ئادەم دېگەن ياشلىقتا ھەۋەسنىڭ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ھەر ئىشلارنى كۆرىدىكەن، كۈلىدىكەن، يىغلايدىكەن، ئىشقىلىپ ھېسسىياتنىڭ چېكتى يوق ئىكەن.

ئۆزۈمگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەسەللىي بېرەتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتىم.

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ فىلىمدىكى رولنى ئەنە شۇنداق كومىدىيىلەر بىلەن ئارانلا تاماملىغان بولدۇم...

※ ※ ※

ھاۋا كۈندىن كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. مەكتەپكە كۆمۈر كەلگىچە يوتقانغا چىڭ پۈركۈنىۋالسام تۈننىمۇ تاڭغا بىر ئامال قىلىپ ئۆلىغىلى بولار. لېكىن، دەرس ۋاقتىدا دۈغدىيىپ، مىشىلداپ، تالا — تۈزگە چىققاندا تىترەپ ئۆزۈمگىمۇ سەت، دېگەن خىيال بىلەن قايتمىغىلى خېلى ۋاقىتلار بولغان ئۆيگە قايتتىم.

— كۆرۈۋاتامسەن بالام، بىزمۇ ياشىنىپ قالدۇق، — دېدى ئاپام تاماقتىن كېيىن گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سىڭلىڭمۇ بويىغا يېتىپ قالدى. داداڭ ئىككىمىز ئاغىنىلىرىڭ ئارقىلىق ساڭا خېلى گەپ ئەۋەتسەكمۇ جاۋابىڭنىڭ ھېچ تايىنى يوق. بۈگۈن كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ

باقسام دەيمەن.

ئاپامنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا مېنىڭدىن بۇ گۈن ھەقىقىي بىر جاۋاب ئالمىغىچە بولدى قىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئەگەر سىڭلىمنىڭ ئىشى مۇقىملىشىپ قالغان بولسا ماڭا قاراپ كەتمىسەڭلەرمۇ بولىدۇ. باشقىچە پىكرىم يوق، — دېدىم مەن ئۇدۇللا.

ئاپامنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— توۋا دېگىنە بالام. ھەممە ئىشنىڭ ئۆز نۆۋىتى بولىدۇ. راستىڭنى دېگىنە، تاپالمايۋاتامسەن ياكى تاللاپ بولالمايۋاتامسەن؟

مەن لام — جىم دېمىدىم. ئاپام ئىلگىرى ئەركىلەتكەن بولۇپ بۇ ئىشنى خېلى پۇرۇتۇپ تۇراتتى. لېكىن، يېقىندىن بۇيان ئوچۇق — ئاشكارىلا ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئاپامنى خاتىرجەم قىلىپ، — يېزىدىكى ۋەزىپە مۇددىتىم توشقاندىن كېيىن سىلەرنى يەنە سۆزلىتىپ يۈرمەيمەن.

ئاپام جاۋابىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— كېلىنچەككە قويىدىغان تەلىپىمىزمۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەس، — دېدى ئاپام مېھرىبانلىق بىلەن، — توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى، ھەر ھالدا ئويلىشىپ ئىش كۆرەرسەن.

ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلاشقىچە، ئۆزۈمدىن باشقىلار ئىزدەپ تاپالمايدىغان يەرگە تىقىپ قويغان، ناۋادا كۆرگۈم كەلسىمۇ، ئۆزۈمنى كۆرمەسكە خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان چەكلەپ كېلىۋاتقان ئالبۇمىمنى ئېلىۋالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلارنىڭ يادنامىسى بولۇپمۇ، چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرگەن، كېيىنچە مېنى داغدا قويۇپ، باشقىلار ئارقىلىق ئۆز بەختىنى تېپىۋالغان

ھېلىقى رازىيەنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. . .

ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ مۇشۇ باھانىدا ئۆز مەكتىپىمدىكى خىزمەتداش، دوست-بۇرادەرلەرنى يوقلاپ ئۆتەي دېدىم-دە، ئايرىلغىلى نەچچە ئايلار بولۇپ كەتكەن مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم. گەرچە مەن بۇ جەريانلاردا مەكتەپكە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان بولسامۇ، لېكىن، مەكتەپتىكىلەر ھەر ھالدا مېنى يوقلاپ، خېرىدارلىقىمنى قىلىپ تۇراتتى.

مانا ئەمدىلىكتە مېنى كەپتۇ دەپ مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسىغا دەرسى يوق ياش ئوقۇتقۇچىلار يىغىلدى.

— بۈگۈن چارشەنبە بولغاچقا دەرستىن كېيىن سىياسىي ئۆگىنىش دېگەن گەپ. ئۆزۈڭگىمۇ ئايان بۇرادەر، ئاسمانغا ئاي چىقمىغىچە يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئىتتىپاق شۇجىيىمىز ئەسقەر گەپ ئارىلىقىدا تەكەللۇپ بىلەن، — بۈگۈن شەھەرگە ئاران كەلگىنىڭدە لايىقىدا داستىخانمۇ سالالمايدىغان ئوخشايمىز. لېكىن، تازا ۋاقتىدا كەپسەن. خەۋىرىڭدە بارمىكىن، مەكتىپىمىزگە بىر نەچچە ياش ئوقۇتقۇچى تەقسىم قىلىندى. دېمەكچىمەنكى، پېقىرنىڭمۇ قوشۇنى خېلى زورىيىپ قالدى. يېڭىلارنى كۈتۈۋېلىش، يېشى ئېشىپ كەتكەن قېرى-چۆرىلەرنى سەپتىن چېكىندۈرۈش، شۇنداقلا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتىمىز كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشنى ئويلاشقان ئىدۇق. ساڭا خەۋىرنى بەرگىچە بىلگەندەك ئۆزۈڭلا كەپسەن. ۋاقتى كېلەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى، يەنى 31-چېسلا.

— جايىدا ئويلاپسىلەر، — دېدىم مەن ئۆز نۆۋىتىدە، — مېنى

ئۇنتۇپ قالدىمكىن دەپ ئويلاپ يۈرسەم، ھەر ھالدا ئېسىڭلاردا بار ئىكەنمەن. بىزنىڭ بۇ جانابىي شۇجىنىڭ مېنى قەستەن ماختاشلىرى، كۆزلىرىنى ئوغرىدەك يانچۇقۇمدىن ئۈزەلمىگىنىگە قارىغاندا، مۇددەتمۇ توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بىچارىنى سوراتقۇزۇپ يۈرمەي. مانا ئاله بەدەل پۇلۇڭنى.

كۈلكە — چاقچاق بىلەن ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. مەن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. كۆپچىلىك مېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

6

يېڭى يىلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. ئويلاپ باقسام مەن رازىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى يېڭى يىللارنى پەقەتلا خۇشال ئۆتكۈزۈپ باقماپتىمەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىدە بولسا، يېڭى يىل ئاخشىمىدەك ئۈستىلىمگە بىر تال قىزىل ئالمىنى قويۇپ، ئالبۇم ۋاراقلاپ، ھەسرىتىمنى ئالمىغا سۆزلەپ، قاچانلاردا مەست بولۇپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيلا قالاتتىم.

فاكولتېتتا قىلىش ئېھتىماللىقىمنىڭ ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى فاكولتېت مۇدىرىمىزنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن ئاڭلاپ، چىرايلىق كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن رازىيە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ «چوپچوڭ بىر فاكولتېت مۇدىرى ئۇنداق دېگەندىن كېيىن يەنىلا ئۈمىد بار» دەپ مېنى ھەر ھالدا خاتىرجەم ئۇزىتىپ قالغان ئىدى.

«ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دەپ ئاخىرلاشتۇراتتى ئۇ ماڭا يازغان خەتلىرىنى، — شۇنداقلا مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، يېقىندىن بۇيان ئىشىڭىز توغرىسىدا فاكولتېت بىلەن

ئالاقىلاشتىڭىزمۇ؟ ئۇلار يەنە نېمە دەيدۇ؟ دوست — دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتمىسە ياخشى بولاتتى. ئەگەر زادىلا ئۈمىد قالمىسا ماڭا جىددىي خەت يېزىشۇېتىڭ. پەقەت سىز بىلەنلا بىرگە بولسام ئۆيدىكىلەرنى چوقۇم قايىل قىلالايمەن. كىم سىزنى مەندەك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسۇن دەپتۇ...»

لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە كۆڭۈل بۆلىۋاتقان تەقسىمات ئىشىمنىڭ نەتىجىسىمۇ چىقتى. بىر مەزگىل ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ خېرىدارسىز قالغان بىچارە ئارخىپىم كىچىكىپ بولسىمۇ ئاخىر قايتىپ كېلىپ ئۆز جايىنى تاپتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇلىرىم يوققا چىققان ئىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشتىن رايىم قايتىپ ھەممىنى پېشانەمدىن كۆردۈم. لېكىن، مېنىڭ ئۆمرۈمچىدە خىزمەت قىلىشىم مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن بىردىن — بىر شەرتتەك، بۇ ئەھۋاللاردىن رازىيەنى ۋاقىپلاندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. كاللام زىددىيەتكە تولۇپ، ئۈنسىز ئاھ ئۇراتتىم. مۇشۇ ئىش سەۋەبى بىلەن رازىيەدىنمۇ ئايرىلىپ قالسام نېمىمۇ بولۇپ كېتەرمەن، دېگەن خىيال يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى. ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتماي يەنىلا ئۇنى ئالداپ كېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىپلەيتتىم. بەزىدە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتسەم، كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئەگەر شۇ كۈنى مەن رازىيەنى مەكتەپكە قەستەن باشلاپ كەلمىگەن بولسام، ئۇمۇ فاكولتېت مۇدىرىنىڭ ماڭا ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلغان سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئادەتتىمۇ مەن ئۇنىڭغا يو ئېيتىپ، مەيدەمگە مۇشتلاپ يۈرمىگەن بولسام، بەلكىم ئىشلار بۇنچىلىك مۇرەككەپلىشىپ كەتمەس ئىدى. ئاقىۋەتتە، مەن

يەنىلا ئۆنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم.

※ ※ ※

بۇ بىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يېڭى يىللىق كېچىلىك ئۆتكۈزۈشىمىز بولغاچ سىنىپتىكى پائالىيەتلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا پىلان بويىچە رېستۇرانغا يۆتكەلدۇق. ساۋاقداشلار بۇگۈن ئېچىلىپلا كەتكەن ئىدى. ناخشا ئېيتىدىغانلار ئۆچىرەتتە، تاڭسا — ئۇسسۇلغا سورۇن تار ئىدى. ئالدىراپ تەگشىلىۋالغانلارنىڭ بەزىلىرى خۇددى ئەتىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېتىدىغاندەك، كۆڭلى يېقىنلىرى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدىكى نۇتۇقلىرىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بىر چاغدا مىكروفوندىن ئەخمەتنىڭ ھېسسىياتلىق مىسرالىرى جاراڭلىدى:

«بەزىلەر قەسەمنى چەكسە بىلەككە،
مەن چەكتىم قەسەمنى ئوتلۇق يۈرەككە.
قەسىمىم ئۆچمەيدۇ مەڭگۈ، ئايجامال
بۇ يۈرەك سوقمايدۇ سەندىن بۆلەككە.»

تىنىقتەك جىمجىتلىقتىن كېيىن بىز ۋارقىرىشىپ، قىزلار چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ياشاپ كەت! يەنە بىرنى، تازا كەلدى.

— ئادەمنى نومۇستىن ئۆلتۈرەي دەمدىكىن، — دېدى ئايجامال قىزارغىنىچە، — شۇنچە قىلسامۇ ئۆزگەرمىدى بۇ سارالك.

ئادەتتىكى چاغلاردا تولىمۇ ياۋاش، كەمسۆز يۈرىدىغان دوستىمىز ئەخمەت ئازراق قىزىۋالدىمۇ بولدى، خۇشخۇيلىشىپ قىن — قىنىغا زادىلا پاتماي قالاتتى. پەيتىنى تېپىپ شېئىر

ئوقۇمىسا ھەرگىز بولدى قىلمايتتى.

سورۇنىمىز بارغانچە قىزىماقتا ئىدى. لېكىن، مەن ئۆز خىيالىمدا ئىدىم. ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرەتتىم- يۇ، لېكىن رازىيەنىڭ ئالمىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ «بۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان يېڭى يىللىق چاقچىقىڭىزمۇ ياكى سوۋغىتىڭىزمۇ» دەۋاتقاندىكى مەسخىرىلىك ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، تېنىم جۇغۇلداپ كېتەتتى.

ئىلھام كىرىپ ئويغاتمىغان بولسا ئورنىمىزدىن قاچانلاردا تۇرىمىزكىنتاڭ؟ ئۇ كىرىپلا يوتقانلىرىمىزنى بىر- بىرلەپ ئاچقىلى تۇردى.

—قوپۇش ئورنۇڭدىن، كۈن چۈش بولاي دېدى،— ئىلھام بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى،—نېمە دېگەن سېسىقچىلىق بۇ؟ ھەر قايسىڭنىڭ مىجەزىنى بىلمىگەن بولسام قىزلارنى ئۇدۇللا باشلاپ كىرەركەنمەن.

ئۇنىڭ قوپال سۆزلىرى ھەممىمىزنى سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى. مەن يۈرىكىم تۇيغاندەك دەرھال ئۇنىڭدىن سورىدىم.

—قايسى قىزلارنى دەيسەن؟

—كىم بولاتتى؟ سىنىڭ مېھمانلىرىڭ بولمامدۇ. تۇمۇچۇقۇڭ بىلەن جەمئىي تۆت قىز. ماڭ بېرىپ يۈزۈڭنى يۇيۇپ، ئۆزۈڭنى تۈزە. ئەلەڭقىلىرىڭنى مەن يىغىشتۇراي.

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

—چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن ئىلھام؟

—ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ چىقىپ قاراپ باق.

—ئالە شەرىڭنى،—دېدىم مەن ئۆز- ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، — «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەن مانا شۇ.

—سەن چۈشۈپ مېھمانلارنى ئاز- تولا گەپكە تۇتۇپ تۇر، —دېدى ئەخمەت باشقىلارنى ئالدىراتقاچ ئىلھامغا،—چىرايلىق

قىزلارنى مۇشۇ ھالەتتە ياتاقتا باشلىساڭ چاۋىمىز چىقتا يېيىلىدۇ. بىز ھايال ئۆتمەيلا ئارقاڭدىنلا چۇشىمىز.

ياتاقداشلارنىڭ قىزغىنلىقى ھەر ھالدا ماڭا ئاز — تولا مەدەت بولۇۋاتاتتى.

— چىرايلىق قىز دېگەننىڭ دوستلىرىمۇ چىرايلىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنى گەپتىن چۇشۇرۇپ يۈرمەڭلار يەنە.

— ئاخشام چۇشۇمدە مېنى توشقان قوغلاپ يۈرگىدەك. بۈگۈن چوقۇم ماڭا ئامەت بار جۇمۇ.

— بىرى بىلەن بۈگۈنگە پۈتۈشۈپ قويۇپتىكەنمەن، ئەستا.

..

بۇ بىر توپ بۈرادەرلەرگە قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدىم.

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپئاق قار ئەتراپقا ئاجايىپ گۈزەل، تەبىئىي تۈس ئاتا قىلغان بولۇپ، قار ھىدىغا تويۇنغان ساپ ھاۋا ئادەمنىڭ شېئىريي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايتتى.

ئەخمەت ئايجامالنى چاقىرىۋالدى. ئەمدى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشىمىزغا دىلدار بىلەن دوقۇرىشىپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ «ئۇزۇن كىرپىك» دېگەن چىرايلىق نامىنى ئاللىبۇرۇن «توڭ قاپاق» قا ئۆزگەرتىۋالغان يىگىتلەر ئۇنىڭغا قارايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئايجامال ئۇنىڭ بىلەن بىر پەس كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن بىزگە يېتىشىۋالدى. مەن بىرئاز مېڭىپ ئارقامغا قارىسام دىلدار ئۆز ئورنىدا بىز تەرەپكە قاراپ مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ.

رازىيەنىڭ كىيىملىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قوياتتى.

— سۇرەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن ئاداش، — دېدى

مەخسۇت قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، — كۈلۈپلا تۇرىدىكەن — ھە.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدۇم!

خۇددى بۇرۇندىنلا تونۇشىدىغاندەك تەبىئىيلىك بىلەن باشلانغان چاقچاقلار مېھمانلاردىكى قورۇنۇشلارنى ئاللىبۇرۇن نەلەرگىدۇ ئۇچۇرىۋەتكەن ئىدى.

— ماۋۇ بەگزادىلەرنىڭ چاندۇرمىغان بىلەن ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتتى، — دېدى، ئىلھام ئۆز نۆۋىتىدە، — مەن كىرىپ ئويغاتمىغان بولسام ئەتىلا ئويغۇناتتىكەن بۇ بەگزادىلەر. ئازراق بىر نەرسە يېگەچ پائالىيىتىمىزنىڭ كۈنتەرتىپلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋالساق قانداق؟

تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ ئاخشام بولغان كۈلكىلىك ئىشلارنى بىرەر قۇر ئەسلىشىپ قىزلارنى راسا كۈلدۈردۇق. گەپنىڭ تېمىسى ئەخمەت ئوقۇغان شېئىرغا مەركەزلەشكەندە مېھمانلىرىمىز كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— نېمە بالاغا قالدىمكىنتاڭ، ساۋاقداش دەپ قويسام ئادەمنى ئوسال قىپلا يۈرگەن، — دېدى ئايجامال يالغان ئاغرىنىپ، — بۈگۈنكى ئىپادىسىگە قاراپ باقاي، بولمىسا يۈزىگە ئەمدى قارىمايمەن.

— قارىمىسا مەيلى، مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىۋىشىمغا، قۇلىقىنى شېئىرلىرىمغا ئۆگىتىۋالغان.

— ۋە. . . يت.

— مانا بولدىمۇ؟

— دوستىمىز بوش كەلمەيدۇ جۇمۇ.

بۇ قېتىم ئايجامال راستىنلا قىزاردى.

— ئۆزىنى چاغلىمايدىغان ساراڭ.

ئىلنۇر دەل پەيتىدە ئايجامالنى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بىلەن مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ

قويدى.

—رازىيەگە ئەۋەتكەن سوۋغىتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق، شۇنداقمۇ قىزلار؟— ئۇ ماڭا كۇلۇپ تىكىلدى، — سوۋغىتىڭىزدىن رازىيەلا ئەمەس بىزمۇ هاياجانلاندۇق.

—هە، هە، قانداق سوۋغىكەن ئۇ؟

—سەنغۇ ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلارنىلا قىپ يۇرىسەن.

كۆپچىلىك ئۇنىڭغا يېپىشتى.

—بولدى قىل ئاداش، ئۇ توغرىلىق سۆزلەشمەيمىز دېيىشكەنغۇ؟— رازىيە ئۇنىڭغا قاراپ يېلىندى. —ئادەتتىكى بىر سوۋغىغۇ شۇ.

—چاندۇرمىغاندەك قىلغىنىڭ بىلەن كىم بىلمەيدۇ ئىچىڭدىكىنى!

شۇ پەيتتە مەن ئۆزۇمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتىم. پەمىمچە، رازىيەنىڭمۇ ئەھۋالى مېنىڭكىدىن پەرقلەنمەيتتى. مەن ئىلهامغا قاراپ ئالايدىم. ئۇ گويا هېچ ئىش بولمىغاندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.

ئىلىنۇر سوۋغاتنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىۋەتكەن ئىدى.

—ماۋۇ ئاداشقا تارلىقىم كېلىۋاتىدۇ مېنىڭ، —دېدى كېرەم بېشىنى چايقاپ.

—ئامال يوقتە بۇ ئاداشنىڭ چوققىسىغا، باشقىلار ئويلاپ بولغىچە بۇ ئاداشنىڭ غاچلا قىلىپ قالىدۇ، —دېدى ئىلهام ئۇلاپلا.

—گەپ سوۋغاتنىڭ قىممىتىدە ئەمەس مەنىسىدە دېدى، — ئەخمەت پەيلاسوپلارچە تەلەپپۇز بىلەن، —بىزمۇ بالدۇرلا «سوۋغاتشۇناسلىق ئىلمى» هەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۇشىمىز كېرەك ئىدى، ئىست!

— سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دېدى ئىلھام مېنىڭ ئۇلتۇرالماي قالغىنىمنى كۆرۈپ، — باغچىدا بىزگە ئورۇن بارمۇ تېخى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئىلنۇرنى ئۆيىگە ۋاقتىدا ئاپىرىپ قويمىسام قېيناكامنىڭ قوم خالتىسىغا ئايلىنىپ قالىمەن.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئىلنۇر قولىدىكى ئاپلىسىن شۆپىكىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

— بولدى، ھە!

باغچىنىڭ ئۇيەر — بۇيەرلىرىدە سۇرەتكە چۈشۈۋاتقانلار، بىر — بىرىنى قوغلىشىپ، قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقانلار ئۇچراپ تۇراتتى. مەخسۇت خۇددى كەسپىي سۇرەتچىدەك بىزگە پەقەتلا ئەركىنلىك بەرمەيتتى. . .

— ساۋاقداشلىرىڭىز بەكلا ئوچۇقكەن. بۈگۈن بەك كۆڭۈللۈك بولدى، — دېدى رازىيە چىرايلىق كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇپ، — سوۋغىتىڭىزغا رەھمەت.

— ئەسلى خىيالىمدا ئالاھىدىرەك. . .

رازىيە گېپىمنى بۆلدى.

— مەن ئۇنى قەدىرلەپ ساقلايمەن. لېكىن، ھەممىنى قىلغان شۇ ئىلنۇر، ئادەمنى خىجىل قىلىپ.

ئىلھام قاچانلاردا ئارقىمىزغا كېلىۋالدىكىن، تۇيۇقسىز بىر تۇپ تالنى كۈچەپ سىلكىدى.

— توي چاچقۇسى بۇ، توي چاچقۇسى.

ئۈستى — بېشىمىزنى قارغا كۆمۈۋەتتى.

خوشلىشىش ئالدىدا رازىيە باشقىلارغا تۇيدۇرماي كىچىك بىر سومكىنى تەڭلىدى.

— ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئېچىڭ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم.

بىز ئۇلارنى بېكەتكىچە ئۇزۇتۇپ قويدۇق.

—تەلىيىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ،—دېدى ئايجامال قايتىپ كېلىۋېتىپ،—رازىيەنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپلا تۇرىدۇ. ئۇ سىزنى ئوبدانلا ياخشى كۆرىدىكەن.

مەن گەپنى ئەپقاچتىم.

—بايا دىلدارنى تەكلىپ قىلىپمۇ قويمىدۇق—ھە؟

—بولدى ئەمدى. كۆڭلىڭىزنى بۆلمەڭ، ئىشقىلىپ سىز بەختلىك،—دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ.

بۈگۈن دوستلاردىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم.

—رازىيەنىڭ ھېلىقى كۈلگۈنچەك دوستى خېلى بولىدىكەن جۇمۇ،—دېدى، كېرەم ياستۇققا يانپاشلاپ،—كاساپەت بىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋالغىنىم قالدى. رازىيەنى يوقلاپ بارغىچە مېنى چوقۇم ھايت دەۋال.

7

يېزا يېرى بولغاچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىنى ئانچە ئۆلچەملىك دەپ كەتكىلى بولمايتتى. بۈگۈن دەرس يوق پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ياتاققا كىرىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ مەيدانغا چىقتىم. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنى ئۈزۈنغا يۈگۈرۈتىۋاتقان ئىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ قېشىمغا كەلدى.

—ئىچىڭىز پۇشۇپ قاپتۇ—دە، ئەگەر خالىسىڭىز بىر—ئىككى مەيدان ئوينىمايلىمۇ؟

—سىزگە گەپ كېلىپ قالماس؟

—بۇمۇ بىر يۈگۈرۈش مەشىقىغۇ؟

—مۇسابىقىمىز باشلىنىپ كەتتى. مەيداندىكىلەر توپنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تېپەتتى. قوغلايتتى يەنە تېپەتتى. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە توپ پەقەت ۋاراتاغا كىرسىلا شۇ غەلىبە

ئىدى (گەرچە قائىدىگە خىلاپ بولسىمۇ) ئۆزئارا ماسلىشىش، پاسلىشىش، پەيتى كەپ قالسا ھىيلە بىلەن ئالداپ ئۆتۈشتەك پۇتبولنىڭ ئەڭ ئەقەللىي قائىدىلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى، يۇرتىمىز يېزىلىرىدا پۇتبولغا قارىغاندا ۋاسكىتبول تولىراق ئومۇملاشقان بولۇپ، يېزا ياشلىرىمۇ «نوچى» دېگەن نامنى بۇرۇنقىدەك چېلىشىش مەيدانلىرىدىن ئەمەس (ئۇ خىل ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىگىمۇ خېلى يىللار بوپ قالغاندۇ) بەلكى ۋاسكىتبول مەيدانلىرىدىن ۋە ياكى باشقا يەرلەردىن ئىزدەيتتى. مەكتەپلەردە بولسا توپلار شاھى بولغان پۇتبولغا ئېتىبار بېرىش تايىنلىقلا ئىدى. شۇڭا بۈگۈنكىدەك مۇسابىقىلەر مېنىڭ تېخنىكا — ماھارەتلىرىمنى نامايان قىلىشىمغا ئوبدانلا پۇرسەت ئىدى.

ئىست! ئىلھام بولۇپ قالغان بولسا — ھە! دەپ ئويلاپ قالاتتىم. مۇشۇنداق چاغلاردا، بىچارە دوستۇم توپ مەيدانلىرىدا بىرەرسى ئۆزىنى بىر ئېغىز ماختاپ قويسا شۇنداق خۇش بولۇپ كېتەتتىكى خۇددى كىچىك بالىدەك.

ياتاققا قايتىپ كىرىپ، يۈز — كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ئالبۇمنى قولۇمغا ئالدىم. سۈرەتتىكى ئىلھام پۇتىدا بىر پۇتبولنى دەسسەپ ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايىنىپ، ماڭا قاراپ مەغرۇر كۈلۈپ تۇراتتى.

نەلەردە يۈرىدىغانسەن دوستۇم، دەپ پىچىرلىدىم ئۆزۈمگە. ئەخمەتقۇ ئاخىرى مىرادىغا يەتتى. لېكىن، بىزچۇ؟ ئەخمەت بىلەن ھەر ھالدا تېلېفوندا بولسىمۇ ئاندا — ساندا ئەھۋاللىشىپ تۇرىمەن. لېكىن، سەن بىلەنچۇ؟ ئىچىم پۇشقاندا، ئازاپلانغانلىرىمدا دەردىمنى تۆكسەم گېپىمنىڭ بېلىگە خۇددى توپنى تەپكەندەك تېپىپ، ئۇنى — بۇنى دەپ

يۇرۇپ مېنى قايىل قىلاتتىك، كۆلدۈرەتتىك، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى سورىسام زادىلا چاندۇرمايتتىڭ. ئەمدى ئويلاپ كۆرسەم تەسەللىيگە ئەڭ مۇھتاج ئادەم ئەسلى سەن ئىكەنسەن. شۇ چاغلاردا، ئۇلۇغ كىچىك تىنىشلىرىڭنى ئاڭلاپ قالسام، توپ مەيدانلىرىدا خىيالچان ئولتۇرۇپ كەتسەڭ، بەلكىم ئىلىنۇر بىلەن قىزىرىشىپ قالغان بولسا ئەپلىشىپ قالىدىغۇ، دەپ پىسەنت قىلماپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىنى مۇھىمىغا قويۇۋېلىپ، سېنىڭدىن ئاغرىنىپلا يۈرۈپتىمەن. مەست بولۇپ كارىۋاتتىن يىقىلىپ باش — كۆزۈڭنى يېرىۋالساڭ، سېنى تىللاپتىمەن، مازاق قىپتىمەن. ئەسلى شۇ چاغلاردا ئىلىنۇرنىڭ «مىجەزىمىز كېلىشەلمىگىدەك» دېگەن شۇ بىر جۈملە سۆزى يۈرىكىڭنى قېقىۋېتىپتىكەن سېنىڭ! مېنى ئۇزاتقان ئاخشىمى ئاخىر يۈرىكىڭنى لەختە قىلىۋەتكەن ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىڭنى پەقەت بىرلا جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ يىغلىۋەتكىنىڭ ھېلىھەم ئېسىمدە.

— ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇنچە يىللار سوكۇلدىغىنىمنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدى ئالداش.

مەن ياقاڭدىن نەچچە رەت ئالدىم. ئازاپلىرىڭنى، دەرد — ھەسرەتلىرىڭنى ماڭا ئەمدى ئاشكارىلىغىنىڭدىن ئاغرىندىم. ئۆزۈڭگە بەش قولدەك ئايان، شۇ ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويمىغان رازىيەنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ راسا تىللىدىم.

— ئۇنىڭدىن ئاغرىنىما دوستۇم، — دېدىڭ يەنىلا ئۆزۈڭنى ئامال بار خۇشال تۇتۇپ، — بىز شۇنداق كېلىشكەن.

مانا ئەمدىچۇ؟ شۇ بىر ۋاپاسىز قىزنى دەپ مېنىڭدىنمۇ كەچتىڭمۇ ئەمدى؟ مانا مەن رازىيەدىن ئايرىلىپ قالغان بولساممۇ، لېكىن، سېنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

مەن سېنى يەنىلا ئەسلەپ تۇرىۋاتىمەن.

مەن ئىلنۇر بىلەن ئىككىڭلاردىن تولىمۇ رازى ئىدىم، چۈنكى رازىيەنى سىلەر ماڭا تونۇشتۇرغان ئەمەسمۇ؟ ئېسىڭدىمۇ؟ مەن ھېلىقى كۈنى كەيىپ بولۇپ قېلىپ ئىلنۇرغا، بىز ئۆز- ئارا قولداش بولىمىز، چۈنكى، تويىمىز بىر كۈندە بولىدۇ، دەپ چۆچۈرىنى خام ساناپتىكەنمەن. مانا ئەمدىچۇ؟ بىز قولداش ئەمەس بەلكى دۈشمەنگە ئايلاندۇق، دۈشمەنگە. ھەممىدىن يامىنى سەن جىمجىتلا غايىپ بولدۇڭ. سەن ئىلنۇر تونۇيدىغان بارلىق بەندىلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ماڭا بۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى، ئىلھام.

شۇ كۈنى ئىككىمىز ئىلنۇرلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق. پۇشايمان قىلمەن دوستۇم. مەن ئەسلى شۇ ئۆيگە بارمىغان بولسام، بولۇپمۇ ھەممىدىن يامىنى ئاشۇ نەس باسقۇر ئالبۇمنى كۆرمىسەم بوپتىكەن. سىلەر باشتا سەزمىدىڭلار، كۆزلىرىم پەقەت ئاشۇ بىرلا سۈرەتكە قادىلىپ قالغان ئىدى. چۈنكى، سۈرەتتىكى قىز مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان ئىدى. خۇددى ئۆزۈڭدىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن قەلبىمدىكى ھېلىقى سىماھنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندەك.

— ئالبۇمدىكى پەقەت بىرلا سۈرەت ئەمەسقۇ؟ — دېگەن ئىدى ئىلنۇر ماڭا ئۆزاق تىكىلىپ، — ھە، كىمكىن دەپتىمەن؟ كۆزىڭىز مال تونۇيدىكەن سىزنىڭ. ئۇ مېنىڭ دوستۇم رازىيە.

ئۇ چىنەمگە چاي جىقلاۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگىشىپ يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس جۇمۇ؟

بايىقى روھى ھالىتىمدىن خىجىل بولغاندەك ئىدىم- يۇ، «مەنمۇ شۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالسام رازى» دەۋەتتىم توساتتىنلا.

گەپ ئەسلى شۇ ئۆيدىلا تۈگىسە بولاتتى. چۈنكى، ئاسان

قىزىققان ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قېلىش بار گەپقۇ؟ لېكىن، ھەممە ئىشنى تېرىغان شۇ ئىلىنۇر. ئارىلىقتىن ھەپتە ئۆتمەي، ئىلىنۇرنىڭ خېتى قولۇمغا تەگدى.

«كۆرۈشۈش ئىشىڭلارنى توغرىلاپ قويدۇم. بىز سىلەرنى شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ساقلايمىز. ئورۇننى ئىلھام بىلىدۇ، قالغان گەپ ئۆزىڭىزدە»

خەتنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئەمدىلىكتە بولسا سۈرەتتىكى ھېلىقى قىزنىڭ سىيماسىنى ھېچ ئەسلىيەلمەيتتىم.

—كۆرۈشۈپ قويغانغا نېمە بولاتتى ئاداش، —دېدىڭ سەنمۇ قىزىقىپ، —ئەگەر كۆزۈڭ يەتمىسە چاقچاقچا ئايلاندۇرۇپ غىپلا قىلىپ قالىمىز شۇ.

—بىلمەيسەن ئاداش، شۇ بىر نەچچە كۈننى قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى! ئەينەككە قارايمەن، خۇددى تويى بولىدىغان قىزدەك؛ ياتاق ئىچىدە ئۇياق—بۇياققا مېڭىپ باقىمەن، خۇددى سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىستەك. ئايجامالدىنمۇ نەچچە سورىدىم، ئادەتتە، قىزلارنىڭ نەزىرىدە مەن قانداق دەپ. ئاخىر كۆرۈشكەنمۇ بولدۇق. ئەينى چاغدا قەلبىم ھېلىقى ئۇزۇن كىرپىككە شۇنچە تەلپۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭغا بۇنچىلىك باغلىنىپ قالمىغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، رازىيەنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى، ئايرىلىپ قالسام ياشىيالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئىشلار ئارزۇيۇمدىكىدەك بولمىدى ئاداش، مەن ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالدىم. چۈنكى، ئۇ جىمجىتلا توي قىلىۋالدى. بىلىۋاتامسەن؟ مېنىڭ ھېلىقى ۋاپادار تۇمۇچۇقۇم توي قىلىۋالدى. لېكىن، مەن يەنىلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويتاق دېگىنە! ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى فاكولتېتمۇ

مېنى ئېلىپ قالمىدى. قارىغاندا رازىيە مېنى ئەمەس بەلكى مېنىڭ سالاھىيىتىمنى يەنى كەلگۈسىدىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى ياخشى كۆرگەن ئوخشايدۇ. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئىستىقبالىم ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى. شۇڭا ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى. ھەممىدىن يامىنى سەنمۇ مېنى تاشلىۋەتتىڭ . . . ئۇنىڭ توي قىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئازلا ئۆتمەي ئاڭلىدىم. ئالدىنقى ئايدا يەنە بىر خۇش خەۋەر تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ ھازىر بىر ئوغلى بار ئىكەن. «شۇنداق ئۇماق» دەپ تەسۋىرلەپتۇ، خەت ئەۋەتكۈچى ئايرىم توختىلىپ. . . سېنىڭ بىلەن شۇنچە يىللار دوست — بۇرادەر بولۇشۇپ خېلى ئىشلارنى كۆرۈپ باقتىم. لېكىن، سېنىڭ پۇچۇركاڭنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن خەت ئارقىلىق مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ھېلىقى خالىس دوستۇم سەن بولۇپ قالمىغىن يەنە؟ ياق، ياق! ئىشىنىمەنكى ئۇ چوقۇم سەن ئەمەس! سەن بولۇشۇڭنى ھەرگىز خالىمايمەن. چۈنكى، سەن ئۇنداق سىرلىقلىشىۋالدىغان ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن. شۇڭا سەن ئۇنداق قىلىپمۇ يۈرمەيسەن شۇنداقمۇ؟ مەن ھېلىقى خالىس دوستۇمغا رەھمەت ئېيتىمەن. رازىيەنىڭ توي قىلغانلىق خەۋىرى قىسقىلا يېزىلغان، خەتنى كۆرۈپ قانچىلىك ئازاپلانغانلىقىمنى سەن چوقۇم ھېس قىلالايسەن. چۈنكى، سەن ئايرىلىشنىڭ تەمىنى مەندىن بۇرۇن تېتىپ بولغان. ئۇنىڭ ماڭا يازغان ئەڭ ئاخىرقى خېتىدىنمۇ (ئۇ چاغدا بۇنداق ئويلىمىغان ئىكەنمەن) مەن بەزى ئىشلىرىنى سەزگەن ئىدىم. چۈنكى، ئىشىمىزدىن خەۋەر تاپقان ئۆيىدىكىلىرىمۇ ئۇنى بەكمۇ ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويغان. پەقەت مەن ئۇرۇمچىدە ئىشلىيەلىسەملا ئىشلار تۈزۈلۈپ كەتكىدەك. ئىشەنسەڭ دوستۇم مەنمۇ شۇ كۈنلا ئۇنىڭغا

قارتىپ بىر پارچە كەچۈرۈم سوراش خېتى يېزىۋەتتىم. خېتىمدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايۋاتقان ھەقىقىي ئىشلارنى يەنى ئارخىپىمنىڭ ئاللىبۇرۇن قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغانلىقىمنى ئېنىق قىلىپ يازدىم. لېكىن، خېتىمنىڭ ئاخىرىدىكى بايانلار تامامەن يالغان.

«مېنى كەچۈرۈڭ رازىيە! تويۇم شۇنداق جىددىي، شۇنداق تۇيۇقسىز بولۇش ئالدىدا. مەن سىزنىڭ كۈتكەن يېرىڭىزدىن زادىلا چىقالمىدىم. سىزنى ئالدىدىم. مېنى تىللاڭ، مېنى قاغاڭ، مەن شۇنىڭغا ھەقلىق. ئۆيدىكىلەرنى بولۇپمۇ ياشىنىپ قالغان ئاتا — ئانامنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەم بۇ تويىنى مەڭگۈ قىلماستىم. قىلغاندىمۇ چوقۇم سىزدىن كېيىن قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، پېشانىمىزگە شۇنداق يېزىلغان ئوخشايدۇ. ئاخىرىدا ئۆتىنىدىغىنىم، ماڭا خەت يېزىپ يۈرمەڭ» . . .

قانداق، بۇرادەر، خەتنى خېلى قاتۇرۇپ يازغاندەك قىلامدىمەن؟ مانا بۇنى «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ» دەيمىز. سېنىڭ بىلەن ئىچكىم كېلىۋاتىدۇ ئىلھام! پەقەت سېنىڭ بىلەن. راستىڭنى دېگىنە دوستۇم. سەن ھازىر زادى نەدە؟ . . .

8

بۈگۈن يېڭى يىلنىڭ ھارپىسى.

مەسلىھەت بويىچە بۈگۈن شەھەردىكى مەكتىپىمدە يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى بىر نەچچە كۈن بولدى قۇلىقىم قىزىپلا تۇرىدىغۇ تاڭ؟

— سىزگە تېلېفون.

مەن ئالدىراپ مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈم ئىشخانىسىغا قاراپ چاپتىم.

—قانداق ئەھۋالىڭ؟—دەپ سورىدى ئەسقەر ئادىتى بويىچە ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىۋالغاندىن كېيىن، —پائالىيىتىمىزنىڭ ۋاقتىدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالدى. ھە، شۇنداق چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تە رەسمىي باشلايمىز. ئەگەر كېچىكىدىغان بولساڭ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىۋال.

مەن تېلېفوننى قويۇپ ئىلمىي مۇدىرغا ئۇمىد بىلەن تىكىلدىم.

—دېمىسىڭىزمۇ ئاز—تولا ئاڭلىدىم،—دېدى ئۇ كۈلۈپ، —سىلەر شەھەرلىكلەر بۇگۈنكىدەك پەيتلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيسىلەر. دەرسىڭىز بولسا ئىشەنچلىك بىرىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ماڭسىڭىز بولىدۇ.

خۇشلىقىمدا ئۇنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ، ئاياپ بېشىغا چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ قويغۇم كېلىپ كەتتى.

ئۆيگە بېرىپ راسا ھوزۇرلىنىپ يۇيۇندۇم. كاستۇم — بۇرۇلكامنى قاتۇرۇپ كىيىپ، رازىيە سوۋغا قىلغان ھېلىقى گالستۇكنى چىگىپ ئەينەككە قارىدىم.

شۇ كۈنى رازىيەلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ ياتاققا قايتىپ كېلىپ، سومكىنى ئالدىراپ ئاچسام دەل مۇشۇ گالستۇكنىڭ قېتىدىن ئىككىلىك خەت چىققان ئىدى.

«ئاددىي بولسىمۇ بوينىڭىزدىن ئايرىلمىسىكەن دەيمەن. چۈنكى، مەن ئۇنى بىر كېچە باغرىمغا بېسىپ، سۆيۈپ چىقتىم. ئۇنىڭدا مېنىڭ ھىدىم بار...»

شۇ چاغدا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىم پەقەت بىر ئۆزۈمگىلا ئايدىڭ ئىدى. شۇندىن بۇيان ئۇنى رازىيەنىڭ ھىدى (گەرچە قىممىتىنى ئاللىبۇرۇن يوقاتقان بولسىمۇ)

بىلەن ساقلاشقا تاكى ھازىرغىچە تىرىشتىم.

مېنى بىردىنلا يىغا تۇتتى... مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئۇستەلدىكى ئالمىلار ئارىسىدىن تازا قىزىرىپ پىشقىنىدىن بىرنى تاللاپ باشتا پۇرىدىم. لېكىن، بەزى چاغلاردا تەكرارلايدىغان: «پۇرىكىم يىغلايدۇ ۋەسلىڭنى كۈتۈپ...» دېگەن مىسرا ئېسىمگە كېلىپ قالدى‑دە، قولۇمدىكى ئالمىنى «كارس»لا قىلىپ چىشلىدىم. بىر چاغدا قارىسام سىڭلىم ئىشىك تۈۋىدە ماڭا قاراپ ھەيرانلىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ...

※ ※ ※

ئەسقەرنىڭ نۇتقى ئەزەلدىنلا ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇپ، ئۇنىڭ مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ سايلانغانلىقىدىن رازى ئىدۇق. ئۇنىڭ ئويلاپ تاپقان بىر نەچچە ئىشى كۆڭلىمىزگە بەكمۇ ياقاتتى. مەكتىپىمىزدە ياش ئوقۇتقۇچىلار كۆپ بولغاچقا ئۆز ‑ئارا بىر‑بىرىدىن كۆڭلى ئاغرىپ قالىدىغان ئىشلاردىن، بولۇپمۇ قاپىقى يامان مۇدىرىمىزنىڭ يا ئۇنداق، يا مۇنداق تەنقىد‑پىكىرلىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدۇق. ئۇ ئىتتىپاق شۇجىسى بولۇپ سايلىنىپ ئاز ئۆتمەي ئەنە شۇنداق كۆڭلى نازۇكلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىر «تەسەللىي بېرىش جەمئىيىتى» قۇرۇپ چىقتى. مەن شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدىم. مەن بىزنىغا «پالانغان» دىمۇ، بۇ جەمئىيەت ئۆز رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ياش ئوقۇتقۇچىلار ئارا «تۆيۈقسىز دەرس ئاڭلاش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىپ، ھەممىمىز «قارىغا ئېلىنىپ قېلىش»تىن ئەنسىرەيدىغان، ئامال بار دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ،

ئەتراپلىق تەييارلايدىغان ھالەتكە يۈزلەندۇق. ئېنىقكى بۈگۈنكىدەك يىغىلىشلارنىڭ رىياسەتچىلىكى ئۇنىڭدىن باشقىلارغا ھەرگىز ئاشمايتتى...

ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىلىش ھەققىدىكى پاساھەتلىك سۆزلىرى تېخى بايىلا زال ئىچىنى تىمتاس قىلىۋەتكەن بولسا، ئەمدىلىكتە كۆپچىلىكنى نۆۋەت بىلەن تونۇشتۇرغاندىكى ئوخشىتىش ۋە قىستۇرما يۇمۇرلىرى ھەممىمىزنى ئىختىيارسىز كۈلكىگە زورلايتتى. ئارىلىقتىكى يېشى ئېشىپ كەتكەنلەرنى ئىتتىپاقتىن چېكىندۈرۈش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئاخىرلىشىپ، ئاز ئۆتمەيلا قورۇمىلار تارتىلىپ، قەدەھلەر جۈپ— جۈپى بىلەن جىرىڭلاشقا باشلىدى.

ئەسقەر تېخى بايىلا ئۆزى تونۇشتۇرغان «سەھرالىق مېھمان»نىڭ ئەمدىلىكتە شەھەرلىكلەرگە ھەققەتەن تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى بولغاي، دەرھال كېلىپ قولىدىكى ئىككى رومكىنىڭ بىرىنى ماڭا تەڭلەپ، باشقىلارغا ئالايدى.

—سورۇننى تەييار قىلىپ بەرسە، مېھمان كۈتۈشكە ئۇستا جۇمۇ سىلەر، —ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتتى، —ماڭە، سەھرالىق! مۇشۇ تۇرقىدا باشقا ئۇستەلدىكىلەرنىڭ يولۇڭغا قاراپ كۆزلىرى تۆت، —بىز باشقا ئۇستەلدىكىلەر بىلەن بىرەر قەدەھتىن ئوپچىۋاي ئىچىشكەچ قىزلارنىڭ ئۇستىلىگە بېرىپ قالدۇق. مەن ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ يېزىدىكى ئەھۋاللىرىم ھەققىدە ئۇنى— بۇنى دېيىشكەچ، ھال— مۇڭ قىلىشىپ، بىر ئاز ئولتۇرۇپ قالدىم. ئولتۇرۇپ قېلىشىمدىمۇ مەلۇم مەقسەت بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى «يېڭى كەلداخۇن»لار بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى كۆزۈمگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئۇزاقراق تىكىلىشكە زادىلا پېتىنالمايتتىم.

— ئەسقەر، بايىقى سۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز؟ — دېدى قىزلارنىڭ بىرى ئاغرىنغان تەلەپپۇزدا، — بولمىسا ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي، بۇ گۈن ئىچىش ئەمەس، ئويۇن ئاساس.

— مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار، — دېدى ئەسقەرمۇ بوش كەلمەي، — بىز خەق ئاز — تولا ئىچىۋالمىساق، سىلەر كېلىپ تانسىغا بىزنى تارتقان تەقدىردىمۇ ياق دەپ تۇرىۋالىمىز شۇ.

بۇ گەپتىن ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بىر ئىشارەت بىلەن مۇزىكا ئوقۇتقۇچىمىز بارىنىڭ ئاران تۇرغان بارماقلىرى ئېلېكترونلۇق روياللىڭ تىللىرىنى شوخ پەدىگە سايرىتىپ، مۇڭ ۋەزىنگە تويۇنغان يېقىملىق ناخشىسى يۈرەكلەرنى تىترىتىۋەتتى...

مەن ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر نەچچە قول تانسىنى باشقىلار بىلەن ئوينىغانمۇ بولدۇم. لېكىن، مەندىكى ئۆزگە بىر خىل قىزىقىش ۋە ھېسسىيات مېنى ھېلىقى قىز بىلەن بىرەر قول بولسىمۇ تانسا ئويناشقا زورلايتتى. سورۇن بېشىدا ئەسقەر ئۇلارنى تونۇشتۇرغاندا تازا دىققەت قىلىپ كەتمىگىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە تۇتالمىغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئىسمى مەن ئۈچۈن مۇھىم تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، مەن قىزلار بىلەن تونۇشۇشقا، ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا، ھەتتا ئۇلاردىن بىرەرىنى ياخشى كۆرۈپ قىلىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدىم. چۈنكى، مەن يەنىلا مۇشۇنداق ئازاپ ئىلكىدە كۈنلىرىمنى ئەسلەش، بۇرۇقتۇم بولۇش بىلەن ئۆتكۈزسەم بولمايدۇ — دە. رازىيەنىڭ قىلغان — ئەتكەنلىرىنى باشقا قىزلاردىن كۆرسەم بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپامنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىنسان ھامان توي قىلىشى كېرەككۇ ئاخىر.

قەلبىمدىكى شۇ خىل تەسەللىي، ھېسسىياتىمدىكى بىر خىل تاتلىق ئىنتىلىش بىلەن خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن، ھەر قېتىمدىلا باشقىلار مەندىن چاققان كېلىپ كېتەتتى. مېنىڭچە بولسا ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىشى، كۈلۈشى، باشقىلارنىڭ تەلپىنى رەت قىلىپ مەن بىلەن پەقەت بىر قېتىم بولسىمۇ تانسا ئوينىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ ماڭا پەقەتلا نەزەر كۆزىنى سالمايتتى، ئەكسىچە كىم كېلىپ تانسىغا تارتسا ئۇ شۇنچىلىك رايىش ئىدى. ئۇلار بىلەن نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىشىپ، ماڭا قىممەتلىك بولۇپ تۇيۇلىۋاتقان تەبەسسۇم كۈلكىلىرىنى ئۇلاردىن ھېچ ئاياي دېمەيتتى.

«تازا شاللاقمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە. لېكىن، ئۇنىڭ ھەممىگە ئوخشاش تۇتىۋاتقان قىزغىن مۇئامىلىسى، مۇلايىملىقى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سەبىيلىكى، نۆۋىتىدە ئۆزىنى جىددىي تۇتىۋېلىشلىرىغا قاراپ بايىقى خىيالىمدىن ۋاز كەچكەنمۇ بولدۇم.

شۇ پەيتتە زادى نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. روھىي كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىش ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرىم دىلدارنى ئۇنىسىز قوغلاشقان، رازىيە بىلەن تۇيۇقسىز تونۇشقاندىكى چاغلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ھەممە ئۆز كەسپى، ئۆز ئىشى بىلەن ئىدى. سىرتقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كېلىش، ھەتتا ئاستىلا كېتىپ قېلىش خىيالىغىمۇ كەلدىم. لېكىن، مەن ئۆز — ئۆزۈمدىن خۇدىكسىرىگەن بىلەن ھېچكىم مېنى قوغلىمىدى.

ئۇزۇندىن بۇيان، بىر ئىش كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ قىزلارنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىمنى ئەمەس، ئەكسىچە ھازىر نەدە ئىشلەۋاتقىنىمنى سۈرۈشتۈرۈپ

يۈرگەنلىكى ئىدى. ھەممىدىن كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئىلگىرى تەبەسسۇم بىلەن ئوتلۇق قارايدىغان بەزى قىزلار مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئالغانمۇ بولدى. بەلكىم ئۇمۇ...

بۈگۈننىڭ قىزلىرى نېمە دېگەن شۆھرەتپەرەس، دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە. ئەمدىلىكتە پەقەت رازىيەدىنلا ئاغرىنىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى قالمىدىمۇ نېمە.

مەن شۇ خىياللار ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئەمدىلىكتە مەندە ئۇنى تانسىغا تارتىپ، سىردىشىپ، تونۇشۇشتىن ئىبارەت بايىقى جۈرئەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. كۆڭلۈمدىكىنى دېگەندە، يىگىتلىكىمگە ئېلىپ تەشەببۇسكار بولۇپمۇ باققانمەن. ئاقىۋەتتە نېسىپ بولغىنى يەنىلا ئازاپ بولدى. ئەڭ ياخشىسى سوغۇققانراق بولاي، ئۆزۈمنى تۇتىۋالاي، ماڭىمۇ خۇدانىڭ بېرىدىغىنى باردۇ.

— نېمانچە خىيالچان بولۇپ كەتتىڭ ھوي! — دېدى خىزمەتداشلىرىمدىن تۇرغۇن قولىدىكى قەدەھنى ماڭا تەڭلەپ، — باياتىن بۇيان قاراپ باقسام يا ئويناي دېمەيسەن، يا ئىچمەيسەن.

دەل جايىغا تەگكەن بۇ قەدەھ تۇيۇقسىزلا روھىمنى كۆتۈرۈپ، بايىقى ئەبجەش خىياللىرىمنى نەلەرگىدۇ ئۇچۇرىۋەتتى.

— سىرتتا قار يېغىۋاتىدۇ، قار، — دەپ ۋارقىرىدى ئەسقەر ھاياجان بىلەن، — پائالىيىتىمىزگە يېڭىدىن بىر مەزمۇن قوشايلى، سىلەرچە قانداق؟

※ ※ ※

يۇرتىمىزنىڭ ياز پەسلىدىكى تومۇز ئىسسىقى، قىش پەسلىدىكى قۇرغاق سوغۇقى ئۆزگىچە ئىدى. يىللار بويى

ئاساسەن قار، يامغۇر كۆرمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن
تەبىئەتنىڭ بۈگۈنكىدەك مەرھەمەتىدىن ھوزۇرلىنىشىنىڭ ئۆزى
بىر بەخت ئىدى. ئادەتتىكى ئۆتكۈنچى يامغۇر ياكى قارنى
كۆرۈپمۇ «ئاجايىپ يېغىۋەتتى — ھە!» دەپ نەچچە كۈن
داڭلايدىغان بالىلارنىڭ بۈگۈن ئۈۋىسى چۈۋۈلۈپ كەتكەن
ئىدى.

سورۇندىكىلەر خېلىلا قىزىۋالغاچقىمىكىن بەكمۇ
دادىللىشىپ كەتكەن ئىدى. بەزىلىرى قىزلارنىڭ كۆڭلىنى
ئۈتۈش ئۈچۈن دۇكانغا يۈگۈرسە، بەزىلەر ئاللىبۇرۇن
ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى قىزغىن، رومانتىك ھاياتىغا
قايتىپ بولغان ئىدى. قوغلاشتۇق، قار ئېتىشتۇق، سۈرەتكە
چۈشتۇق، قىن — قىنىمىزغا زادىلا پاتماپتۇق، خۇددى كىچىك
بالىدەك.

ھازىرقى ھالىتىمىزدىن باشقىلار بىزنى يەرلىك
ئوقۇتقۇچىلار ئەمەس، بەلكى، بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ
پراكتىكىغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىشى
تەبىئىي ئىدى...

ئەسقەرنىڭ يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كۆڭلى
يېقىن بىر نەچچە جۈپ قىز — يىگىت يېڭى يىلنىڭ
ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلىرىنى بارنىڭ ياتىقىدا خۇشال — خورام
كۈتىۋالدۇق.

سىردىشىش ئارقىلىق بىلدىمكى، ئۇنىڭ ئىسمى ئابىدە
بولۇپ، شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسىغا ئىشقا چۈشۈش ئالدىدا
ئىكەن.

— بوش كەلمىدىڭىز جۇمۇ؟ — دېدى ئابىدەنىڭ دوستى،
يەنى خىزمەتدىشىم ئالىيە ئۇنى ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ
كېلىشىمىزدە، — بەزى ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىمەك

ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. شۇنچە گەپدان بۇ دوستۇمنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئېغىر بېسىق، كەم سۆز بولۇپ كېتىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار، قارىغاندا سىزمۇ ئارانلا تۇرۇۋېتىكەنسىز.

—ھېلىغۇ ئۇنىڭ يىگىتى يوق ئىكەن، ئەگەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يىگىتى بىلەن دوئىلغا چۈشۈشتىنمۇ يانمىغان بولاتتىم.

—سىزنىڭ مۇنداق گەپدان، يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا بىلگەن بولساق، سىزنى بالدۇرلا يېزىغا قوغلار ئىكەنمىز.

—ئىشقىلىپ سىزگە يېلىنغىنىم — يېلىنغان، ياردىمىڭىزنى ئايىماسسىز؟ ئەسقەر بىلەن دېيىشىپ قويدۇم، ئەتە چۈشتىن كېيىن سىلەرنى ئالغىلى كېلىمىز.

## 9

رازىيە قولىدىكى مەن سوۋغا قىلغان ھېلىقى قىزىل ئالمىنى غەزەپ بىلەن ماڭا قارىتىپ ئاتقان ئىدى، دەل كېلىپ پېشانەمگە تەگدى، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىۋەتتىم...

—نېمە بولدى؟ قارا بېسىپ قاپتىمۇ نېمە سىزنى؟ تېز ئويغىنىڭ!

—ئىتتىك كۆزۈمنى ئاچسام ئابىدە مېنى يېنىك سىلكىپ ئويغىتىۋاتقان ئىكەن. شۇ چاغدىلا بايىقى ئىشلارنىڭ چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە يېنىك تىنىپ قويدۇم.

—مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولدىكىن ئاتا — بالا ئىككىڭلارغا؟ بىرىڭلار ئالما، بىرىڭلار مەمەم دەپ ھېچ ئارامىمنى قويمايۋاتىسىلەر.

مەن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن باشقا ئالامەتلەرنى سەزمىگەندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن

ئۈنىڭدىن سورىدىم.

— ئالما دەپ جۆيلىدىمۇ مەن؟

— مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولدىكىن سىزگە؟ ئۇخلىسىڭىزلا خۇددى «سىرلىق ئالما» فىلىمىدىكى خالىسخانىدەك «ئالما، ئالما» دەپ جېدەل قىلغىنىڭىز قىلغان. ھەر ھالدا ئېزىپ —تېزىپ بىرەر ئالمىچى قىزغا ئۇچراپ قالمىغانسىز؟

ئابدەنىڭ ماڭا سىرلىق تىكىلىشىدىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

— توۋا دەڭە ئابدە، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟ سىزنى خىجىل قىلماي دەپ دېمىگەن ئىدىم. سىزمۇ يېقىندىن بېرى ئاخشاملىرى «مەسە — كالاچ» دەپ مېنىمۇ ئۇخلاتمايۋاتىسىز. سىزمۇ بىرەر موزدوز بىلەن...

ئابدە مۈرەمگە يېنىك مۇشتلىغىنىچە ماڭا نازلىق تىكىلدى...

※ ※ ※

ئېيتىپ قوياي رازىيە، مەن سېنى سېنىڭ قىلغان ئەلەملىرىڭ ئۈچۈن ئۇنۇتقان ئىدىم. كۆيۈمچان ئايالىم، ئۇماق ئوغلۇم ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەمدى مېنى قىينىما، چۈشلىرىمگە كىرمە!

ئېسىڭدىمۇ رازىيە؟ مەن تەسەللىيگە، بولۇپمۇ سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە ئىنتىزار بولىۋاتقان شۇ كۈنلەردە مېنى خۇددى ئويناپ زېرىككەن قونچاقنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋەتكەن ئىدىڭ. ئۆزۈڭنىڭ كەلگۈسىنى، بەختىنى، ئابرۇيىڭنى دەپ مېنى تۈگىمەس ھەسرەت ئوتىغا مۇپتىلا قىلغان ئىدىڭ. شۇنداق قىلىشنى ھەقلىق دەپ قارىغان ئىدىڭ، غورۇرۇڭ كۆتۈرگەن ئىدى. لېكىن، مەنچۇ؟ بۇ ئالەمدە ئىنساننىڭ پۇل

— مېلى بىلەن ئويناشقانلارغا تېگىشلىك جازا بولغان بىلەن، ساڭا ئوخشاش ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ غورۇرى ۋە ھېسسىياتى بىلەن ئويناشقانلارغا جازا يوق ئىكەن. مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ ئويلىغان بولغىيتتىڭ؟ توغرا، مەن ھېچنېمە قىلالمىدىم، ساڭا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. پېتىنالمىدىم ئەمەس بەلكى ئۈلگۈرەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە، شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق ئىدىم. لېكىن، ئۆزۈمنى ئەمەس سېنى ئايىدىم رازىيە، بىلەمسەن، سېنى ئايىدىم. چۈنكى، سەن توي قىلىۋالغان ئىدىڭ. بۇ دۇنيادا دەردمەن بولۇپ ئۆتۈشكە چىدىدىمكى باشقىلارنىڭ ئۆيىنى بۇزغان چىدىماس دېگەن نامنى ئېلىپ قېلىشنى خالىمىدىم. ئەگەر توي قىلىشقا ئۈنچىلىك ئالدىراپ كەتمىگەن بولساڭ، ئەقەللىيسى قەلبىڭدە ئازراق بولسىمۇ ئورنۇم بولغان بولسا ئىدى، مېنى ئۆز ھالىڭدىن خەۋەردار قىلغان بولاتتىڭ. مەنمۇ ئۆز يولىدا ئىش كۆرگەن، جاپا تارتساممۇ سېنى بەختلىك قىلغان بولاتتىم. خەير، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى. ئۇ ئازابلىق كۈنلەرنى ئويلاپ ئۆزۈمنى يەنە ئازابلاپ يۈرمەي. سېنىڭدىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، ئەمدى بولسىمۇ چۈشۈمگە كىرمە. سېنى مېنىڭدىن ۋاز كەچتۈرەلىگىدەك ئىش ئورنىغا، پۇل —مال، چىراي— قامەتكە ئىگە ئېرىڭ بارغۇ؟ ئانىلىق مېھرىڭگە قانماي كېلىۋاتقان، مۇھەببىتىڭلارنىڭ مېۋىسى، بەختلىك ئائىلەڭلارنىڭ تۈگىمەس كۈلكىسى بولغان ئوغلۇڭ بارغۇ؟ مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭمۇ شۇلارنىڭ يۈزىنى قىل. كۆڭلۈمنى بۆلمە! خۇدا ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالماي. چۈشۈمگە كىرمە رازىيە، ئەمدى

بولسىمۇ چۈشۈمگە كىرمە!

قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە ھاياتىمدا نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. قانچىلىغان شېرىن مىنۇتلار، ئاچچىق ئەسلىمىلەر، كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەر ماڭا يار بولمىدى دەيسەن؟ ئاقىۋەت پەقەت ئاچچىق ئەسلىمىدىن باشقا ئېرىشىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدىم. لېكىن، شۇ مەھرۇملۇق ئىلكىدە يەنە كۈتۈلمىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشتىم. . .

ئىلگىرى مەن باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى سۆيۈشكە ئەڭ تېگىشلىك نىگارىم تەرىپىدىن تاشلاندىم دەپ ئازابلانغان ئىدىم. سېنى تىللىغان، سېنى قارغىغان ئىدىم. ياكى سەن ئاق كۆڭۈل نامەلۇم بىر قىزنىڭ ماڭا ئۆزۈڭ بېرەلمىگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى چىن قەلبىڭدىن ھېس قىلىپ، ۋىجدان ئالدىدا چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈڭنى چەتكە ئالدىڭمۇ؟ بۇنى بىلمىدىم! ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، شۇنداق ئويلاپ مېنى تاشلىغان، ئۆز مۇھەببىتىڭنى قۇربان قىلغان بولساڭ، سېنى چۈشەنمىگەنلىكىم، سېنى قارغىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئەپسۇسلىنىشقا ھەقلىقمەن. لېكىن، سەن ئۇنداق ئالىيجاناپلاردىن ئەمەسسەن! ئىشقىلىپ مەن ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل ۋاپادار قىز بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدۇم. بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشتىم، بالىلىق بولدۇم. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەندەك ھاياتىم مەنىلىك، خىزمەت ۋە تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە. مەن ئىلگىرى سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ئارقىلىق ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەختتىن سەن ئارقىلىق مەھرۇم قالغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە ئۆزۈم

تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن بەختتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. چۈشلىرىمگە كىرىپ ئەقلىمنى ئوغرىلايمەن دېمە! ئەقەللىيسى، چۈشۈمگە كىرىپ ئاۋارە بولۇپمۇ يۈرمە. چۈنكى، كونىلار شۇنداق ئېيتىدۇكى: «چۈش دېگەن ئۈيقۇنىڭ پوقى!»

10

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئوغلۇممۇ ئۈچ ياشقا كىرىپ قاپتۇ. يېزىدىن قايتىپ كېلىپ بىر مەكتەپنىڭ غېمى بېشىمغا كىلىپ قېلىشۇىدى، ئالدىراشلىق ئىلكىدە ۋاقتىنىڭ مۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ كۇنلەردە ئابىدەنىڭمۇ تاپا–تەنىلىرى ئوبدانلا كۆپىيىپ قالغان ئىدى.

—مەكتەپ، مەكتەپ دەپ ئۆيىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭىز،— دېدى ئابىدە بىر كۈنى تاماقتىن كېيىن،—قارىڭە، بالىمىزمۇ ئېڭەككە تاقاشقىلى تۇردى. يەنە مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، ئانا–بالىلارنىڭ ھوقۇق–مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئورۇنلارنىڭ چاقىرىق قەغىزى سىزنى موللا مۆشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويمىسۇن يەنە.

مەن ئابىدەنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلدىم. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ مېنىڭدىن ئاغرىنىشى ھەقلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ خىزمىتى ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۇستىگە بالام، كالام دەپ ھەممىگە يېتىشتى. مېنى قوللاپ بولسىمۇ ھەممىگە چىدىدى.

—خاپا بولماڭلار خوتۇن،—دېدىم مەن ھەييارلىق بىلەن ئۇنىڭ چىنىسىگە چاي جىقلاپ،—ئۇرۇمچىدىكى بىر

ھەپتىلىك ئۆگىنىشتىن قايتىپ كېلىپلا كۆڭلىڭىزدىكىدەك بىر ئىش قىلاي دەيمەن. سىز ساياھەت ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان بولغاندىن كېيىن يول باشلاش سىزدىن، ماشىنا ۋە قالغان تەييارلىق مەندىن بولسۇن. بالىمىز يەنىلا خوجايىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىسۇن. ئامال بار چوڭلارنىمۇ چاقىرىۋالايلى. يىراق-يىراقلارغا بېرىپ راسا كۆڭلىمىزنى ئېچىپ كېلەيلى. خىزمەت ئالدىراشچىلىقى بىلەن ئىزدىشەلمىگەن دوست-بۇرادەرلەرنى يوقلايلى. ھە راست، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە ئاز قالدى. قاراپ تۇرۇڭ سىزنى بىر ھەيران قالدۇرىۋەتمەيدىغان بولسام، قانداق، پىلانىم بولامدىكەن؟

ئاغزىمغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالغان ئايدە بىر پەستىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— قېنى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز.

※ ※ ※

كۆز ئالدىمدا ئىلگىرى مەن چىن يۈرەكتىن ئەقىدە باغلاپ سۆيگەن، پاك ھېسسىياتىم بىلەن تەلپۈنگەن، لېكىن، ئۆز بەختىنى دەپ مېنى ئالدىغان، ھىجران ئوتىدا قىينىغان، مېنى خۇددى كېرەكسىز نەرسىنى تاشلىغاندەك تاشلىۋېتىپ، پاك مۇھەببىتىمنى خورلىغان، مېنى تۇگىمەس دەرد — ئەلەمگە مۇپتىلا قىلغان ھېلىقى ۋاپاسىز رازىيە.

—ياق،—دەيتتى ئۇنىڭ ھېلىھەم كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇلاقتەك كۆزلىرى ئاچچىق پىچىرلاپ،—پاك مۇھەببىتى، ئوتلۇق ھېسسىياتى، سەمىمىي ئەقىدىسى بىر ۋاپاسىز، ساختىپەز تەرىپىدىن خورلانغان؛ سەۋەبسىز تاشلىۋېتىلىپ، يۈرەك باغرى لەختە-لەختە قان بولۇپ

قىينالغان، ئازابلانغان سەن ئەمەس بەلكى مەن.

— كۆز ئالدىمدىكى، مەن ئەمدىلىكتە بولسىمۇ يۈزمۇ—يۈز تىللاشقا، قارغاشقا تېگىشلىك بولغان ۋاپاسىز — رازىيە.

—ياق،— دەيتتى ئۇنىڭ ھېلىقى كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا،—ئۇنداق قىلىشقا ئەسلى سەن ئەمەس مەن ھەقلىق. چۈنكى، مەن كەلگۈسى بەختىمىز ئۈچۈن ئاخىر سېنىڭ يۇرتۇڭغا يۆتكىلىش ھەققىدە سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتىم. ئالدىنئالا خەت ئارقىلىق ساڭا خەۋەر بېرىۋەتمەسلىكتىكى سەۋەب سېنى تۇيۇقسىزلا خۇش قىلىۋېتىش ئىدى. ئەپسۇس، مەن سېنى بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. خېتىڭنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. خېتىڭدە تويۇڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئىككىلەنمەي، ئىزا تارتماي تۇرۇپ ئېنىق يېزىپسەن. ئىش كۆرمىگەن ساددا بىر قىز ئۆز يىگىتىنىڭ ئۆزىنى سەۋەبسىزلا تاشلىۋېتىپ، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىدىن تۇيۇقسىز خەۋەر تاپسا قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى سەن مەڭگۈ ھېس قىلالمايسەن. يىغلىدىم، قاقشىدىم، دەرھال بېرىپ ئەپتى—بەشىرەڭنى ئېچىپ، تويۇڭنى بۇزىۋەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، تەقدىرگە تەن بەردىم. راستىنى دېگەندە، سەن مېنى ئويلىمىغان بىلەن مەن يەنىلا سېنى ئويلىدىم، ئاخىر.

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە زەردە بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سوئال قويدۇم.

—مېنى ئۆزىتىپ قويۇپلا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قوينىغا ئاتقان ۋاپاسىز ئەمدىلىكتە مەن بولۇپ قالدىممۇ؟ مېنى ھېچ

بولمىغاندا يېرىم يىل بولسىمۇ ساقلىيالمىدىڭغۇ؟ ئەگەر دەل ۋاقتىدا كەلگەن ئاشۇ بىر پارچە خەت سەگىتىپ قويمىغان بولسا، مەن قاچانغىچە سېنىڭ ئالدام خالتاڭدا تىپچەكلەپ يۈرەرمەنكىنتاڭ؟ ھەر نېمە بولسا مەن تويۇمنى سېنىڭدىن بىر نەچچە يىل بولسىمۇ كېچىكىپ قىلدىم.

—كىمنىڭ تويىنى؟ قايسى خەتنى دەيسىز؟—ئۇنىڭ چىرايلىرى ئاقىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

—سېنىڭ تويۇڭنى ۋە مېنى سېنىڭ تويۇڭدىن خەۋەرلەندۈرگەن خەتنى دەيمەن،—مەن ئاچچىق كۈلدۈم،—ئاللىبۇرۇن بىر بالىغا ئانا بولۇپ قېلىپمۇ تېنىۋالماقچىمۇ؟

— مېنى بۇنچىلىك ھاقارەتلىمەڭ، —ئۇ ئۆكسۈپ — ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى،—مەن . . . مەن تېخىچە توي قىلمىدىم.

كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزدىن شۇئان نېرۋىلىرىم تورمۇزلىنىپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئاھ! خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمە تارتقۇلۇق؟ مەن يەرگە زوڭلا ئولتۇرۇپ قالدىم . . .

—ئۇنداقتا ھېلىقى خەت؟

رازىيە بېشىنى ئۇزاق چايقىدى ۋە ئازاب بىلەن كۈلدى.

—مۇھەببىتىمىزگە ئىشەنمەي بىر پارچە نامسىز خەتكە ئىشەنگەن ئوغۇل بالا سىز بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىگە يىغلىماي نېمە ئامال؟ تەقدىرگە شۇنچىمۇ ئاسان تەن بەرگەن بارمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا ئەمەلىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشنى بولسىمۇ ئويلاش كېرەك ئىدىغۇ كىشى؟

※ ※ ※

ئۇلارنىڭ دىئالوگى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى. لېكىن، ئاپتور ئۇلارنىڭ ئايرىلىش، ھىجران، ئازاب ھەدىگا تويۇنغان قەلب سىرلىرىنى يەنىلا كىتابخانلارنىڭ قىياس قىلىپ بېقىشىغا قالدۇردى. ئۇلارنىڭ قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ گەپنى ئۇزارتىشنىمۇ خالىمىدى. لېكىن، رازىيەنىڭ خوشلىشىش ئالدىدا قىلغان مۇنۇ سۆزىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتى ...

—خەير، ئۆتكەن ئىشلار ھامان ئۆتمۈش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنتۇش ياكى ئەسلەش ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق كېيىنكى ئىش. بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىمىزمۇ، بەلكىم، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىندۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىش بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنىمەن. مەن بۈگۈنگە كەلگىچە سىرلىق شۇنداقلا بىر خىل شېرىن ئۈمىد ئىلكىدە ياشاپ كەلگەن ئىدىم. بەلكىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن ئۇچۇندۇر، ئامان بولۇڭ. بۇ رەزىل رېئاللىققا پاك جىسمىمىز، ساپ ئەقىدىمىز بىلەن جاۋاب قايتۇرايلى. مۇھەببەت دۈشمەنلىرىمىزنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر!

## خاتىمە

ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۈنى رازىيەدىن كەلگەن پوسولكىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم ۋە كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. چۈنكى، كۆز ئالدىمدا مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى سوۋغا قىلغان ھېلىقى . . .

مەن رەڭلىك قەغەزنى ئاۋايلاپ يېشىپ ھېلىقى ساندۇقچىنى ئاچتىم. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، قوللىرىم تىترەيتتى. مەن ساندۇقچە ئىچىدىكى قىزىل قولياغلىقنى ئاچتىم ۋە ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم.

— ئالما، ئاھ! قاق بولغان ئالما!

مەن رازىيەنىڭ ئوتلۇق ھىدى بىلەن قاق بولۇپ كەتكەن ئالمىنى قولياغلىق بىلەن قوشۇپ كۆزۈمگە سۈرتتۇم، قانماي پۇرىدىم ھەمدە قولياغلىقنى يېيىپ ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدىم. تۇيۇقسىز كۆزۈم رەڭگى ئاللىبۇرۇن ئۆزگىرىپ، ئالما پوستىدىن ئاجراپ كەتكەن كىچىك بىر قەغەزچىگە چۈشتى ۋە ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ ئۈنسىز ئوقۇدۇم.

«ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»

مەن تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ئىلكىدە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم ... رازىيەنىڭ ماڭا يازغان ئىككىلىك خېتى يۈرەك— باغرىمنى لەختە— لەختە قىلىۋەتتى!

«مەن سىزنىڭ سوۋغىڭىزنى قايتۇرۇپ بەردىم ئەمەس، بەلكى، ھىجران ئوتىدا ئۆرتىنىپ، قاق بولۇپ كەتكەن يۈرىكىمنى ئەۋەتتىم. ئەمدىلىكتە مەن ئاسمىنىڭىزدىن ھەقىقي ساقىغان يۇلتۇزىڭىزدۇرمەن. ئاخىرىدا سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئاشۇ بەختسىز يۇلتۇزنى ئەسلەشكە بولىدۇكى ھەرگىز ئىزدەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ماكانى ئەمدىلىكتە سىزدىن بەكمۇ— بەكمۇ يىراقتا. ئۆزىڭىزنى، بەختلىك ئائىلىڭىزنى قەدىرلەڭ. مەن سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە چەكسىز بەخت تىلەيمەن. ئامان بولۇڭ!»

مەن ئازابلىق ئەسلىمىلەر ئىلكىدە خەتنى سىقىمداپ

قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. بىر چاغدا ئابدەنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

«قېنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز»

مەن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئورنۇمدىن دەست تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئۆز — ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:

—مەڭگۈ ئامان بولۇڭ رازىيە. ئاللاھ سىزگە مەن تىلىگەندىنمۇ ئارتۇق بەخت ئاتا قىلغاي. سىزنىڭ ئۆتۈنۈش ۋە تىلەكلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن!

ئىشخانىدا بىلىنەر بىلىنمەس ئالما ھىدى پۇرايتتى…

مۇھەررىر : ئىلھام سەدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىر : قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور : تۇرغۇن جالالىدىن
تېخرىداكتور : خاتىمە ئېلى

## ئەلۋىدا، ئايجامال
(پوۋېستلار)

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 10.5
**سانى** : 2000 ـ 0001
**باھاسى** : 14.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据


别了，艾加玛丽/土尔洪等著.
—北京：民族出版社，2006.5
ISBN 7-105-07718-2

Ⅰ.别… Ⅱ.土… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代
—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052439 号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：乌鲁木齐光彩印刷厂
版　　次：2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米
印　　张：10.5
印　　数：0001-2000 册
定　　价：14.00 元

باش تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا
مۇھەممەت شاھنىياز
تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا
تۇرغۇن جالالىدىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : تۇرغۇن جالالىدىن
بەتچىك: خاتىمە ئېلى



ISBN 7-105-07718-2

9 787105 077182 >

ISBN 7-105-07718-2/I · 1671
民(维 243)　　定价：14.00 元